مۇھەممەد بارات تەشنايى



4

مۇقامچىلار بوستانى

# مۆجزى

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

تارىخىي شەخسلەر ھەققىدە ھېكايىلەر 3

مۇقامچىلار بوستانى مۆجزى

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

ISBN7 - 228 - 08012 - 2
套价:30.00元

رەسىمنى ئىشلىگۈچى : مۇراددىل ئابىد

مۇقاۋىسىنى لايىھەلىگۈچى : مۇراددىل ئابىد

## تارىخىي شەخسلەر ھەققىدە ھېكايىلەر 3

1. بۈيۈك بۇددا ئالىمى —— كومراجىۋا
2. بۈيۈك تىلشۇناس —— مەھمۇد قەشقەرى
3. مەنىلەر خەزىنىسى —— ئەلشىر نەۋائى
4. مۇقامچىلار بوستانى —— مۆجزى
5. تارىخنىڭ كۆزى —— موللا مۇسا سايرامى

ISBN 7-228-08012-2

9 787228 080120 >

4

تارىخىي شەخسلەر ھەققىدە ھېكايىلەر 3

مۇھەممەت بارات تەشنايى

مۇقامچىلار بوستانى

# مۆجىزى

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

# كىرىش سۆز

مولla ئىسمەتۇللا بىننى نېمەتۇللا مۆجىزى 1820 - يىلى خوتەن ناھىيە لايقا يېزىسى يايلىغان مەھەللىسىدە، ئۆز دەۋرىنىڭ ئالىمى بولۇپ تونۇلغان ئۆلىما نېمەتۇللا ئائىلىسىدە دۇنياغا كېلىپ، تەخمىنەن 1899 - يىلى ئالەمدىن ئۆتكەن. 1854 - يىللىرى، ئەينى دەۋردىكى خوتەننىڭ ھاكىمبېگى ئەلىشىر ھېكىمبەگنىڭ ھاۋالىسىگە ئاساسەن «تەۋارىخى مۇسىقىيۇن» (مۇزىكانتلار تارىخى) ناملىق كىتابىنى يېزىپ چىققان. مۆجىزى بۇ ئەسىردە ئون يەتتە نەپەر مۇزىكا ئۇستازى ئۇستىدە توختالغان بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە قېدىرخان يەركەندى بىلەن مەلىكە ئامانىنىساخان (نەفىسى) توغرىسىدىكى مەلۇماتلىرى، بىزنىڭ مەدەنىيەت تارىخىمىزدا بۇ شەخسلەر توغرىسىدىكى تۇنجى يازما ماتېرىيال بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. شۇنداقلا، ئۇ «ئىشرەت ئەنگىز» مۇقامىنى سۇلتان ئابدۇرېشىتخان ئەمەس، بەلكى مەلىكە ئامانىنىساخاننىڭ ئىجاد قىلغانلىقىنى مۇقىملاشتۇرىدۇ.

شائىر، مۇزىكا ئۇستازى، تارىخچى ئىسمەتۇللا مۆجىزى ئەلىشىر ھېكىمبەگنىڭ ھۇزۇرىدا مىرزا بەگلىك مەنسىپىدە ئولتۇرغاندا، خوتەننىڭ مەدەنىيەت، ئەدەبىيات، سەنئەت ئىشلىرىنىڭ تەرەققىي قىلىشى ئۈچۈن ناھايىتى كۆپ ئەقىل كۈچىنى سەرپ قىلغان. ئۆزىنىڭ پۈتۈن ئۆمرىنى

مۇزىكىغا — «12 مۇقام» غا، ۋە شېئىرىيەتكە بېغىشلىغان. خەلقنىڭ يىغىسىنى يىغلاپ، كۈلكىسىنى كۈلۈپ، كۆپلىگەن شېئىرلارنى يازغان بولسىمۇ، يىللارنىڭ رەھىمسىز بورانلىرى، بۇ مۇبارەك زاتنىڭ يۇقىرىدا ئىسمى تىلغا ئېلىنغان كىتابىدىن باشقا ئەسەرلىرىنى ھەر ياقلارغا ئۇچۇرۇپ كەتكەن. ئۇنىڭ بىز بىلەن يۈز كۆرۈشۈشكە نېسىپ بولمىغان ئەسەرلىرى، بىز ئىلىم مۇخلىسلىرىنىڭ داۋاملىق تەكشۈرۈپ قۇتقۇزۇۋېلىشىمىزنى كۈتۈپ تۇرۇپتۇ.

## مۇندەرىجە


بىرىنچى باب تىلەك ...... 1

ئىككىنچى باب ئىلىم ئىشقىدا ...... 16

ئۈچىنچى باب تارىشىغا يېزىلغان بېيىت ...... 36

تۆتىنچى باب ئالتۇننىڭ قەدرىنى زەرگەر بىلىدۇ... 51

بەشىنچى باب ئەل غېمى ...... 77

ئالتىنچى باب يىگىت ئاشىق ...... 102

يەتتىنچى باب ئىزدىنىش ...... 123

سەككىزىنچى باب ئەل ئارىسىدا ...... 165

توققۇزىنچى باب قاباھەتلىك چۈش ...... 191

ئونىنچى باب خاتىمە ...... 207

# بىرىنچى باب تىلەك

## 1

خوتەن شەھىرىنىڭ يىگىرمە نەچچە كىلومېتىر جەنۇبى، قاراقاش دەرياسىنىڭ يۇقىرى ئېقىنىنىڭ شەرقىدە سۇيۇق ئەلۋەك بىر پارچە يېشىل بوستانلىق ئۆزىنىڭ ياڭاق، ئۈزۈم، ئەنجۈر قاتارلىق مېۋىلىرىنىڭ سەرخىللىقى بىلەن كىشىلەرنىڭ دىققىتىنى ئۆزىگە تارتىپ تۇرىدۇ. بۇ يەر – لايقا يېزىسى. بۇ جاينىڭ يايلىغان كەنتىدە ئولتۇرۇشلۇق بويى پاكار، قاڭشارلىق، يۈزى سەل ئۇزۇنچاق، كۆزلىرىدىن ئەقىل – پاراسەت نۇرلىرى تۆكۈلۈپ تۇرىدىغان موللا نىمەتۇللا، ئۆزىنىڭ ئەخلاق – پەزىلىتى، غېرىب – غۇرۋالارنىڭ بېشىنى سىيلايدىغان، قولى ئوچۇق، كۆكسى – قارنى كەڭ ئېسىل پەزىلىتى، شۇنىڭدەك مول بىلىمى بىلەن يېقىن – يىراقتىكى كىشىلەرنىڭ ھەممىسىگە تونۇشلۇق ھەم ئۇلارنىڭ ھۆرمىتىگە سازاۋەر ئىدى. موللا نىمەتۇللا باشلانغۇچ بىلىمىنى دادىسى رەھمەتۇللادىن ئالغاندىن كېيىن 1760 – يىللىرى قەشقەر خانلىق مەدرىسىگە بېرىپ ئەرەب تىلى، پارس تىلى، ئەدەبىيات، تارىخ، شەرىئەت ئىلمى، ئىلمي پاساھەت، ئىلمي مەنتىقە... قاتارلىق ئىلىملەرنى قېتىرقىنىپ ئۆگىنىپ، مۇدەررىس ۋە تالىپلارنىڭ چوڭقۇر ھۆرمىتىگە نائىل بولدى.

ئۇ يەنە مۇزىكا، شېئىرىيەت ۋە خەتتاتلىقتا خېلىلا كامالەت ئىگىسى ئىدى. ئۇ قەشقەردىكى بىلىم تەھسىل قىلىشنى مۇۋەپپەقىيەتلىك تاماملاپ، ئانا يۇرتى لايقىنىڭ يايلىغانغا قايتىپ كېلىپ مۇدەررىسلىك قىلىپ، كۆپلىگەن ياش بوغۇنلارنىڭ سەبىي قەلبىگە ئىلىم - مەرىپەت، ھەق - ئادالەت چىرىغىنى ياقتى. شۇڭا ئۇنىڭ نامىشەرىپى ئۆز دەۋرىنىڭ بىر ئالىمى سۈپىتىدە مەشھۇر ئىدى. ئۇ كىشىلەرگە ئىللىق مۇئامىلە قىلاتتى. تالىپلارغا تەلەپنى قاتتىق قويۇپ تەربىيىلەيتتى. ئۇ يىگىرمە ياشقا كىرگەن يىلى خۇش تەبىئەتلىك، مۇلايىم، باغرى يۇمشاق، نازاكەتلىك تىللا خېنىم بىلەن توي قىلدى.

تىللا خېنىم بوي - تۇرقى سەرۋى سۈپەت، بىر جۈپ يوغان قارا كۆزلىرىدىن مېھرىبانلىق يېغىپ تۇرىدىغان، گەپ - سۆزى سىلىق، يۈزى تۇۋەن قىز بولۇپ، مۇشۇ يۇرتلۇق كاتتا ئۆلىما سەدىردىن قارىنىڭ قىزى ئىدى. ئىللىق ئائىلە، بەختلىك تۇرمۇش بۇ بىر جۈپ كېلىشكەن ئەر - ئايالغا ئارقا - ئارقىدىن ئۈچ قىز ئاتا قىلدى. موللا نېمەتۇللامۇ، تىللا خېنىممۇ ھەرۋاخلىق نامىزىدىن كېيىن جايىنامازدىن قوپماي ئولتۇرۇپ ئاللاتائالادىن ئۆزلىرىگە بىر ئوغۇل پەرزەنت بېرىشىنى تىلەيتتى. «ياراتقان ئىگەم مەندەك بىر مۆمىن قۇلۇڭنىڭ تىلىكىنى قوبۇل قىلىپ، بىر ئوغۇل پەرزەنت ئاتا قىلغايسەن. ئۇ مېنىڭ چىرىغىمنى ياندۇرۇپ، ھايات ئىزلىرىمنى ئۆچۈرمىسە، كىتابلىرىمنى ئەتىۋارلاپ، ئىلىم - مەرىپەت، دىنىي ئىسلام يولىدا مېڭىپ، ساۋابلىق ئىشلارنى قىلسا، ئۆلۈپ كەتسەممۇ ئارمانسىز كېتەتتىم. ئۇلۇغ خۇدا تىلىكىمگە



يەتكۈزگەيسەن! ...» دەيتتى ئۇ ھەر قېتىمقى دۇئاسىدا كۆزلىرىگە ياش ئالغان ھالدا.

ئاخىر ئۇلارنىڭ تىلىكى ئىجاۋەت بولۇپ، 1820 - يىلى 5 - ئايدا، تىللا خېنىم بىر ئوغۇل پەرزەنت تەۋەللۇت قىلدى.

بۇ ئىش پۈتۈن ئائىلىگە خۇشاللىق ئېلىپ كەلدى: موللا نېمەتۇللا، تىللا خېنىم ۋە ئۇلارنىڭ پەرزەنتلىرى، ئۇرۇق - تۇغقانلار ھەممىسى شۇنچىلىك خۇشال بولدىكى، نەچچە كۈنگىچە ئۇچرىغانلىكى ئادەمگە بۇ خەۋەرنى دەپ يۈردى. بولۇپمۇ، موللا نېمەتۇللا جايىنامازدا ئولتۇرۇپ ئۇزۇندىن - ئۇزۇن دۇئا قىلىپ، ئاللاغا كۆپ ھەمدۇسانا ئوقۇدى، روھى كۆتۈرەڭگۈ، كۆڭلى خۇشال يۈردى. ئۇنىڭ كۆزىگە ھەممە نەرسە: يىراقتا كۆرۈنۈپ تۇرغان ھەيۋەتلىك قارا قۇرۇم تاغلىرى، يېشىللىققا پۈركەنگەن ئېتىزلىق، يولنىڭ ئىككى چېتىگە رەتلىك سېلىنغان ياڭاقزارلىق، ئۆيىنىڭ ئالدىدا شىلدىرلاپ ئېقىپ تۇرغان سۈپسۈزۈك سۇ، ئېرىق بويلىرىدىكى رەت - رەت سۆگەتلىك، سۈزۈك ئاسماندا لەيلەپ يۈرگەن ئاپئاق بۇلۇتلار، يايلاقتىكى مەخمەلدەك ئوت - چۆپ، ئوتلاۋاتقان تۈرلۈك چارۋىلار، دانلاۋاتقان ئۇچار قۇشلار... ھەممىسى شۇنداق گۈزەل كۆرۈنەتتىكى، ئۇلارغا پۈتۈن ئىشقى بىلەن تويماي قارايتتى. بۇلارغا قاراپ ئۆزىنىڭ خۇشاللىقىنى غايىۋانە ھالدا بايان قىلاتتى. ئۇنىڭغا يەنە، بۇدرۇق ئوغلىنىڭ يېپىپ قويغان كۆرپىنى تېپىپ ئېچىۋېتىشى، يىغلاپ ئۆينى بېشىغا كىيىشى، قاراقاش دەرياسىنىڭ شاۋقۇن سېلىپ ئېقىۋاتقان سۈزۈك سۇلىرىنىڭ ئاۋازى، قوي، كالىلارنىڭ مەرەشلىرى، ئاتلارنىڭ

كىشنەشلىرى، تۆمۈچۈق، قۇشقاچلارنىڭ سايراشلىرى، ھويلىسىدىكى كەپتەرلىرىنىڭ ئۈنلەشلىرى… يېقىملىق مۇزىكىدەك ئاڭلىناتتى. موللا نېمەتۇللا بۇ خۇشاللىق ئىچىدە ئالتە كۈننىڭ قانداق تېز ئۆتۈپ كەتكەنلىكىنى تۇيمايلا قالدى. ئەتە يەتتىنچى كۈنى، ئوغلىغا ئىسىم قويمىسا بولمايتتى. شۇڭا ئۇ بۈگۈن ئۆزىنىڭ ھەمسۆھبەت دوستلىرىدىن: لايىقىدىن زىكرۇللا ئاخۇنۇم، خانئېرىقتىن ئېلياس قارى، تۇساللىدىن زەينۇللا ھاجى، خوتەن شەھىرىدىن موللا بىلال[1] قاتارلىق ئۆلىمالارنى ئوغلىغا ئىسىم قويۇش ئۈچۈن مەسلىھەتكە چاقىردى. مېھمانلار ئوتقاشتەك گىلەم ئۈستىگە سېلىنغان كۆرپىدىن ئورۇن ئالدى. ئازادە، يورۇق مېھمانخانا ئۆيىنىڭ چوڭ دېرىزىسى باغقا ئېچىلغان بولۇپ، دېرىزىدىن ئۆرۈك، ئالما چېچەكلىرىنىڭ ھىدى سالقىن شامال بىلەن قوشۇلۇپ ئۆيگە كىرىپ تۇراتتى. چوڭ سېلىنغان داستىخانغا پىستە - بادام، مېغىز، ھەسەل، گۈلقەنت، قاتارلىق ھەرخىل نازۇ نېمەتلەر تىزىلغانىدى. مېھمانلار قىزغىن سۆھبەت بىلەن تىللاخېنىم بېھى، قوي گۆشى بېسىپ ئوخشىتىپ ئەتكەن پولونى يەپ تۈگەتتى. ئەمدىلىكتە ئۇلار چاي ئىچكەچ دوستى موللا نېمەتۇللانىڭ ئوغلىغا قانداق ئىسىم قويۇش ھەققىدە پاراڭغا چۈشتى.

— ئۇستاز ئەلىشىر نەۋائىغا دادىسى غىياسىدىن ئىسىم قويغاندا، قېيىنىسى ئەلىنىڭ خۇشخۇي مىجەزى، شېئىر

① موللا بىلال ئىبنى يۇسۇپ خوتەنى - 18- ئەسىرنىڭ ئاخىرى، 19 - ئەسىرنىڭ باشلىرىدا ياشىغان شائىر. ئۇنىڭ «دىۋان بىلال» ناملىق 1138 مىسرا شېئىردىن تۈزۈلگەن شېئىرلار توپلىمى بار.



يېزىش، سازەندىچىلىك ماھارىتى، خەتتاتلىق قابىلىيىتىنى نەزەرگە ئېلىپ، ئەلىنغا ئوخشاش شائىر، پازىل ئادەم بولسۇن، دەپ ئەلى، شىردەك كۈچلۈك، جەسۇر ئادەم بولسۇن دەپ «شىر»نى قوشۇپ ئەلىشىر دېگەن مۇبارەك ئىسىمنى قويغان، - دېدى موللا بىلال ئالدىدىكى چايدىن بىر يۇتۇم ئوتلاپ، - شۇڭا نېمەتۇللانىڭ بۇ ئوغلىغا، ئوبدان ئويلىنىپ ناھايىتى ياخشى ئىسىمدىن بىرنى تاپايلى. ئۇمۇ ئۇستاز نەۋائى ھەزرەتلىرىدەك ئىستېداتلىق، پازىل كىشى بولغاي، ياخشى نامى، ئىجاد - مېھنەتلىرى، گۈزەل ئەخلاقى، پەزىلەتلىرى ئەل ئارىسىغا تارىغاي!

— موللا بىلال دۇرۇس ئېيتتى، — دېدى زەينۇللا ھاجى بىر ئاز ئويلىنىۋالغاندىن كېيىن، — پەرزەنتكە گۈزەل، مەزمۇنلۇق ئات قويۇش، ئاتا - ئانىنىڭ مۇھىم مەجبۇرىيىتىدۇر. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ھەر قانداق بالا ئىسلام دىنى ئۈستىگە تۇغۇلىدۇ. ئۇ بالىنى ئاتا - ئانىسى ياكى يەھۇدىي قىلىدۇ ياكى ناسارا قىلىدۇ ۋە ياكى مەجۇسىي قىلىدۇ.»[1] دەيدۇ. ئېنىقكى، ئاتا - ئانا پەرزەنتكە مەزمۇنلۇق، مۇسۇلمانچە ئات قويۇپ، ئىسلام نۇرى ئاستىدا ياخشى تەربىيىلەپ چىقسا، ئۇنىڭ مۇكاپاتى مۇشۇ دۇنيادا، ۋە قىيامەت كۈنى چوقۇم كۆرۈلىدۇ. ئەگەر ئۇنداق قىلالمىسا، بالا يا ئىماندا، يا ئىلىمدە يوق ئېتىقادسىز، ساپاسىز، ئەخلاقسىز بولسا، بۇنداق پەرزەنت ئاتا - ئانىنى بۇ دۇنيادىمۇ پاراكەندە قىلىدۇ، ئۇ دۇنيادىمۇ جازاغا

① بۇخارى رىۋايىتى

ئۇچرىتىدۇ. موللا نىمەتۇللانىڭ ئوغلىنى قانداق تەربىيىلەشكە گەپ كەتمەيدۇ. ئۇ بۇ جەھەتتە ھەممىمىزدىن ئۈستۈن تۇرىدۇ. بىز پەقەت مۇۋاپىق ئات قويۇشۇپ بەرسەك مۇسۇلمانلىق، دوستلۇق بۇرچىمىزنى ئادا قىلغان بولىمىز.

مېھمانلار ھەر بىرلىرى ئۆزى مۇۋاپىق دەپ قارىغان ئىسىملارنى ئوتتۇرىغا قويۇپ مەنىسىنى يېشەتتى، بىرى بىرىدىن مەزمۇنلۇق، چىرايلىق ئىسىملارنى موللا نىمەتۇللا بىر پارچە ئاق قەغەزگە يېزىپ چىقتى. ئاخىرىدا مۇشۇ ئىسىملار ئارىسىدىن موللا نىمەتۇللا ئۆزى ئوتتۇرىغا قويغان «ئىسمەتۇللا» دېگەن ئىسىم تاللاندى.

— ئىسمەتۇللا - ئاللانىڭ پاك كىشىسى دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ. مۇشۇ ئاتنى قويساق ئەڭ مۇۋاپىق بولغۇدەك، — دېدى ئىلياس قارى.

مېھمانلار قوشۇلدى. ئۇلار ئىسمەتۇللانىڭ كەلگۈسىدە ئىمان - ئېتىقادى بار، بىلىمدە پازىل، ئەدەپ - ئەخلاقلىق ئۆسۈپ يېتىلىشىنى تىلەپ دۇئاغا قول كۆتۈرۈشتى. موللا نىمەتۇللا ئاللاتائالانىڭ تىلىكىنى قوبۇل قىلىپ مۇشۇنداق بىر ئوغۇل پەرزەنت بەرگەنلىكىدىن قانچىلىك مەمنۇن بولغان بولسا، يەنە شۇ ئاللاتائالانىڭ ئوغلى ئۈچۈن مۇشۇنداق مەزمۇنلۇق، گۈزەل ئىسىمنى زېھنىگە سالغانلىقىدىن ئالەمچە خۇشال ئىدى.

ئىسمەتۇللا تۇغۇلۇپ قىرىق كۈندىن كېيىن، نىمەتۇللا ئاخۇنۇم پۈتۈن لايىقا كىشىلىرىنىڭ ھەممىسىنى دېگۈدەك چاقىرىپ، ئوغلىنىڭ ئات تويى مەرىكىسىنى داغدۇغىلىق ئۆتكۈزۈپ بەردى.



## 2

ئىسمەتۇللا ئىككى ياشتىن ئاشقاندىن تارتىپ، دادىسىنىڭ قۇچىقىغا چىقىپ ئولتۇرۇپ، ئائىلىسىدە پات - پات ئۆتكۈزۈلۈپ تۇرىدىغان مۇقام، شېئىرىيەت ۋە دىنىي ئىسلام توغرىسىدىكى ئولتۇرۇش ۋە سۆھبەتلەرگە قاتناشتى. بولۇپمۇ ئۇنى تەربىيىلەشكە تىللاخېنىم ئالاھىدە كۈچ سەرپ قىلدى. خۇش تەبىئەتلىك، ئاق كۆڭۈل، ئەمما تەلەپچان ئانا بوش ۋاقىت تاپسىلا كىتاب ئوقۇپ بېرىپ كىچىك ئىسمەتۇللانىڭ زېھنىنى ئېچىشقا تىرىشاتتى. ئۇ «قۇرئان كەرىم» نى، شۇنىڭدەك نەۋائى، لۇتپى، شەيخ سەئدى، خوجا ھاپىز شىرازى قاتارلىق ئۇستازلارنىڭ دىۋانلىرىنى قايتا - قايتا ئوقۇپ مۇتالىئە قىلاتتى. بۇ خىل قويۇق ئەدەبىيات، مۇزىكا، دىنىي تۇس ئالغان ئائىلە مۇھىتى كىچىك ئىسمەتۇللانىڭ بىغۇبار قەلبىگە ئىلىم - مەرىپەت، مۇقام - سەنئەت، دىنىي ئىسلام ئوتىنى كۈندىن - كۈنگە تۇتاشتۇردى.

ئىسمەتۇللا يەتتە - سەككىز ياشلارغا قەدەم قويغۇچە ئائىلىسىدە ئانىسىدىن قاتتىق تەلەپ ئاستىدا تەلىم ئالدى. تىللاخېنىم كىچىك ئىسمەتۇللانىڭ قىزىقىشلىرىغا، ھەۋەسلىرىگە ئالاھىدە كۆڭۈل بۆلەتتى. ئۇنىڭ قىزىقارلىق، كىشىنى ئويغا سالىدىغان ھەر بىر سوئاللىرىغا ئەستايىدىل جاۋاب بېرەتتى. ئۇ ئائىلىدە ئانىسىدىن ساۋاتىنى چىقىرىپ بولغان بولۇپ، ئانىسىنىڭ تاپشۇرۇقى بىلەن نەۋائى قاتارلىق پىر - ئۇستازلارنىڭ بالىلىق ھاياتىغا ئائىت قىزىقارلىق ھېكايىلەرنى ئوقۇيتتى. ئۇ سەككىز ياشقا قەدەم قويغان

1828 ـ يىلى، يايلىغاندىكى دېھقان بالىلىرى بىلەن بىللە دادىسى موللا نىيمەتۇللانىڭ قولىدا ئوقۇدى. دەم ئېلىش كۈنلىرى دادىسى مىنگەن ئاتنىڭ ئالدىغا مىنگىشىپ، قىش كۈنلىرى ئىت تالاشتۇرغان يەرگە، كۈز كۈنلىرى سەھۋالىمغا زىيارەتكە باردى. بولۇپمۇ، سەھۋالىمدىكى دىنىي تۇس بىلەن مول ـ هوسۇل شادلىقى ئارىلىشىپ كەتكەن تۈرلۈك كۆڭۈل ئېچىش، ئوغلاق تارتىشىش، خوراز، قوچقار سوقۇشتۇرۇش پائالىيەتلىرىگە ئۇ شۇنچىلىك ھەۋەس بىلەن قارايتتى. بۇ ھەقتە ئۇ دادىسىدىن تۈرلۈك سوئاللارنى سورايتتى. بولۇپمۇ، ئۇنىڭ قەلبىنى بىئارام قىلىدىغىنى ئىت تالاشتۇرۇش ئىدى. يامانراق ئىت تەرىپىدىن بولۇشچە تالىنىپ، بەدىنى قانغا بويالغان، يارىسىدىن ئۇستىخانلىرى كۆرۈنۈپ قالغان بىچارە ئىتقا قاراپ ئىچى سىيرىلسا، ئىت ئىگىلىرىدىن، مۇشۇنداق ئويۇننى كۆرۈپ خۇشال بولغان كىشىلەردىن نەپرەتلىنەتتى. ئىسمەتۇللانى ئەڭ قىزىقتۇرىدىغىنى، پات ـ پات ئائىلىسىدە ياكى دادىسىنىڭ يېقىن دوست ـ بۇرادەرلىرىنىڭ باغ، ئۆيلىرىدە ئۆتكۈزۈلۈپ تۇرىدىغان مەشرەپ، بۇ يەردە ئورۇنلانغان ئاجايىپ سېھرىي كۈچكە ئىگە مۇقاملار ئىدى. موللا نىيمەتۇللامۇ يېتىلگەن سازەندە بولۇپ، ئۇنىڭ قولىغا چىققان تەمبۇر باشقىچە مۇڭ بىلەن سايرايتتى.

«قاچان مەنمۇ تەمبۇرنى دادامدەك چالالايدىغان، غەزەلنى دادامدەك ئوقۇيالايدىغان بولارمەن؟» دەپ ئويلايتتى ئۇ ئۆزىنى ئۇنتۇغان ھالدا تەمبۇر چېلىۋاتقان دادىسىغا ھەۋەس بىلەن قاراپ.

ئىسمەتۇللا مېۋە ـ چېۋىلەر پىشىپ تۆكۈلۈپ تۇرىدىغان 8 ـ ئاينىڭ ئاخىرقى بىر كۈنى دادىسى بىلەن تۇساللىغا ـ



زەينۇللا هاجىنىڭ ئازادە قورۇسىغا كەلدى. ئۇ بۈگۈن شۇنداق خۇشال ئىدى. يولدا كەلگۈچە دادىسىدىن كۆپ نەرسىلەرنى سورىدى. ئۇ ئادەمنىڭ خىيالىغا كەلمەيدىغان سوئاللارنى سوراپ خېلى چوڭ كىشىلەرنىمۇ تەمتىرىتىپ قويۇاتتى. موللا نىيمەتۇللا ئوغلىنىڭ زېھنىنىڭ ئۆتكۈرلۈكىگە، دادىل پىكىر قىلىشىغا، ئۆزگىچە نەرسىلەرگە قىزىقىشىغا قايىل ئىدى. ئۇ ئوغلىنىڭ سورىغانلىرىغا ئەستايىدىل جاۋاب بېرەتتى، بەزىدە ئوغلىنى سىنىماق بولۇپ، ئۇنىڭدىن ياندۇرۇپ سوئال سورايتتى.

— دادا، — دېدى ئىسمەتۇللا بۈككىدە تېرەكلىك يولدا دادىسى بىلەن ئاتقا مىنىپ كېلىۋېتىپ، — ئاسماندىكى ئاي، يۇلتۇز، يەردىكى دەل ـ دەرەخلەرنىڭ جېنى بارمۇ؟

— سىزنىڭچە جېنى بارمۇ، بالام؟ — ياندۇرۇپ سورىدى موللا نىيمەتۇللا ئوغلىغا سۆيۈنۈپ قاراپ.

— جېنى بارمىكىن دەيمىنا، دادا، نىيمىشقا دېسىڭىز، ئاي، يۇلتۇزلار ئاسماندا بىر يەردە تۇرمايدىكەن، دەل ـ دەرەخلەر ئۆسىدىكەن.

موللا نىيمەتۇللا ئوغلىنىڭ كۆزىتىشى ۋە بەرگەن جاۋابىدىن قايىل ئىدى.

— دۇرۇس ئېيتتىڭىز، ئوغلۇم، — دېدى ئۇ، — تەبىئەت دۇنياسىدىكى ھەممە نەرسىنىڭ جېنى بار، دىنىي ئىسلامنىڭ قارىشىچە بارلىق مەۋجۇداتلارنىڭ ھەممىسى بىز ئىنسانلارنىڭ دوستى، ئىنسانلار ئۇلارغا مېھرىبانلىق، ئادىللىق بىلەن مۇئامىلە قىلىشى لازىم. «قۇرئان كەرىم» دە، ئۆسۈملۈك، هايۋانات، ئاي، يۇلتۇز… قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى جانلىق تەسۋىرلىنىپ مۇنداق دېيىلگەن:

«يۇلتۇزلار ۋە دەل ـ دەرەخلەر سەجدە قىلىدۇ (يەنى ئاللانىڭ ئىرادىسىگە بويسۇنىدۇ.)»[1]، «ئاللا سىلەرنى زېمىندىن ياراتتى (چۈنكى، ئاتاڭلار ئادەمنى تۇپراقتىن ياراتقانىدى.)»[2]، «ئاللا ھەر بىر جانىدارنى سۇدىن ياراتتى، ئۇلارنىڭ بەزىسى قورسىقى بىلەن ماڭىدۇ، بەزىسى ئىككى پۇتى بىلەن ماڭىدۇ، بەزىسى تۆت پۇتى بىلەن ماڭىدۇ، ئاللا خالىغان مەخلۇقاتلارنى يارىتىدۇ، ئاللا ھەقىقەتەن ھەر نەرسىگە قادىردۇر»[3]. شۇنىڭ ئۈچۈن، ئوغلۇم تەبىئەت دۇنياسىدىكى بارلىق مەخلۇقات ۋە ئادەملەر روھقا، ھاياتقا ئىگە بولىدۇ. ئادەملەر پەقەتلا بۇنىڭ بىر قىسمى. ئادەملەر تەبىئەت دۇنياسىدىكى جانلىقلار بىلەن دوست بولۇشى، ئۇلارغا ياخشى مۇئامىلە قىلىشى لازىم. ھەرگىزمۇ ئۇلارنى بۇلاڭ ـ تالاڭ قىلماسلىقى، ئۇلارنى دۈشمەن قاتارىدا كۆرمەسلىكى، ئۇلارنى پەرۋىش قىلىپ ئاسرىشى لازىم.

ئىسمەتۇللا دادىسىنىڭ جاۋابىدىن قايىل بولدى:

— رەھمەت دادا، دېگەنلىرىڭىز زېھنىمنى ئاچتى، — دېدى دادىسىدىن سۆيۈنگەن ھالدا.

دادا، بالا ئىككىسى ئاشۇنداق سۆھبەتلىشىپ زەينۇللا ھاجىنىڭ قورۇسى ئالدىغا كېلىپ قالغىنىنىمۇ تۇيمايلا قالدى.

زەينۇللا ھاجى تۇساللا تەۋەسىدىلا ئەمەس، خوتەن شەھىرى، لايقا، بۇزاق تەۋەسىدە نامىشەرىپى ھەممىگە تونۇشلۇق، دىنىي ئىسلام، ئەدەبىيات، مۇزىكا، خەتتاتلىق،

① «قۇرئان كەرىم» 55 ـ سۈرە «رەھمان» 6 ـ ئايەت.
② «قۇرئان كەرىم» 71 ـ سۈرە «نۇھ» 17 ـ ئايەت.
③ «قۇرئان كەرىم» 24 ـ سۈرە «نۇر» 45 ـ ئايەت.



تېبابەتچىلىكتە مول بىلىمى بار ئالىم ـ ئۆلىما كىشى ئىدى. ئۇ ئەللىك يېشىنىڭ تەڭدىن تولىسىنى قەشقەر، خوتەن قارىقاشتىكى داڭلىق مەدرىسىلەردە بىلىم تەھسىل قىلىش بىلەن ئۆتكۈزگەن بولۇپ، ھازىر تېبابەتچىلىكنى كەسىپ قىلغان، ئۇنىڭ شىپالىق قولى بىلەن كۆپلىگەن بىمارلار قايتا ھاياتلىققا ئېرىشكەنىدى. ئۇلار بۇ ئۆلىمانىڭ سالامەتلىكى ئۈچۈن دۇئا قىلاتتى. ئۇ ئەدەپ ـ ئەخلاقلىق، كىچىك پېئىل، ئاق كۆڭۈل كىشى بولۇپ، بىچارە، غېرىب ـ غۇرۋالارنىڭ كېسىلىنى ھەقسىز داۋالاپ ساقايتقانىنىڭ ئۈستىگە، ئۇلارنىڭ قايتىشى ئۈچۈن خىراجەت بېرىپ يولغا سالاتتى. ئۇنىڭ تۇساللانىڭ ھالالباغ دېگەن يېرىدە ئازادە قورۇ ـ جايى بولۇپ، ئىسمەتۇللانىڭ بۈگۈن تۇنجى كېلىشى ئىدى.

ئىسمەتۇللا دادىسىغا ئەگىشىپ قورۇنۇپراق ئۆيگە كىردى. قوش قانات ئىشىكلىك ئازادە مېھمانخانىنىڭ غەربكە ئېچىلغان چوڭ دېرىزىلىرىدىن چۈشكەن قۇياش نۇرى سۇپىغا سېلىنغان «كەلكۈن» نۇسخىلىق ئوتقاشتەك گىلەمنى باشقىچە گۈزەل كۆرسىتەتتى. ئۆينىڭ بالا، تۈۋرۈك ۋە ئىشىك، دېرىزىلىرىگە ھەرخىل گۈل ۋە چىرايلىق نەقىشلەر ئويۇلغان بولۇپ، چېۋەر ئۇستىنىڭ قولىدىن چىققانلىقى بىلىنىپلا تۇراتتى. ئۆينىڭ شەرقى تەرىپىدىكى تېمىغا چىرايلىق تەكچە چىقىرىلغان بولۇپ، تەكچىدە قېلىن ـ قېلىن كىتابلار رەتلىك تىزىقلىق تۇراتتى. ئىسمەتۇللانىڭ كۆزى كىتابلارغا چۈشۈش بىلەن توختاپ قالدى. ئۇ ئۆينىڭ باشقا تەرەپلىرىگە قويۇلغان ئۆي جابدۇقلىرىغا قاراشقا رايى يوق ئىدى. مېھمانلار تام بويلىتىپ سېلىنغان كۆرپە

ئۈستىگە جايلىشىپ تىنچ - ئامانلىق سوراپ ئولتۇرۇشقان بولسىمۇ، ئىسمەتۇللا تېخىچە كۆزىنى ھېلىقى كىتابلاردىن ئۈزمەيتتى. ئۇنىڭ بۇ ھالىتىگە دىققەت قىلغان زەينۇللا ھاجى ئېغىز ئاچتى:

— پاھ، ئىسمەتۇللا بالام، تەكچىدىكى كىتابلارغا باغلىنىپلا قالدىڭىزغۇ، ئوغرىلاي دەمسىز، يا؟

زەينۇللا ھاجىنىڭ سۆزىدىن ئېسىگە كەلگەن ئىسمەتۇللا چۆچۈپ مېھمانلارغا قارىدى ۋە زەينۇللا ھاجىغا بۇرۇلۇپ:

— ئەگەر ئوغرىلىق گۇناھ بولمايدىغان بولسا، ھەممىنى ئېلىپ كېتەتتىم، ھاجىم دادا، — دېدى.

ئىسمەتۇللانىڭ جاۋابىدىن ئۆيدە كۈلكە كۆتۈرۈلدى. كۈلكىدىن ئۆزىنى ئاران توختاتقان زەينۇللا ھاجى:

— كىتابقا بۇنچە ئامراق بولسىڭىز، ئوغرىلاپ گۇناھ ئۆتكۈزمەڭ، بالام، سىزگە ئۆزۈملا بېرەي، — دېدى.

— كىتابلىرىڭىزنى ماڭا بەرسىڭىز تېبابەتچىلىكنى قانداق قىلىسىز، ھاجىم دادا؟ — دېدى ئىسمەتۇللا.

بۇنىڭ بىلەن ئۆيدە بايىقىدىن بەكرەك كۈلكە كۆتۈرۈلدى.

بۈگۈن زەينۇللا ھاجىنىڭ ئۆيىدە، موللا نېمەتۇللا ئوغلىنىڭ ئىسمىنى قويۇشقا چاقىرغان مېھمانلارنىڭ ھەممىسى بار ئىدى. پەقەت باشقىلارغا ئانچە تونۇشلۇق بولمىغان قىرىق ياشلار چامىسىدىكى ئورا كۆز، يۈزى يۇملاق، كۆزلىرىدىن سەزگۈر، خۇش چاقچاقلىقى بىلىنىپ تۇرىدىغان بىر مېھمان موللا بىلالنىڭ يېنىدا ئولتۇراتتى.

موللا بىلال:

— بۇياق خوتەن شەھىرىدىكى ئەلگە تونۇلغان سازەندە



قادىر قالۇن بولىدۇ. بىز يېقىن دوستلاردىن. ئاتايىن تەكلىپ قىلىپ ئېلىپ چىقتىم، — دېدى ئۇ كىشىنى تونۇشتۇرۇپ.

مېھمانلار «قادىر قالۇن» دېگەن ئىسمىنى ئاڭلاپ تەۋرەپ كەتتى: «ئەسلى ئۆزلىرى ئىكەنلا»، «نامىشەرىپلىرىنى كۆپ ئاڭلىغان»، «ئاللا دىدارلىشىشقا بۈگۈن نېسىپ قىپتۇ» دېيىشتى ئۇلار بەس - بەستە قادىر قالۇن بىلەن باشقىدىن قول ئېلىشىپ كۆرۈشۈپ.

— مەرھابا، مۇبارەك قەدەملىرىگە مەرھابا! نامىشەرىپلىرىنى كۆپ ئاڭلىغان، تەقدىر بۈگۈن يۈز كۆرۈشۈشكە نېسىپ قىپتۇ. سىلىنى بۇ يەرگە ئېلىپ چىققان دوستىمىز موللا بىلالغىمۇ كۆپ رەھمەت، قېنى ئازادە ئولتۇرسىلا! — دېدى زەينۇللا ھاجى.

بۇ ئۆيگە جەم بولغان بۇ دوست - بۇرادەرلەر ئۆز دەۋرىنىڭ ئوقۇمۇشلۇق ئۆلىمالىرى ئىدى. ئۇلار پات - پات بىرەرسىنىڭ ئۆيىدە جەم بولۇپ ئىلىم - مەرىپەت، مۇزىكا، شېئىرىيەت ھەققىدە مۇتالىئە قىلىشاتتى. خەلقنىڭ ئاھۇ - زارىغا قايغۇرۇشۇپ، نىجاتلىق يوللىرى ئۈستىدە ئىزدىنىشەتتى. ئاخىرىدا پۈتۈن غەم - قايغۇ، ئارزۇ - تىلەكلىرىنى مۇقام چېلىپ، ناخشا ئوقۇپ ئىپادىلەپ كۆڭۈللىرىنى بوشىتىۋالاتتى. بۈگۈنمۇ ئۇلار ئادىتى بويىچە تاماق يېگەچ خوتەننىڭ ھازىرقى ۋەزىيىتى، مۇھىم پۇقرالارنىڭ تۇرمۇشى، ئەدەبىيات - سەنئەتى ھەققىدە ئۇزۇندىن - ئۇزۇن سۆھبەتلەشتى. ئاخىرىدا قوللىرىغا تەمبۇر، دۇتار، قالۇن... قاتارلىق سازلارنى ئېلىپ «مۇشاۋرەك» مۇقامىغا تەڭكەش قىلىپ،

مەشرەپنىڭ تۆۋەندىكى غەزىلىنى ئوقۇدى:

*قادىرىم قۇدرەت بىلەن بىرنى ئەزىزجان ئەيلىدى،*
*شۇكرى لىللا جان بېرىپ نۇرنى ئىمان ئەيلىدى.*
*بىرگە بەردى مالۇ ـ مۈلكەت، ساھىبى دۆلەت قىلىپ،*
*بىرنى خارۇ بىرنى زارۇ بىرنى ۋەيران ئەيلىدى.*
*ياغدۇرۇپ يامغۇرلىرىنى، ئاققۇزۇپ چەشمەلىرىن،*
*ئۈندۈرۈپ تاغدا گىياھ، چۆللەرنى بوستان ئەيلىدى.*
*خوجا مەغرۇر بولمىغىن، دۇنيا ـ مۈلۈككە ئالدىنىپ،*
*بۇ ئۆلۈم كۆپ خوجىنىڭ مۈلكىنى ۋەيران ئەيلىدى.*

ئىسمەتۇللا تەمبۇر چالغان دادىسىغا، ساتار چالغان ئىلياس قارىغا، دۇتار چالغان زىكرۇللا ئاخۇنغا، قالۇن چالغان قادىر قالۇنغا، ھەممىسىگە بىر ـ بىرلەپ قاراپ چىقتى. ئۇلار شۇ تاپتا ئۆزلىرىنى ئۇنتۇغان ھالدا قوللىرىدىكى سازلارنىڭ ئىچىگە چۆكۈپلا كەتكەندەك قىلاتتى. ئىسمەتۇللانىڭ مۇزىكىغا شەيدا نازۇك قەلبى مۇقامنىڭ سېھرىي كۈچى بىلەن كەچ كۈزدىكى يوپۇرماقتەك تىترەيتتى. يوغان كۆز چاناقلىرى لىققىدە ياشقا تولغانىدى. مۇشۇنداق ئېسىل كۈيلەرنى كىملەرنىڭ ئىجاد قىلغانلىقىنى، مۇشۇنداق يارقىن شېئىرلارنى كىملەرنىڭ يازغانلىقىنى بىلگۈسى، ئاشۇ پىر ـ ئۇستازلارنىڭ ئېتىكىگە باش قويۇپ، مۇبارەك قوللىرىغا سۆيگۈسى كېلەتتى. «قاچان مەنمۇ مۇشۇ ئۇستازلاردەك ساز چېلىپ ناخشا ئوقۇيالايدىغان، كىشىلەرنىڭ يۈرەك تارلىرىنى تىترىتىدىغان شېئىرلارنى يازالايدىغان بولارمەن ـ ھە!» دەپ ئويلايتتى. ئۇ ناخشىنىڭ سېھرىي



كۈچىدىن بىھوش بولغان ھالدا، ئۆزىگە ـ ئۆزى ئاستا پىچىرلىدى: «خۇدا بۇيرۇسا، مەن چوقۇم ئۇستا سازەندە بولۇپ يېتىشىپ چىقىمەن. تەمبۇرنى دادامغا ئوخشاش چالالايدىغان بولىمەن. مەن مۇشۇ ئارزۇيۇمغا يېتىش ئۈچۈن قانچىلىك رىيازەت چەكسەم، ئۇستازلارنىڭ بىر ئۆمۈر خىزمىتىنى قىلسام شۇنىڭغا رازى! …». پەدىنىڭ «چارگاھ»قا يۆتكىلىشى ئۇنىڭ دىققىتىنى بۆلدى. ئەمدىلىكتە مۇزىكا يېڭى بىر ئاھاڭغا يۆتكىلىپ، سۈزۈك تاغ سۈيىنىڭ ئاۋازىدەك چىقتى. جىمجىت كېچە قوينىغا سىڭىپ كەتكەن بۇ ئاۋازلار تۈن پەردىسىنى يېرىپ يىراقلارغا تارىدى. ئۇلار مۇشۇ چالغانچە بامدات نامىزىغا قەدەر چالدى. ناماز ۋاقتى توشۇپ قالغان چاغدىلا ئەتىگەنلىك چاينى ئىچىپ ناماز ئوقۇدى. مېھمانلارنى ھەيران قالدۇرغىنى، ئىسمەتۇللانىڭ بۇ كېچىنى ئۇخلاپ قالماي مۇقام ئاڭلاپ تاڭ ئاتقۇزغىنى بولدى. ئۇلار ئىسمەتۇللانىڭ بۇ كېچىنى قانداق شېرىن خىيال، تاتلىق ئارزۇلار بىلەن ئۆتكۈزگىنىنى بىلمەيتتى.

# ئىككىنچى باب ئىلىم ئىشقىدا

## 1

دادىسى تىللاخېنىم بىلەن مەسلىھەتلىشىپ ئىسمەتۇللانى 1831 - يىلى 7 - ئايدا خوتەن شەھىرىدىكى مەشھۇر مۇدەررىس مۇبارەكشاھ[1] مۇپتى ئاخۇنۇمنىڭ مەدرىسىسىگە ئوقۇشقا بەردى. بۇ مەدرىسىگە كەلگۈچە ئىسمەتۇللا دادىسىدىن ئوقۇشقا تېگىشلىك زۆرۈر بىلىملەرنى ئىگىلىگەندىن تاشقىرى ئەرەب، پارس تىلىدا دەسلەپكى ساۋاتىنى چىقىرىپ بولۇپ، ئەرەب، پارس تىللىرىدىكى ئەسەرلەرنى يامىداپ ئوقۇيالايتتى ھەم مەزمۇنىنى چۈشىنەلەيتتى. بۇنىڭدىن باشقا، خەتتاتلىق، شېئىرىيەت ئىلمىدىمۇ ئىستېداتى زاھىر بولۇشقا باشلىغانىدى. ئۇنىڭ يازغان شېئىرلىرىنى ساۋاقداشلىرى قولدىن - قولغا ئۆتكۈزۈپ، تالىشىپ ئوقۇپ، دەپتەرلىرىگە كۆچۈرۈۋالاتتى. دادىسىغا ئەگىشىپ مۇزىكا چېلىش سورۇنلىرىغا بارسا، زەينۇللا ھاجىنىڭ ئۆيىدىكىدەك تاتلىق خىياللارنى قىلىپ ئولتۇرماستىن، قولىغا تەمبۇرنى ئېلىپ باشقىلارغا تەڭكەش چالاتتى ھەمدە نەۋائى، مەشرەپ، ھۇۋەيدا… قاتارلىق پىر - ئۇستازلارنىڭ بىر قىسىم

① 19 - ئەسىردە خوتەن شەھىرىدە ياشىغان داڭلىق مۇدەررىس.



غەزەللىرىنى ئوقۇيتتى.

موللا نىمەتۇللا ئىسمەتۇللادىكى بۇ قىزىقىش ھەم تالانتتىن كۆپ خۇرسەن بولاتتى ھەم سەل ئەنسىرەپمۇ قالاتتى: «ئوغلۇم تېخى كىچىك، ھېلىتىن شۇنچە كۆپ نەرسىلەرگە قىزىقىپ، ھەممىنى تەڭ بىلىپ كېتىمەن دېسە، مېڭىسى كۆتۈرەلەرمۇ؟ زېھنى قوبۇل قىلالارمۇ؟…» دەپ ئويلايتتى. شۇڭا، موللا نىمەتۇللا ئوغلىنىڭ ھازىرچە مۇزىكىنى قويۇپ شەرىئەت ئىلمى، ئەدەبىيات، ئەدەپ - ئەخلاق قاتارلىقلارنى، بولۇپمۇ ئەرەب، پارس تىللىرىنى نۇقتىلىق ئۆگىنىشىنى نەزەرگە ئېلىپ، قەشقەر مەدرىسىسىدىكى ساۋاقدىشى مۇبارەكشاھ ھۇزۇرىغا ئەكىلىپ بەرگەنىدى. ئىسمەتۇللا بۇ ئىشتىن بەكمۇ خۇشال بولدى.

ئىسمەتۇللا دەسلەپتە ئۆزىگە تەلەپنى قاتتىق قويۇپ ھەممە دەرسلەرنى تىرىشىپ ئۆگەندى. لېكىن، كۈنلەرنىڭ ئۆتۈشى بىلەن بۇ يەردە ئۆتۈلۈۋاتقان دەرسلەرنىڭ ئۆزىگە ئانچە قىيىن ۋە يېڭى تۇيۇلمىغانلىقىنى ھېس قىلدى. ئۇ ئازراقلا تىرىشسا، ساۋاقداشلىرىنىڭ ئالدىدا ماڭالايتتى. ھەتتا، ئويۇن - تاماشاغا بېرىلىپ ئوقۇسىمۇ دەرسلەردىن كېيىن قالمايتتى. ئۇ ئاخىرى پۈتۈن زېھنىنى ئەرەب، پارس تىللىرىنى ئۆگىنىشكە قاراتتى. ئۇ ھەر كۈنى كەچ يېتىپ، سەھەر تۇرۇپ پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن ئۆگىنىشكە كىرىشىپ كەتتى. ئۇ مەدرىسىنىڭ ئازادە ئالمىلىق بېغىدا ھەر كۈنى سەھەر تۇرۇپ ئەرەب، پارس تىللىرىدىكى سۆزلەرنى يادا ئالاتتى. بۇ تىلدىكى شېئىرلارنى ئۈنلۈك دېكلاماتسىيە قىلىپ ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قىلاتتى. ئۇنىڭ ئۆگەنگەنسېرى زېھنى ئېچىلدى، ئىرادىسى كۈچەيدى، ئۆگەنگەنسېرى ئۆزىنىڭ

تېخى كۆپ نەرسىلەرنى بىلمەيدىغانلىقىنى ھېس قىلدى. ئۇ پەقەت مۇشۇنداق ئۆگەنگەندىلا مەدرىسىدىكى كۇنلىرىنىڭ مەنىلىك ئۆتىدىغانلىقىنى، ئاتا - ئانىسىنىڭ ئەجرىگە جاۋاب قايتۇرالايدىغانلىقىنى بىلىپ يەتتى.

ئىسمەتۇللا بۇگۈنمۇ ئادىتى بويىچە ھەممە ساۋاقداشلىرىدىن بۇرۇن تۇرۇپ مەدرىسە ھويلىسىدىكى باغقا ئۆگىنىشكە چىقتى. بۇ دەل 11 - ئاينىڭ ئاخىرلىرى بولۇپ ھاۋا سوۋۇپ كەتكەن، ئاخشامدىن بېرى ياغقان قار پۈتۈن زېمىننى، دەل - دەرەخ، ھويلا - ئارامىلارنى ئاپئاق شايى بىلەن ئورىغانىدى. پاكىزە قار ئۇنىڭ ئايىغى ئاستىدا «غىرىس - غىرىس» قىلىپ رىتىملىق ئاۋاز چىقىرىپ تۇراتتى. ئۇنىڭ مەڭزى سوغۇقتىن قىزىرىپ كەتكەن بولۇپ گويا تازا پىشقان بىر جۈپ قىزىل ئالمىدەك كۆرۈنەتتى. ئۇ توڭلىغان قوللىرىنى پات - پات ئېغىزىغا ئەكىلىپ ھورداپ ئىسسىتىپ، ئۇياقتىن - بۇياققا مېڭىپ، شەيخ سەئدىنىڭ تۆۋەندىكى شېئىرىنى ئاۋازىنى قويۇپ بېرىپ ئوقۇدى:

*پەرىشتە گەر بولسا دىتۇىگە ئۇلپەت،*
*ئۆگەنگەي ۋەھشىيلىك، مىكرى، خىيانەت.*
*يامانىدىن ياخشىلىق ئۆگەنمەس كىشى،*
*بولالماس بۆرە جوۋا تىككۈچى.*

ئىسمەتۇللا، بۇ شېئىرنى ئاۋۋال پارسچە ئوقۇپ، ئاندىن ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قىلدى. ئۇستازى مۇبارەكشاھ ئىسمەتۇللانى كۆرۈپ، ئۇنىڭ شېئىر ئوقۇش تەلەپپۇزىغا



بىردەم دىققەت قىلدى. ئۇنىڭ چىرايىدا شاگىرتىدىن سۆيۈنۈش، رازىمەنلىك جىلۋە قىلاتتى.

— ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم، ئىسمەتۇللا بالام! — دېدى ئۇستاز ئاستا ئىسمەتۇللانىڭ قېشىغا كېلىپ.

ئىسمەتۇللا بۇ ئاۋازدىن چۆچۈپ، كىتابتىن بېشىنى كۆتۈردى — دە، ئالدىدا تۇرغان ئۇستازىنى كۆردى ۋە ئالدىراپ سالام قىلدى:

— ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام، ئۇستاز! مۇبارەك، ئەزىز تەنلىرى سالامەت تۇردىمۇ؟ ئەپۇ قىلغايلا، ئۆزلىرىنىڭ كەلگەنلىكلىرىنى سەزمەي قاپتىمەن.

مۇبارەكشاھ ئىسمەتۇللانىڭ قولىدىكى كىتابقا قارىدى. ئۇنىڭ قولىدا پارس شائىرى شەيخ سەئدىنىڭ مەشھۇر ئەسىرى «گۇلىستان» نىڭ پارسچە نۇسخىسى تۇراتتى.

— ئاپىرىن بالام، ئەقلىڭگە بارىكاللا، ئاللاتائالا زېھنىڭنى زىيادە قىلغاي، ئۇستاز سەئدىنىڭ بۇ مۇبارەك كىتابىنىڭ پارسچە نۇسخىسىنى ئوقۇپ، راۋان تەرجىمە قىلغۇدەك بوپسەن!

— ئۇنچىلىك ئەمەس، ئۇستاز، بەك ئاشۇرۋەتتىلە، پەقەت ھەجىلەپ ئوقۇۋاتىمەن. تەلىملىرىگە موھتاجمەن، — دېدى ئىسمەتۇللا ئىككى قولىنى كۆكسىگە قويۇپ سالام بەجا كەلتۈرۈپ.

— ئىسمەتۇللا بالام، ياراتقان ئاللاتائالا تېنىڭنى سالامەت قىلغاي، ئىلىمدە پازىل، دىيانەتلىك، ئەدەپ - ئەخلاقلىق ئادەم بولغايسەن. تىرىشىپ ئۆگەن، ئىلىم ئۆگىنىش ھەر بىر ئىنساننىڭ باش تارتىپ بولمايدىغان مۇقەددەس بۇرچى. ئۇستاز ئەخمەد يۈكنەكى شۇنداق دېگەن:

«ئادەمدىكى بىلىم سۆڭەكنىڭ ئىچىدىكى يىلىككە ئوخشايدۇ، ئادەمنىڭ زىننىتى ئەقىل بولسا، سۆڭەكنىڭ زىننىتى يىلىكتۇر. بىلىمسىز ئادەمنىڭ يىلىكسىز سۆڭەكتەك ئىچى كاۋاك بولىدۇ، يىلىكسىز سۆڭەككە ھېچكىم قول ئۇزاتمايدۇ.» سەن ھازىر پۈتۈن ئىشقىڭ بىلەن ئىلىم تەھسىل قىلىۋاتىسەن. بوشاشماي تىرىش ئوغلۇم. تىرىشقان ئادەمنى ئاللاتائالا چوقۇم مۇراد ــ مەقسىتىگە يەتكۈزىدۇ. لېكىن، ئۆزۈڭنى كۆپ ئاسرا، تەن سالامەت بولسىلا ھەممە ئىشنى قىلغىلى، بىلمىگەننى ئۆگەنگىلى بولىدۇ. قارىغىنا، مۇشۇنداق سوغۇقتا سىرتتا دەرس تەكرار قىلساڭ ئۆزۈڭگە سوغۇق ئۆتكۈزۈۋالىسەن، دىققەت قىل بالام! ــ دېدى مۇبارەكشاھ.

ــ كۆڭۈل بۆلگەنلىرىگە رەھمەت ئۇستاز، چوقۇم دېگەنلىرىڭىزدەك قىلىمەن! ــ دېدى ئىسمەتۇللا ئۇستازى بىلەن خوشلىشىپ.

ئىسمەتۇللا مۇبارەكشاھ كەتكەندىن كېيىن يەنە پارچە سۆزلۈكلەرنى يادلاشقا باشلىدى. ئۇنىڭ ئاۋازى جىمجىت سەھەر قوينىغا، پاكىزە قارغا، تۇمانلىق ھاۋا بوشلۇقىغا سىڭىپ كەتتى. مۇشۇ ۋاقىتنىڭ ئۆزىدە ئۇنىڭ ساۋاقداشلىرى ئىسسىق يوتقانلىرىغا پۈركىنىپ، شېرىن چۈش كۆرۈپ، تاتلىق ئۇخلاۋاتاتتى. ئۇ ھەركۈنى باشقىلاردىن ئىككى سائەت بۇرۇن تۇرۇپ مۇشۇنداق دەرس تەكرار قىلىپ ياتاققا كىرگەن چېغىدا، ئۇلار ئاندىن قوپۇپ تاھارەت ئېلىشقا تۇتۇش قىلاتتى.



## 2

ئىسمەتۇللانىڭ مۇبارەكشاھ مەدرىسىسىدىكى ئوقۇشى كۆزنى يۇمۇپ ـ ئاچقۇچە ئۈچىنچى يىلىغا قەدەم قويدى. ئۇ مۇشۇ يىللارنىڭ ھەر مىنۇت، ھەر دەقىقىسىنى چىڭ تۇتۇپ ئۆزىنى ئۇنتۇغان ھالدا ئۆگەندى. مۇھىمى ئەرەب، پارس تىللىرىنى خېلىلا پىششىق ئىگىلىدى. مۇدەررىسلەرنىڭ ياردىمىدە لۇتپى، نەۋائى، ئەخمەد يۈكنەكى، ئەخمەد يەسۋى، يۇسۇپ سەككاكى، خوجا ھاپىز شىرازى، نەسىردىن رابغوزى، شەيخ سەئدى... قاتارلىق پىر ـ ئۇستازلار بىلەن تېخىمۇ چوڭقۇر تونۇشتى. ئۇلارنىڭ كىتابلىرىنى ئوقۇپ، ئۇلار بىلەن تېخىمۇ چوڭقۇر غايىۋانە مۇڭدىشاتتى. ئۇ ساۋاقداشلىرى ئارىسىدا موللا قۇربان[1]، خوجا قاسىم ئىسىملىك ئىككى ساۋاقدىشى بىلەن ئالاھىدە يېقىن ئۆتەتتى. ئۈچەيلەن بىر يەرگە كەلسە، شېئىرىيەت، تارىخ، مۇزىكا ھەققىدە كەڭ ـ كۇشادە سۆھبەتلىشەتتى. يازغان شېئىرلىرىنى ئۆزئارا ئوقۇپ مۇتالىئە قىلىشاتتى. موللا قۇربان شېئىرىيەت، تارىخقا ئالاھىدە قىزىقسا، خوجا قاسىم مۇزىكىغا قىزىقاتتى. ئىسمەتۇللا بولسا شېئىرىيەت، تارىخ، مۇزىكىنىڭ ھەممىسىگە ئىشتىياق باغلىغانىدى. ئۇ يايلىغاندىن خوتەن شەھىرىگە كىرىپ مۇزىكىدىن ئايرىلىپ قالغانىدى. ئۇ بارا ـ بارا بۇنى ھېس قىلىپ كۆڭلى يېرىم

① شائىر موللا قۇربان چىرنىڭ ئىمالا (بوستان) دېگەن يېرىدىن. 19 ـ ئەسىرنىڭ ئالدىنقى يېرىمىدا دۇنياغا كەلگەن. «داستانى ئىمامى جەئفەرى سادىق» ناملىق تارىخىي داستانى ۋە بىر بۆلۈك لىرىك شېئىرلىرى بار.

بولۇپ تۇرغاندا، خوجا قاسىم بىر كۈنى ئۇنى ئېلىپ خوتەن شەھىرىنىڭ قەدىمىي كوچىلىرىنىڭ بىرى بولغان «توزغاق كوچىسى»غا — قادىر قالۇننىڭ ئۆيىگە باشلاپ كەلدى. ئىسمەتۇللا قادىر قالۇننى زەينۇللا ھاجىنىڭ ئۆيىدە كۆرگەن ھەم ئۇنىڭ چالغان مۇزىكىسىنى، ئېيتقان ناخشىسىنى ئاڭلىغانىدى. بۇ ئۇچرىشىشتىن قادىر قالۇنمۇ، ئىسمەتۇللامۇ ناھايىتى خۇشال بولدى.

— مەرھابا، كىتاب ئوغرىسى تالىپ، غېرىبانە كەپەمگە مۇبارەك قەدەملىرى يېتىپ مېنى بەك خۇشال قىلىۋەتتىلە، قېنى تۆرگە ئۆتسىلە! — دېدى قادىر قالۇن، زەينۇللا ھاجىنىڭ ئۆيىدىكى ئىشنى ئەسلىتىپ.

— تىنچ تۇردىلىمۇ، ئۇستاز؟ قايتا دىدار كۆرۈشكىنىمگە كۆپ خۇرسەنمەن. نەچچە ۋاقىتتىن بېرى ئۆيلىرىنى بىلەلمىگەچكە يوقلاپ كېلەلمىدىم، ئەپۇ قىلغايلا! — دېدى ئىسمەتۇللا سالام بىلەن.

مۇشۇ ئۇچرىشىشتىن تارتىپ بۇ ئۈچ ساۋاقداش بوش ۋاقىت تاپسىلا قادىر قالۇننى يوقلاپ كېلىدىغان بولدى. بولۇپمۇ، ئىسمەتۇللا بىلەن خوجا قاسىم ئۇنىڭدىن مۇزىكىغا ئائىت كۆپ نەرسىلەرنى ئىگىلىدى. قادىر قالۇن مۇزىكا چالىدىغان بولسا، ئىسمەتۇللانىڭ پۈتۈن جىسمى خۇددى سىمابتەك ئېرىپ كېتەتتى. ئۇزىنى بۇ رېئال دۇنيادا، ئادەملەر ئارىسىدا ئەمەس، باشقا بىر دۇنياغا بېرىپ قالغاندەك ھېس قىلاتتى. روھى كۆتۈرۈلۈپ، ۋۇجۇدى كۈچ - قۇۋۋەتكە تولۇپ، قەلبى شېرىن ئارزۇلار بىلەن داۋالغۇيتتى، كۆز چاناقلىرى ياشقا تولاتتى. قادىر قالۇننىڭ مۇزىكا ئۇستازلىرى ھەققىدىكى ھېكايىلىرىنى ئاڭلاپ،



بەزىدە ئۇن سىلىپ يىغلاپ كەتسە، بەزىدە كۈلۈپ كېتەتتى.

بۈگۈن بۇ ئۈچ مۇقام شەيداسى قادىر قالۇننىڭ ئۆيىگە كەلدى. قادىر قالۇن ئادىتى بويىچە چاقچاق بىلەن ئۇلارنى قىزغىن قارشى ئالدى.

ئۇلار سۇپىغا سېلىنغان كۆرپىگە جايلىشىۋالغاندىن كېيىن چاي ئىچكەچ خوتەننىڭ ھازىرقى ئەھۋالى، پۇقرالار تۇرمۇشىنىڭ ئېغىرلىقى، ئامبال، بەگلەرنىڭ چىرىكلىكى، ئالۋان - سېلىقنىڭ كۈندىن - كۈنگە ئېغىرلىشىۋاتقانلىقى، ئۇ يەر، بۇ يەرلەردە كۆتۈرۈلگەن قوزغىلاڭ... قاتارلىقلار توغرىسىدا پاراڭ سېلىشتى. ئاخىرىدا ئۇلارنىڭ سۆھبىتى تەبىئىي ھالدا شېئىرىيەت ۋە مۇزىكىدا توختىدى.

ئىسمەتۇللا «مۆجىزى» سۆزىنى تەخەللۇس قىلغان، ئۆزىنىڭ مۇزىكىغا - سەنئەتكە بولغان سۆيگۈ - مۇھەببىتى ئىزھار قىلىنغان بىر غەزىلىنى سۆھبەتداشلىرىغا ئوقۇپ بەردى. ئۇنىڭ شېئىرىدا ھېسسىيات ناھايىتى قويۇق، پىكىر خېلىلا تىرەن بولۇپ، ئۇنىڭ مۇزىكىغا بولغان ئوتتەك ئىشتىياقى، ئەقىدىسى، شۇنىڭدەك ئىرادىسى تەسىرلىك ئىپادىلەنگەنىدى. شېئىر ھەممەيلەننىڭ ياخشى باھاسىغا نائىل بولدى.

سۆھبەت يەنە مۇزىكا ھەققىدە بولۇۋېدى، قادىر قالۇن ئوبدان ئويلىنىۋالغاندىن كېيىن شۇنداق دېدى:

— بىز تارىختىن بېرى ئۇرۇش - يىغىلىقنىڭ دەردىنى كۆپ تارتقان خەق. شۇ ۋەجىدىن ئاۋام پۇقرا ئۆزلىرىنىڭ ئازابلىرىنى، ئارزۇ - تىلەكلىرىنى پەقەت مۇقامغا، ناخشىغا سىڭدۈرۈپ كەلگەن. مۇقاملارنى ئوقۇپ كۆڭلىنى ئاۋۇندۇرۇپ، hاردۇقىنى چىقىرىپ كەلگەن. شۇڭا،

بىزدەك سازەندىلەر ئاۋام پۇقرانىڭ كۆڭلىدىكىنى ئېچىپ، يىغىسىنى يىغلاپ، كۈلكىسىنى كۈلۈپ كەلگەنلىكىمىز ئۈچۈن قەدىرلىنىمىز. مۇشۇنىڭدىن قارىغاندا، بىر ھەقىقىي سازەندە بولىمەن دېگەن كىشى ئاۋۋال نېمە قىلىشى زۆرۈر؟

— ئۆزىنىڭ بارلىقىنى سەنئەتكە، مۇزىكىغا ئاتىشى زۆرۈر، ئۇستاز! — دېدى ئىسمەتۇللا ھاياجان بىلەن.

— دۇرۇس، ئىسمەتۇللا دېگەندەك، ئۆزىنىڭ بارلىقىنى، پۈتۈن سۆيگۈسىنى مۇزىكىغا تەقدىم قىلىشى زۆرۈر. لېكىن، ئەڭ مۇھىم مەسىلە بۇلا ئەمەس. مۇھىمى، ئۆزىنىڭ بارلىقىنى خەلقىگە بېغىشلىيالىشى، خەلقى كۈلسە كۈلەلىشى، خەلقى يىغلىسا تەڭ ياش تۆكەلىشى، خەلقى بىلەن تەڭ نەپەس ئېلىپ ياشىيالىشى لازىم. مانا مۇشۇنداق سازەندىنى خەلق بېشىدا كۆتۈرۈشكە، ئۆزى پەگادا ئولتۇرۇپ تۆرگە باشلاشقا چىن كۆڭلىدىن رازى بولىدۇ، — ئۇ قانداق دېدىم، دېگەندەك سۆھبەتداشلىرىغا قاراپ قويۇپ سۆزىنى داۋام قىلدى، — سىلەردىمۇ مانا مۇشۇنداق روھ، يەنى ئۆزۈڭلارنىڭ بارلىقىڭلارنى خەلققە تەقدىم قىلىش روھى بولۇشى كېرەك. پەقەت مۇشۇنداق قىلالىساڭلار ئاللاتائالا مۇراد - مەقسىتىڭلارغا يەتكۈزىدۇ.

— مەن خۇدا خالىسا، چوقۇم شۇنداق قىلالايمەن، ئۇستاز، — دېدى ئىسمەتۇللا قەتئىيلىك بىلەن، — مەن مۇزىكىنى، مۇقامنى جېنىمدىن ئەزىز كۆرىمەن. مەن ئەقلىمگە كەلگەندىن باشلاپ دادامنىڭ قۇچىقىدا ئولتۇرۇپ مۇزىكا ئاڭلىدىم. مۇقامنىڭ سېھىرلىك مۇڭلىرىغا بۆلەندىم. مېنىڭ سەبىي يۈرىكىمنى لەرزىگە سالغىنى، مېنى يىغلاتقىنى ھەم يىغىدىن پەس قىلغىنى مۇزىكا، مەن



ھەتتا مۇزىكىسىز ياشىيالمايمەن دېسەممۇ بولىدۇ، ئۇستاز! — ئۇنىڭ ھەربىر سۆزى سەمىمىي ھېسسىياتى بىلەن يۈرەك قېتىدىن چىقاتتى. ئۇ مۇشۇ تاپنىڭ ئۆزىدە مۇشۇنداق سۆزلەرنى دېيەلىگەنلىكىدىن ھەم خۇشال ھەم ھەيران ئىدى.

ئۇلار پاراڭنىڭ ئاخىرىدا ئادىتى بويىچە ساز چېلىپ ھاردۇقىنى چىقارماقچى بولۇپ، قوللىرىغا تەمبۇر، قالۇن، دۇتارلىرىنى ئېلىپ، «ناۋا» مۇقامىغا تەڭشەپ تۆۋەندىكى ناخشىنى ئوقۇدى:

*ئىتلار قاۋاشۇر گادانى كۆرسە،*
*ئاشىق سۆيۈنەر بالانى كۆرسە.*
*كۆپ نالە قىلۇر سەھەردە بۇلبۇل،*
*گۈلنىڭ يۈزىدە سابانى كۆرسە.*
*پەرۋانە ئۇرار ئۆزىن چىراغقا،*
*ئوتنىڭ يۈزىدە خۇدانى كۆرسە.*
*مەقسەتكە يېتەر نەۋائىي شۇدەم،*
*مەھشەر كۈنلىرى مۇستاپانى كۆرسە.*

مۇڭلۇق ناخشا ساداسى سۈكۈتكە چۆمگەن «تۇزغاق كوچىسى»نى ئاستا - ئاستا ئويغاتتى، يېتىپ بولغان كىشىلەر بىر - بىرلەپ ئورۇنلىرىدىن تۇرۇپ قادىر قالۇننىڭ ئىشىك ئالدىدا ئولتۇرۇپ، مۇقامنىڭ كېيىنكى مەرغۇللىرىنى ئاڭلىماقتا ئىدى.

# 3

ئىسمەتۇللانىڭ مۇبارەكشاھ مەدرىسىسىدىكى ئوقۇشى تولىمۇ مەنىلىك ئۆتمەكتە ئىدى. ئۇنى مۇدەررىس ۋە ساۋاقداشلىرىنىڭ ھەممىسى ھۆرمەت قىلاتتى. ئۇنىڭ شېئىرىيەتتىكى ئىستېداتىغا قول قوياتتى. ئۇ ساۋاقداشلىرى بىلەن شېئىرىيەت، ۋە شەرئەت ئىلمى ھەققىدە بىرقەدەر چوڭقۇر ۋە سىستېمىلىق مۇتالىئە قىلىشاتتى. ئۇنىڭ «مۆجىزى» تەخەللۇسىدا يازغان لىرىك شېئىرلىرى ساۋاقداشلىرى ئارىسىدا ئەتىۋارلىنىپ ئوقۇلاتتى. ئۇنىڭ نام - شۆھرىتى ئەمدىلىكتە مەدرىسىدىلا ئەمەس بەلكى خوتەن شەھىرىگە تونۇلۇشقا باشلىغانىدى. ئۇستازى مۇبارەكشاھ ئۇنى ئۆزىنىڭ ئائىلىسىدە پات - پات ئۆتكۈزۈلۈپ تۇرىدىغان ئىلمىي مۇتالىئىگە قاتناشتۇراتتى. بۇ يىغىلىشقا ئۆز دەۋرىنىڭ ئالىم - ئۆلىمالىرى قاتنىشاتتى.

بۇگۇنمۇ ئىسمەتۇللا ئۇستازىنىڭ تەكلىپى بىلەن ئۇنىڭ يىغىنغا كەلدى، مېھمانلار باغنىڭ ئوتتۇرىسىغا قويۇلغان كارىۋاتتىن ئورۇن ئالدى. باغ ئىچى سېرىق، قىزىل ئەتىرگۇل، قىزىلگۇل، سېرىق سەبدە، رەيھانگۇل··· بىلەن تولۇپ كەتكەن بولۇپ، گۇللەرنىڭ ھەر بىرىدىن تارالغان ئۆزگىچە ھىد دىماغلارنى مەست قىلسا، گۇللەرنىڭ بەرگىگە قونۇپ ئەركىن ئۇچۇشۇپ يۇرگەن كېپىنەكلەر باغنىڭ مەنزىرىسىگە ئالاھىدە ھۆسن قوشقانىدى. مېھمانلار ئورۇن ئالغان كارىۋاتنىڭ ئالدىدىن ئۆتىدىغان ئىككى قاسىنقى چىم، چۇجگۇن قاتارلىق ئوت - چۆپلەر بىلەن ئورالغان ئېرىقتا شىلدىرلاپ ئېقىپ تۇرغان سۇزۇك سۇ، بۇ يىغىلىشتا



ئولتۇرغان شائىرلارغا يېڭىچە ئىلھام، ھېسسىيات بېغىشلايتتى. بۇگۇن بۇ يەرگە قاراقاشتىن دىلبەر دورغا[1]، مۇھەممەت تۆمۇر قاراقاشى[2]، ئەرەب، پارس تىللىرىدا خۇددى ئانا تىلىغا ئوخشاش پاساھەتلىك شېئىرلارنى يازالايدىغان شائىر موللا غازى[3]، شائىر موللا بىلال قاتارلىق ئون نەچچە ئۆلىما جەم بولغان بولۇپ، ئىسمەتۇللا ئۇلارنىڭ بالىسى دېمەتلىكلا ئىدى.

كارىۋاتقا ئازادە داستىخان سېلىنىپ، ئۇستىگە سارغىيىپ پىشقان گىردە، ياڭاق، ئۇرۇك مېغىزى، پاكىزە قۇرۇتۇلغان قۇرۇق ئۇزۇم، ھەسەل، گۇلقەنت قاتارلىقلار تەخسىلەرگە ئېلىنىپ چىرايلىق تىزىلغانىدى. ئۇلار چاي ئىچكەچ تەبىئىي ھالدا شېئىرىي سۆھبەتكە چۇشتى.

دىلبەر دورغا ھۆكۇمران گۇرۇھلار بىلەن ئەمگەكچى خەلق ئوتتۇرىسىدىكى تۇپكى زىددىيەت ۋە ئۇنىڭ ئىجتىمائىي ئاساسى چوڭقۇر ئېچىپ بېرىلگەن مۇخەممەسىنى سۆھبەتداشلىرىنىڭ ھۇزۇرىغا سۇندى:

*ئۆي سەرەمجانىم ئىرۇر ئىككى سېئۇەتۇ بىر خاپان،*
*ھېيتتا كىيمەكلىك ئۇچۇن بار كوھنا ياماقلىق چاپان.*
*تەگمىدى نەچچە مەھەل بولدى ئۆتۇك، كەشكە تاپان،*

① 18 -، 19 - ئەسىرلەردە ئۆتكەن شائىر، «دىلبەر» تەخەللۇسىدا شېئىر ئىجاد قىلغان.
② 18 -، 19 - ئەسىرلەردە ئۆتكەن تارىخچى ۋە شائىر. ئۇنىڭ «تەزكىرە تۆلرىشات» ناملىق ئەسىرى بىزگىچە يېتىپ كەلگەن.
③ 18 -، 19 - ئەسىرلەردە ئۆتكەن شائىر. ئۇنىڭ «دىۋان غازى» ناملىق شېئىرلار توپلىمى بىزگىچە يېتىپ كەلگەن.

*ئانچە يېرىلدى ئاياغ دائىم يالاڭ ئاياغ يۈرۈبان.*
*ئۆمرىمىز ئۆتتى شۇ يەڭلىغ دەرد - پالاكەتتە بىگىم...*

دىلبەر دورغا يىگىرمە بىر كۈپلېتلىق مۇخەممەسنى شۇنداق ھېسسىياتلىق، رىتىملىق ئوقۇدىكى، ھەتتا ئۆزىمۇ بىر قانچە قېتىم توختاپ، تىنىۋېلىپ كۆزلىرىنى سۈرتۈۋەتكەندىن كېيىن داۋاملاشتۇردى. سورۇن ئەھلى پۈتۈن دىققىتى بىلەن ئاڭلايتتى. ئىسمەتۇللا ھەممىدىن بەك ھاياجانلانغانىدى. ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا: ئەۋلادمۇ ئەۋلاد بەگ، ئامباللار ئۈچۈن ھايۋان كەبى ئىشلەپ، ئۈچىسى ئىللىغۇدەك كىيىم، قورسىقى تويغۇدەك تاماققا ئېرىشەلمىگەن، كۆز ياشلىرىنى يامغۇردەك تۆكۈپ مەنسەپدارلارنىڭ ئالدىدا تىزلىنىپ شاپائەت تىلەۋاتقان بىچارە دېھقانلار نامايان بولدى. ئۇ بۇ شېئىردىن ھەقىقەتەن زور ئىلھام، مەنىۋى زوق ئالغانىدى. لېكىن ئۇ بۇ ئۇستازلارنىڭ ئالدىدا بىر نەرسە دېمەي سۈكۈتكە چۆمگەن ھالدا ئولتۇرۇپ ئۆزىچە پىكىر يۈرگۈزۈپ، باھا بېرەتتى. شېئىر ئوقۇلۇپ بولدى. باغنىڭ ئىچى ئېغىر سۈكۈتكە چۆمدى. ھەممىسىنىڭ روھىي دۇنياسى گويا ئېغىر تاغدا باستۇرۇپ قويغاندەك ھالەتتە ئىدى. ئاخىرى بۇ جىمجىتلىقنى شائىر موللا بىلال بۇزدى:

— بۇ شېئىر ھەقىقەتەن پاساھەتلىك، چىن يېزىلىپتۇ. مېنى خۇشال قىلغىنى شېئىردا ئەمگەكچىلەر زىمىنىدىكى زۇلۇم، خورلۇق ئۈستىدىن ھەققانىي شىكايەت قىلىنغان، ئامبال، تۆرىلەرنىڭ چىرىكلىكى، ئاچ كۆزلۈكى دادىللىق بىلەن ئېچىپ كۆرسىتىلگەن. خەلقىمىز بۈگۈنكى كۈندە مۇشۇنداق شېئىرلارنى ئوقۇشقا موھتاج.



— موللا بىلال دۇرۇس ئېيتتى، — دېدى موللا غازى، — خەلقنىڭ شائىرى خەلقنىڭ يىغىسىنى يىغلىيالىسا، ئۇلارنىڭ دەرد - پىغانلىرىغا ئورتاق بولالىسا، بۇ تولىمۇ خاسىيەتلىك ئىش سانىلىدۇ. نەۋائى ھەزرەتلىرى ئۆز شېئىرلىرىدا، خەمسىلىرىدە ئاشۇنداق قىلالىغانلىقى ئۈچۈن ھۆرمەتكە سازاۋەر بولغان.

— ئاللاتائالا قوللىرىغا دەرد بەرمىگەي، شېئىرىي پىكىرلىرى، ھېسسىياتلىرى بۇلاق سۈيىدەك بۇلدۇقلاپ تۇرغاي! — دېدى مۇبارەكشاھ سۆيۈنۈش بىلەن.

ئۇلار يەنە، مۇخەممەسنىڭ تىلى، رېئال ئەھمىيىتى، ئۇنۇمى ھەققىدە مىسرامۇ، مىسرا تەھلىل يۈرگۈزدى. خوتەننىڭ كونكرېت ئەھۋالىغا بىرلەشتۈرۈپ مۇھاكىمە قىلدى. كېرىيە، چىرا، قاراقاش... قاتارلىق جايلاردىكى خەلقنىڭ بېشىغا كەلگەن ئېغىر كۈلپەت ۋە ئۇلارنىڭ قارشىلىق ھەرىكەتلىرىنى بايان قىلىشتى. ئىسمەتۇللا بۇ ئۇستازلارنىڭ ھەر بىر سۆزلىرىنى كۆڭۈل قويۇپ ئاڭلىدى. مۇتالىئە جەريانىدا مۇھەممەت تۆمۈر قاراقاشى، موللا غازى، موللا بىلال قاتارلىقلارمۇ ئۆزلىرىنىڭ پاساھەتلىك شېئىرلىرىنى ئوقۇدى. ئۇلار ئەنە شۇنداق شېئىر ئوقۇيتتى ھەم جەمئىيەت ئەھۋالىغا بىرلەشتۈرۈپ تەھلىل قىلاتتى. ئۇلارنىڭ سۆزلىرىدىن ئىسمەتۇللا، شېئىر ۋە شائىر ھەققىدە روشەن قاراشقا ئىگە بولدى. شائىرنىڭ زادى قانداق كىشىلەر ئىكەنلىكى، ئۇلارنىڭ پەقەت ئۆز خەلقى بىلەنلا ياشىيالايدىغانلىقى، شائىرلارنىڭ ئۆز غېمى ئۈچۈن ئەمەس، بەلكى خەلقنىڭ غېمىنى يەپ ياشايدىغانلىقىنى چوڭقۇر تونۇپ يەتتى.

«مەن چوقۇم شېئىرلىرىمىزنى خەلق بىلەن ھەمنەپەس قىلىشقا تىرىشىمەن. ئۆزۈمنىڭ بارلىقىنى مۇزىكىغا، شېئىرىيەتكە تەقدىم قىلىمەن. چوقۇم مۇنۇ ئۇستازلاردەك نۇسرەت قۇچىمەن. مەن ئەمدى چۈشەندىم، پەقەت خەلقلا شېئىرنىڭ، مۇزىكىنىڭ قۇرىماس بۇلىقى، بىردىنبىر مەنبەسى ئىكەن. مەن ئاۋۋال پۇقرا ئارىسىغا چۆكۈپ، ئۇلارنىڭ مۇڭ - زارى، ئارزۇ - ئارمانلىرى ئەكس ئەتتۇرۇلگەن غەزەللەرنى يېزىپ، تەمبۇرۇم بىلەن ناخشا قىلىپ ئوقۇسام قانداق ياخشى بولاتتى - ھە! ياراتقان ئۇلۇغ ئىگەم، بۇ مۇراد - مەقسىتىمگە يەتكۈزگەيسەن!...»

— ئىسمەتۇللا، يازغان شېئىرىڭىزدىن بىرەرنى ئاڭلاپ باقمايلىمۇ؟ ياشلارنىڭ پىكرى تېخىمۇ جۇشقۇن كېلىدۇ، — دېدى مۇھەممەت تۆمۈر قاراقاش، مېھمانلارنىڭ پىيالىسىگە چاي لىقلاۋاتقان ئىسمەتۇللاغا قاراپ.

ئىسمەتۇللانىڭ خىيال يىپى مۇھەممەت تۆمۈر قاراقاشنىڭ سۆزىدىن ئۈزۈلدى. ئۇ ئەدەپ بىلەن ئۇستازلارغا قاراپ:

— مەن ئۇستازلىرىم ئالدىدا يازغانلىرىمنى ئوقۇشقا ئاجىزلىق قىلىمەن. ھەممىلىرى ئەپۇ قىلىشالا، مەن ھەرقايسىلىرىنىڭ مۇشۇنداق سۆھبىتىگە داخىل بولغانلىقىمدىن چەكسىز خۇشال. كۆپ نەرسىلەرنى بىلدىم، دىلىم يورۇق قۇياشقا، بىلىمگە تەشنا چاڭقاق قەلبىم ئابى زەمزەمگە ئېرىشكەندەك بولدى، — دېدى. ئارقىدىنلا ئۇ بۇ سورۇندا بىر نەرسە ئوقۇمىسا، ئەدەپسىزلىك بولامدۇ قانداق، دېگەننى ئويلىدى، — مەن ئۇستازلىرىم ھۇزۇرىغا



ئۇلۇغ پارس شائىرى ئەبۇ ئابدۇللا رۇداكىنىڭ بىر شېئىرىنى ئوقۇپ بەرسەممىكىن، — دېگەن ئۆتۈنۈشنى قوشۇپ قويدى.

— قېنى مەرھەمەت! ئاڭلايلى! — دېيىشتى سورۇن ئەھلى تەڭلا.

ئىسمەتۇللا رۇداكىنىڭ بۇ شېئىرىنى ئاۋۋال پارسچە ئوقۇغاندىن كېيىن ئۇيغۇرچىغا تۆۋەندىكىدەك تەرجىمە قىلدى:

*جاھاننىڭ شادلىقى يىغىلسا پۈتۈن،*
*دوستلار دىدارىدىن بولالماس ئۈستۈن.*
*بولسىمۇ ئالەمدە نى ئازابلىق ئىش،*
*ئەڭ ئېغىرى دانا دوستتىن ئايرىلىش.*

— پاھ، پاھ! ئاپىرىن ئوغلۇم! — دېدى موللا غازى ھاياجان بىلەن، — پارسچە شېئىرنى تولىمۇ جايىدا تەرجىمە قىلدىڭىز، ھەتتا پارسچىدىن كۆپ ياخشى بولدى، ئاللاتائالا زېھنىڭىزنى تېخىمۇ زىيادە قىلغاي، ئامىن!

سورۇن ئەھلىنىڭ ھەممىسى موللا غازىغا ئەگىشىپ دۇئاغا قول كۆتۈردى. ھەممىسى ئاللاتائالادىن ئىسمەتۇللاغا سالامەتلىك، ئەقىل - پاراسەت تىلىدى. ئۇستازلارنىڭ بۇ خىل شاپائىتى ئىسمەتۇللانى خىجالەتچىلىكتە قويدى. ئۇ بېشىنىمۇ كۆتۈرەلمەي قىزارغان ھالدا ئۇستازلىرىغا تەشەككۈر ئېيتىپ ئولتۇردى. مۇبارەكشاھنىڭ چىرايىدا تەبەسسۇم خۇددى باھار ئاپتىپىدەك جىلۋە قىلدى. ئۇ شۇ تاپتا ئىسمەتۇللادىن چىن قەلبىدىن سۆيۈنمەكتە، ئۇنىڭدىن رازى بولماقتا ئىدى.

## 4

— ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم، ئۇستاز!

پاكار بويىغا يارىشىملىق تۆمۈر رەڭ يەكتەك كىيگەن، بېشىغا قاردەك ئاپئاق سەللە ئورىغان، پۇتىغا مەسە كالاچ كىيگەن، چىرايىدىن نۇر، كۆزلىرىدىن ئەقىل - پاراسەت يېغىپ تۇرىدىغان موللا نىمەتۇللا مۇبارەكشاھنىڭ ئازادە ھۇجرىسىغا كىرىپ كەلدى.

— ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام! — سۇپىدا پۇتۇن دىققىتى بىلەن نەۋائىنىڭ «چاھار دىۋان»ىنى ئوقۇپ ئولتۇرغان مۇبارەكشاھ ئالدىراپ ئورنىدىن تۇرۇپ، موللا نىمەتۇللا بىلەن قۇچاقلىشىپ كۆرۈشتى.

— ئەپۇ قىلىسىلا تەقسىر، ئالدىلىرىغا چىقالماپتىمەن. بەك سەت ئىش بوپتۇ، — دېدى مۇبارەكشاھ.

بۇ ئىككى ئۆلىما گەرچە ساۋاقداش بولمىسىمۇ، بىر - بىرىنىڭ ئىستېداتىغا، ئەخلاق - پەزىلىتىگە بەكمۇ قايىل بولغاچقا، ئاشۇنداق «سىلە، ئۆزلىرى»، «تەقسىر» دېگەندەك سۆزلەرنى ئىشلىتىپ ئەھۋال سورىشاتتى ھەم بىر - بىرىنى قاتتىق ھۆرمەت قىلاتتى. ئۇلار شۇ تەرىقىدە تىنچلىق - ئامانلىق سوراشقاچ سۇپىدىن ئورۇن ئالدى.

ئەسلى موللا نىمەتۇللا مۇبارەكشاھنىڭ چاقىرىشى بىلەن كەلگەنىدى. گەرچە ئۇ ئىسمەتۇللانىڭ ئەخلاق - پەزىلىتىدىن گۇمان قىلمىسىمۇ، يەنىلا: «ئىسمەتۇللا بىرەر



كېلىشمەسلىككە يولۇققان بولمىغىدى، بىتاب بولۇپ يېتىپ قالغانمىدۇ - يا؟...» دېگەندەك تەشۋىشلىك خىيالدىن نېرى بولالمىدى. ئۇ مۇبارەكشاھنىڭ چىرايىدىن بىرەر كۆڭۈلسىزلىكنى سېزەلمىگەندىن كېيىنلا كۆڭلى جايىغا چۈشتى.

— ئۇستاز، چاقىرتىپتىكەنلا، بىرەر زۆرۈر ئىش بارمىدى، ئىسمەتۇللا ئەدەپسىزلىك قىلىپ، ئۆزلىرىگە باش ئاغرىقى تېپىپ بەرگەن بولمىسۇن، يەنە؟ — دېدى موللا نىمەتۇللا قولىدىكى چايدىن ئوتلاۋېتىپ.

— يوقسۇ تەقسىر، — دېدى مۇبارەكشاھ ئالدىراپ، — سىلىنى چاقىرتىشىم دەل ئىسمەتۇللا توغرۇلۇق مەسلىھەتلىشىش ئۈچۈن ئىدى. ئىسمەتۇللا مەدرىسىگە كەلگەن ئۈچ يىلدىن بۇيان پۈتۈن ئىشتىياقى بىلەن ئەتراپلىق ئىلىم تەھسىل قىلدى. شېئىرىيەت ئىلمى، تارىخ، ئەدەبىيات، ئىلمىي مەنتىقە، ئەرەب، پارس تىلى قاتارلىقلاردا تالىپلارنىڭ ئەڭ ئالدىدا تۇرىدۇ. خۇدانىڭ قۇتلۇق كۈنى سەھەر تۇرۇپ، كەچ يېتىپ، ھاردىم، تالدىم دېمەي بېرىلىپ ئۆگەندى. ئالالاتائالا سىلىگە مۇشۇنداق ئىلىم - مەرىپەتكە خۇددى پەرۋانە چىراغقا ئۆزىنى ئۇرغاندەك ئۆزىنى ئۇرۇپ تۇرىدىغان، ئېتىقادى كۈچلۈك، ئەدەپ - ئەخلاقلىق پەرزەنت بېرىپتىكەن. بۇ بەلكى سىلىنىڭ كۆپ يىللىق ئىبادەت ھەم خالىس نىيەتلىرىدىن بولغاندۇ.

— كۆپ ئاشۇرۇۋەتتىلە، ئۇستاز، ئىسمەتۇللا تېخى كىچىك، كۆپ نەرسىلەرنى بىلىپ كەتمەيدۇ. بىلگەنلىرىمۇ ئۆزلىرىنىڭ جاپالىق تەلىملىرىنىڭ نەتىجىسىدۇر. سىلىگە

كۆپ رەھمەت، ئاللاتائالا ئەزىز تەنلىرىنى سالامەت قىلغاي! — دېدى موللا نېمەتۇللا.

— يوقسۇ، تەقسىر! — دېدى مۇبارەكشاھ، — ئىسمەتۇللا ئەقىللىق، ئۇنىڭ ئۇستىگە قالتىس تىرىشچان، سىلى بىلەن مەسلىھەتلىشىدىغان ئىش شۇكى، ئەمدى ئىسمەتۇللا يۇقىرى مەدرىسىلەردە بىلىم تەھسىل قىلسا مۇۋاپىق بولامدىكىن. ئۇ بۇ يەردە تۇرىۋەرسە ۋاقتى زايا بولۇپ كېتەمدىكى دەپ ئويلايمەن. ھېلىمۇ باشقىلار بەش يىلدا ئىگىلەپ بولىدىغان ئىلىملەرنى ئۇ ئۈچ يىلدا تاماملىدى.

— ئۇستاز، بۇ؟...

— شۇنداق، تەقسىر، بۇ چىن سۆزۈم، ئىسمەتۇللاغا ياخشى بولسۇن، ئۇ تېخىمۇ كۆپ ئىلىم تەھسىل قىلسۇن، دېگەننى مەقسەت قىلىپ شۇنداق دەۋاتىمەن، — دېدى مۇبارەكشاھ.

بۇ ئىككى ئۆلىما، ئىسمەتۇللا توغرۇلۇق، ئارقىدىن ئىلىم - مەرىپەت، ھەق - ئادالەت، دىيانەت توغرۇلۇق تەڭ كېچىگىچە ھەمسۆھبەتتە بولدى. ئۇلار ئىسمەتۇللانى بۇ يەردىكى ئوقۇشنى تاماملاپ، قەشقەر خانلىق مەدرىسىگە ئوقۇشقا بېرىدىغان بولۇپ كېلىشتى.

ئەتىسى ئەتىگىنى ئىسمەتۇللا مۇبارەكشاھنىڭ ئۆيىگە چاقىرتىلىپ ئاخشامقى سۆھبەتنىڭ مەزمۇنىدىن خەۋەر تاپتى.

— ئۇستاز، يانلىرىدا خىزمەتلىرىنى قىلىپ ئەجىرلىرىگە جاۋاب قايتۇرمىسام كۆڭلۈم ئۇنىمايدۇ، — دېدى ئىسمەتۇللا ئۇستازىنىڭ ئالدىدا قول باغلاپ تۇرۇپ.



ئۇ بۇ يەردىن مۇنداقلا كېتىشنى خالىمايتتى ھەم خىيالىغىمۇ كەلتۈرمىگەنىدى. ئۇ بىر قانچە يىل ئۇستازىنىڭ تاھارىتىگە سۇ تەڭشەپ دۇئاسىنى ئېلىشنى، قادىر قالۇندىن ئۇن ئىككى مۇقامنى تولۇق ئۆگىنىۋېلىشنى بەكمۇ ئارزۇ قىلاتتى. لېكىن مۇبارەكشاھ ئۇنىڭ دادىسى بىلەن كېلىشىۋالغىنى بويىچە، ئۇنى ئۆز يېنىدىن ئايرىلىپ يۇقىرى مەدرىسىلەرگە بېرىپ ئىلىم تەھسىل قىلىشى ئۈچۈن دۇئا قىلىپ ئۇزىتىپ قويدى. چۈشتىن كېيىن دادا، بالا ئىككىسى مۇبارەكشاھ بىلەن خوشلىشىپ لايىقغا قاراپ يول ئالدى. بۇ 1834 - يىلى 8 - ئاينىڭ باشلىرى ئىدى.

# ئۈچىنچى باب تارىشىغا يېزىلغان بېيىت

## 1

مولللا نىمەتۇللانىڭ دادىسى رەخمىتۇللانىڭ قازا قىلىشى بىلەن پۈتۈن ئائىلىنى مۇسىبەت قاپلىدى. بۇ ئىش موللا نىمەتۇللاغا قاتتىق ئېغىر كەلدى. ئۇنىڭ پىكىر ـ خىيالى، مۇراد ـ مەقسەتلىرى ۋاقتىنچە سۇنىڭ ئۈستىدىكى كۆپۈكتەك يوققا چىقتى. شۇ ۋەجىدىن، ئىسمەتۇللا مۇبارەكشاھ مەدرىسىسىدىن قايتىپ چىققىلى يېرىم يىلدىن ئاشقان بولسىمۇ، تېخىچىلا قەشقەر خانلىق مەدرىسىگە ئوقۇشقا ئەۋەتىلمىدى. لېكىن، دادىسىنىڭ هازىرقى ئەھۋالىنى، كۆڭلىنى چۈشەنگەن ئىسمەتۇللا بۇ ئىشتىن ئازراقمۇ خاپا بولمىدى، بەلكى كۈنلىرىنى ئائىلىسىنىڭ قويلىرىنى باققاچ خىيال سۈرۈپ، شېئىر يېزىپ، ئاخشاملىرى كىتاب كۆرۈپ ئۆتكۈزدى.

ئۇ بۈگۈنمۇ قويلىرىنى ھەيدەپ يايلاققا كەلدى. پاكار، قويۇق ئۆسكەن ئوت ـ چۆپلەر، ئاندا ـ ساندا ئۇچراپ تۇرىدىغان چىرايلىق ئېچىلغان كاككۇك گۈللىرى، ھەرخىل، ھەر رەڭدە چېچەكلىگەن ياۋا چۆپلەر ئۇنى باشقا بىر دۇنياغا باشلاپ كىرگەندەك چەكسىز سۆيۈندۈردى. ئۇ



قويلىرىنى كەڭرى يايلاققا ئەركىن قويۇۋېتىپ، ئادىتى بويىچە يىراققا نەزەر سالدى: جەنۇب تەرەپتە قار ـ مۇزلار بىلەن ئورالغان ھەيۋەتلىك قارا قۇرۇم تاغلىرى ئەسىرلەردىن بېرى تىنچ ئۇخلاۋاتقاندەك، ئېغىر دەرد ـ ئازاب باسقان ئادەمدەك بىلىندى. «ئاجايىپ ئىش ـ ھە! ئاللاتائالانىڭ كۈچ ـ قۇدرىتىنىڭ ئۇلۇغلۇقى، كارامىتىگە نېمىمۇ دېگۈلۈك؟ يىراققا قارىسام كۆز ئالدىمدا بىزنى ئەۋلادمۇ ئەۋلاد ئابىھايات سۇلىرى بىلەن بېقىپ كەلگەن مۇقەددەس، خاسىيەتلىك تاغ قىش ئۇيقۇسىدىن ئويغانماي ياتىدۇ. يەرگە، ئەتراپىمغا قارىسام، يايلاق مەخمەلدەك يېشىللىق قوينىغا پۈركەنگەن. ئۈرۈك، ئالمىلار چېچەكلىگەن، گۈللەر بەرق ئۇرۇپ ھۇپپىدە ئېچىلغان...»

ئۇ شۇلارنى خىيال قىلىپ نەزىرىنى يايلاققا ئاغدۇردى: يەر باغرىدىن بۇلدۇقلاپ كىچىك ـ كىچىك چەمبەرلەرنى ھاسىل قىلىپ ئېتىلىپ چىققان سۈپسۈزۈك سۇلار؛ سۇلارنى قېنىپ ـ قېنىپ ئىچىۋاتقان بىر توپ قوي، نېرىراقتا سەكرىشىپ، ئانىلىرىغا ئەركىلىشىپ يۈرگەن قوزىلار، قاياقتىندۇر ئاڭلىنىۋاتقان قويلارنىڭ مەرەشلىرى، كالىلارنىڭ مۆرەشلىرى، ئاتلارنىڭ كىشنەشلىرى... بۇنىڭغا قوشۇلۇپ تولىمۇ يېقىملىق، مۇڭلۇق ئاڭلىنىۋاتقان نەي ئاۋازى... ئۇ زەن قويۇپ ھەممىنى كۆرۈشكە، ھەممىنى ئاڭلاشقا ئىنتىلدى. ئارقىدىن ئادىتى بويىچە نەم، يۇمشاق چۆپلۈكتە ئىككى ئالىقىنىنى بېشىغا قويۇپ ئوڭدا يېتىپ، كۆپكۆك ئاسمانغا، ئاندا ـ ساندا لەيلەپ يۈرگەن قوي، كالا، ئادەم، يولۋاس... شەكلىدىكى ئاپئاق بۇلۇتلارغا قاراپ دادىسىنىڭ سۆزلىرىنى ئېسىگە ئالدى:

— قوي بىقىشنى قويۇپ، دەرسلىرىڭنى پىششىقلىساڭ بولاتتى، ئوغلۇم. سەن كىتاب ئوقۇپ ئىلىم تەھسىل قىلىشقا، مۇزىكا ئۆگىنىشكە خوپ مۇناسىپ كېلىسەن. بولۇپمۇ، ئەرەب، پارس تىللىرىنى تېخىمۇ پىششىقلاپ تۇرمىساڭ، قەشقەرگە بارغاندا دەرسلەر ئېغىر كېلىدۇ، — دېدى بىر كۈنى موللا نىمەتۇللا ئوغلىغا.

— يايلاق، ئانا تەبىئەت كىشىنىڭ زېھنىنى ئاچىدىكەن دادا، قويلارنى باققاچ دەرسىمنى تەكرار قىلسام، شېئىر يازسام، روھىم باشقىچە كۆتۈرۈلۈپ قالىدىكەن. ئۇنىڭ ئۈستىگە، مەن خىيال سۈرگىلى بەكلا ئامراق، خىيال تولىمۇ ئەركىن، گۈزەل ھەم شېرىن بولىدىكەن. ئاشۇنداق ياپيېشىل يايلاق قويىنىدا، قارلىق تاغلار بىلەن، سۈپسۈزۈك ئاسمان بىلەن، ئوت - چۆپ، دەل - دەرەخ، گۈل - گىياھلار بىلەن، قوي، كالىلار بىلەن سىردىشىپ، غايىۋانە مۇڭدىشىپ سۈرگەن خىيال توسقۇنسىز، دەخلى - تەرۇزسىز بولىدىكەن، دادا، — دېدى ئىسمەتۇللا.

ئۇ سۈزۈك ئاسمانغا قاراپ قەلبى ئاجايىپ شېرىن ئارزۇ، گۈزەل خىياللار بىلەن تولدى. ئەلىشىر نەۋائى، ھۆۋەيدا، ئابدۇراخمان جامى قاتارلىق پىر - ئۇستازلىرى بىلەن غايىۋى مۇڭدىشىپ چىقتى. ئۇلارنىڭ ھاياتىغا دائىر قىزىقارلىق ھېكايىلەرنى ئېسىگە ئالدى. ئۇنىڭ شۇ تاپتا روھى كۆتۈرۈلۈپ، ۋۇجۇدى ئىلىم ئۆگىنىشكە بولغان گۈزەل غايىنىڭ تۈرتكىسىدە لەرزىگە كەلدى - دە، ئابدۇقادىر بېدىلنىڭ تۆۋەندىكى شېئىرىنى ئاۋازىنى قويۇپ بېرىپ ئۈنلۈك ئوقۇدى:



*مەن بىلىم ئېلىشتىن بەكمۇ خۇرسەنمەن،*
*يەنە بىر مەقسەتكە دىلدىن پەيۋەندىمەن.*
*تاپانچىمىز بولمىش شۇ ئىلمۇ - ھېكمەتتىن،*
*ئالەمنى ئويغىتاي ئۇيقۇ - غەپلەتتىن.*

ئۇ شېئىر ئاتا قىلغان ھاياجان كۈچىدىن ئۆزىمۇ سەزمىگەن ھالدا ئورنىدىن تۇرۇپ، دائىم مۇزدەك سۈزۈك سۈيىنى ئىچىدىغان بۇلاقنىڭ يېنىغا كېلىپ زوڭزىيىپ ئولتۇرۇپ، ئوچۇملاپ ئارقا - ئارقىدىن بىر قانچە ئوچۇم سۇ ئىچتى. ئۇ ھەر قېتىم مۇشۇ بۇلاق سۈيىنى ئىچەتتى. ئەگەر تاسادىپىي شېرىن خىياللارغا ئەسىر بولۇپ، سۇ ئىچمەي ئۆيىگە كېتىپ قالسا، كېيىن كۆڭلى قاتتىق يېرىم بولاتتى - دە، ئۆز - ئۆزىنى ئەيىبلەپ بىئارام بولاتتى. «ئۇلۇغ، خاسىيەتلىك ئانا يەر، تالاي يىللاردىن بېرى ئۇلۇغ ئاللاتائالانىڭ كارامىتى بىلەن سەن بىزنى، توغرا، پۈتكۈل جانلىقلارنى بېقىپ كەلدىڭ! ئەگەر سەن بىزگە مۇشۇنداق سېخىي قوينۇڭنى ئاچمىساڭ، پۈتكۈل ئىنسانىيەت تۈگەشكەن، ھاياتلىق ئۈزۈلگەن، جىمىكى جانلىقلار گۇمران بولغان بولاتتى. سەن نەقەدەر سېخىي، نەقەدەر مۇقەددەس — ھە! بۇلارنى ئويلىسام توپاڭنى كۆزۈمگە سۈرتكۈم، سېنى باغاشلاپ ياتقۇم، ئاۋۇ كۆرۈنۈپ تۇرغان ھەيۋەتلىك قارلىق تاغلىرىڭغا گىرە سېلىپ يېنىش - يېنىش سۆيگۈم كېلىدۇ. ھەتتا ئۈستۈڭگە دەسسەسەممۇ يۈرىكىم سىرقىرايدۇ. كەچۈر، ئانا تۇپراق! مېنى كەچۈر! مەن ئويلىغىنىمدەك قىلالمىدىم.» ئۇ بۇلارنى خىيال قىلىپ كەڭرى كەتكەن يايلاققا، ئالدىدىكى بۇلدۇقلاپ ئېقىپ تۇرغان

بۇلاق سۇيىگە، ھەيۋەتلىك قارا قۇرۇم تاغلىرىغا، غەمكىن ئۇخلاپ ياتقان سەھۋالىم تۆپىلىكلىرىگە چوڭقۇر مۇھەببەت بىلەن قارىدى. ئۇ بەش - ئالتە قەدەم ئالدىدا تۇرغان ئاپئاق تارىشىنى كۆردى - دە، ئۇنى ئېلىپ يانچۇقىدىن پىچىقىنى ئېلىپ نەۋائىينىڭ بىر كۇپلېت بېيىتىنى چىرايلىق ئويۇشقا باشلىدى. ئۇ بۇ بېيىتنى دىققىتىنى يىغىپ، كۆڭۈل قويۇپ، پۈتۈن ئىشتىياقى بىلەن ئويدى. ئويۇپ بولۇپ ئۆزى قانائەت ھاسىل قىلغاندىن كېيىن چىرايىغا تەبەسسۇم يامرىدى، ۋۇجۇدىغا ئىللىق سىزىم تاراپ، ئاۋازىنى قويۇپ بېرىپ ئوقۇدى:

*بىلمىدىن لاپ ئۇرۇش ئەسلى نادانلىق،*
*نادانلىقىڭ بىلسەڭ - شۇ بىلىمدانلىق.*

دەل شۇ چاغدا ئۇنىڭ ئالدىغا بىر ئات كېلىپ توختىدى. ئۇ ئاتنىڭ پۈتىنى كۆرۈپ بېشىنى كۆتۈرۈپ قارىدى: ئات ئۈستىدە ئوردا ئەمەلدارلىرىغا خاس كىيىنگەن، بەستلىك، كۆزلىرى يوغان، چىرايى سۇرلۇك، قاڭشارلىق بىر كىشى تۇراتتى. ئۇنىڭ كەينىدىمۇ ئىككى ئاتلىق كىشى تۇراتتى، ئۇلارنىڭمۇ ئوردا كىشىلىرى ئىكەنلىكىنى بىلىش تەس ئەمەس ئىدى.

ئىسمەتۇللا ئاتلىق كىشىگە ئەدەپ بىلەن سالام قىلدى:

— ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم!

— ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام!

ئاتلىق كىشى ئىسمەتۇللانىڭ سالامىغا جاۋاب قايتۇرغاچ ئاتتىن چۈشتى ۋە ئۇنىڭ قولىدىكى تارىشىنى كۆرۈپ قولىغا



ئېلىپ، تارىشىغا ئويۇلغان خەتكە قاراپ داڭ قېتىپ تۇرۇپلا قالدى. چۈنكى، ئۇ مۇشۇ يېشىغا كەلگۈچە تارىشىغا ئەمەس، بەلكى قەغەزگىمۇ مۇنداق چىرايلىق يېزىلغان خەتلەرنى كۆرمىگەنىدى. ئۇ بۇنى ئالدىدا ئەدەپ بىلەن سالام قىلىپ تۇرغان ئىسمەتۇللانىڭ يازغانلىقىغا ئىشەنمەي، ئۇنىڭ تۇرقىغا قايتىدىن قاراشقا باشلىدى. ئۇنىڭ كۆزى ئىسمەتۇللانىڭ قولىدىكى پىچاققا، يەردىكى تارىشا قىرىندىلىرىغا چۈشكەندىلا ئۆزىنى ئىشىنىشكە مەجبۇرلىدى.

— ئوغلۇم، سىز كىمنىڭ بالىسى، بۇنداق كاتتا كارامەتنى كىمدىن ئۆگەندىڭىز؟ — سورىدى ئۇ كىشى ئىسمەتۇللاغا قىزىقىش بىلەن قاراپ.

— ئىسمىم - شەرىپىم ئىسمەتۇللا، نىمەتۇللا موللامنىڭ ئوغلىدۇرمەن. خەتتاتلىقنى دادامدىن ئۆگەنگەن، — دېدى ئۇ ئەدەپ بىلەن.

— سىزنىڭ بايا ئوقۇغان نەزمىڭىز بىزنى يېنىڭىزغا باشلاپ كەلدى. بۇ كىمنىڭ شېئىرى، مەزمۇنىنى چۈشەندىڭىزمۇ؟ — دېدى ئۇ كىشى قولىدىكى تارىشىنى ئىسمەتۇللاغا كۆرسىتىپ.

— بۇ ھەزرىتى ئەلىشىر نەۋائىينىڭ بېيىتى. مەزمۇنىنى بولسا ئەلۋەتتە چۈشىنىمەن. ئۇنىڭ ئاخىرى: «ئۆز بېشىڭغا ئۆزۈڭ سالما ھەيرانلىق، بىر يوق كەلتۈرىدۇ مىڭلاپ ئاسانلىق» دېگەن مىسرالار بىلەن داۋام قىلىدۇ، — دېدى ئىسمەتۇللا شېئىرنىڭ مەزمۇنىنى مىسرامۇ مىسرا يېشىپ چۈشەندۈرۈپ. بۇنى ئاڭلاپ ئاتلىق كىشى تېخىمۇ ھەيران قالدى.

— نەۋائىيدىن باشقا يەنە كىملەرنى بىلىسىز؟ —

سورىدى ئۇ.

— ئۇستاز ھەزرىتى ئابدۇراخمان جامى، ئاتايى، مەشرەپ، ھۇۋەيدا، فۇرقەت، شەيخ سەئدى… قاتارلىق ئۇستازلارنىڭ ئەرەب، پارس ۋە تۈركىي تىلىدىكى غەزەل، داستانلىرىنى كۆپ ئوقۇيمەن. بولۇپمۇ، نەۋائى ھەزرەتلىرىنىڭ شېئىرلىرىنى ياقتۇرىمەن، — دېدى ئىسمەتۇللا.

ئاتلىق كىشى ئىسمەتۇللانىڭ دېگەنلىرىنى ئاڭلاپ ئەقلى لال بولدى، ھەيرانلىق، قىزىقىشى ھەسسىلەپ ئاشتى. ئەمدى ئۇ ئىسمەتۇللانىڭ ئىستېداتىغا ھەقىقىي ئىشەنگەنىدى. شۇڭا ئۇ سوئال سوراشنى توختىتىپ، ھېلىقى بېيىت يېزىلغان تارىشىنى ئىسمەتۇللادىن سوراپ ئېلىپ قوينىغا سېلىپ، خۇشلىنىپ شەھەر تەرەپكە يول ئالدى.

## 2

بۇ ئۈچ ئاتلىق كىشى خوتەن ھاكىمبېگى ئەلىشىر ھېكىمبەگ[①]نىڭ ئادەملىرى ئىدى. ئىسمەتۇللادىن گەپ سورىغان كىشى دىۋان بېگى ناسىر بەگ ئىدى. قالغان ئىككىسى ئوردىنىڭ ياساۋۇللىرى بولۇپ، ناسىر بەگنىڭ بىخەتەرلىكىگە مەسئۇل ئىدى. ئەلىشىر ھېكىمبەگ خەلقپەرۋەر، تەرەققىيپەرۋەر، مەرىپەتپەرۋەر كىشى

① مۇھەممەت ئەلىشىر ئابدۇمۆمىنبەگ 1828 - يىلى دادىسى ئابدۇمۆمىنبەگنىڭ ئورنىغا چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى تەرىپىدىن خوتەننىڭ ھاكىمبېگى قىلىپ تەيىنلەنگەن.



بولغاچقا، ئاۋام پۇقرالارنىڭ تۇرمۇشىغا كۆڭۈل بۆلەتتى. پات - پات ئوردا ئەمەلدارلىرىنى يۇرت - يۇرتلارغا ئەۋەتىپ ئەھۋال ئىگىلەپ تۇراتتى. ئىلىم ئەھلىلىرىنى ئالاھىدە ھۆرمەتلەپ، ئۇلارغا تېگىشلىك ئورۇن بېرەتتى. شۇڭا، بۈگۈن لاگىرۇدىكى تەكشۈرۈشنى تۈگىتىپ كەلگەن ناسىر بەگكە ئىسمەتۇللانىڭ ئۇچراپ قېلىشى، ئۇنىڭ تەلىيى ئىدى. بۇنىڭ ئۈچۈن، ئەلىشىر ھېكىمبەگ ناسىر بەگدىن خۇشال بولۇپ ئۇنى تارتۇقلىشى تۇرغانلا گەپ ئىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە ناسىر بەگمۇ ئىلىم ئەھلىنى ئۇلۇغلايدىغان، ئۆزىمۇ خېلى چوڭقۇر ئىلىم تەھسىل قىلغان، ھەق - ناھەق كۆز قارىشى ئېنىق، خەلقپەرۋەر كىشى ئىدى. ناسىر بەگنىڭ بۇ تەزەپلىرىنى بىلگەن ئەلىشىر ھېكىمبەگ پات - پات ئۇنى تۆۋەنگە ئەۋەتىپ تۇراتتى.

ناسىر بەگ ئەلىشىر ھېكىمبەگكە ھەپتىدىن بېرى كۆرگەن - ئاڭلىغانلىرى، ھېس قىلغانلىرىنى دوكلات قىلىش ئۈچۈن، قاش قارايغاندا ئوردىغا كىردى. ھېكىمبەگنىڭ ئىجازىتىنى ئالغاندىن كېيىن پۇقرالارنىڭ تۇرمۇشى، يەرلىك مەنسەپدارلارنىڭ چېكىدىن ئاشقان ئىنساپسىزلىقى ھەققىدە پاكىتلىق مەسىلىلەرنى ئوتتۇرىغا قويدى. ئۆزى بىر تەرەپ قىلغانلىرىنى مەلۇم قىلدى. ئاخىرىدا قوينىدىن ھېلىقى تارىشىنى ئېلىپ ئەلىشىر ھېكىمبەگكە ئىككى قوللاپ تەزىم بىلەن سۇندى:

— ھاكىمبەگ ئالىيلىرى، بۇنى نەزەرلىرىدىن ئۆتكۈزگەيلا.

ئەلىشىر ھېكىمبەگ تارىشىغا يېزىلغان بېيىتنى قايتا - قايتا ئوقۇدى. ئۇنىڭ گۆشلۈك چىرايىغا تەبەسسۇم

يامرىدى، ئەقىل - پاراسەت نۇرلىرى تۆكۈلۈپ تۇرىدىغان كۆزلىرى تېخىمۇ نۇرلاندى. يوغان بېشى ئىختىيارسىز رازىمەنلىكنى بىلدۈرۈپ يېنىك لىڭشىدى.

— بۇ تارىشنى نەدىن تاپتىڭىز؟ كارامەت ئېسىل، سۆلەتلىك يېزىلىپتۇ. يېزىلغىنى ھەزرىتى نەۋائىنىڭ بېيىتىدەك قىلىدۇ. خەتتات بىلىمدە كامال تاپقان ئىستىبدات ئىگىسىدەك قىلىدۇ، — دېدى ھاكىمبەگ قولىدىكى تارىشىدىن كۆزلىرىنى ئۈزمەي.

— ھاكىمبەگ ئالىيلىرىغا مەلۇم بولغاي، — ناسىر بەگ ئىككى قولىنى كۆكسىگە قويۇپ، ئالدىغا بىر قەدەم مېڭىپ، ئىگىلىپ سۆزىنى داۋام قىلدى، — بۇ تارىشىدىكى بېيىتنى لايىقا يايلىغاندىكى ئىسمەتۇللا ئىسىملىك موللا بالا يايلاقتا قوي باققاچ، ئويۇپ يېزىپ تۇرۇشىغا ئۇستىگە كەپتىمىز. ئۇ، ئاشۇ يەرلىك موللا نېمەتۇللا ئىسىملىك ئوقۇمۇشلۇق زاتنىڭ ئوغلىكەن. ئەرەب، پارس تىللىرىنى بىلىدىغانلىقىنى ئېيتتى. باشقىلاردىن سۈرۈشتە قىلىپ كۆرۈشىمىزچە، ئىسمەتۇللا يەنە مۇزىكا، شېئىرىيەتتىنمۇ خەۋىرى بار، ئەدەپ - ئەخلاقلىق، كارامەت ئىستىبداتلىق، بىلىمدە پازىل بالىدەك قىلىدۇ، ئالىيلىرى.

— قالتىس خەيرلىك ئىش قىپسىز، ئاللا تېنىڭىزنى سالامەت، ئەقلىڭىزنى زىيادە قىلغاي. قېنى ئۇ بالا، ئالدىمغا كىرسۇن، مەن بىر كۆرۈپ باقاي.

ئەلىشىر ھېكىمبەگ خۇشاللىقىدىن ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى. لېكىن، ناسىر بەگ خۇددى گۇناھكار كىشىدەك بېشىنى يەردىن ئۈستۈن كۆتۈرمەي تۇردى. ئۇ ھاكىمبەگنىڭ مۇشۇنداق خۇشال كەيپىنى: «ئۇ بالا ئاشۇ يايلىغاندا قالدى»



دېگەن سۆز بىلەن ئۇچۇرۇشنى خالىمايتتى.

— نېمە بولدى سىزگە، ئۇ بالىنى چاقىرمامسىز؟

ناسىر بەگ تەستە ئېغىز ئاچتى:

— گۇناھىمنى كەچۈرگەيلا ئالىيلىرى. ئىسمەتۇللا ئاشۇ يايلىغاندا قوي بېقىپ قالدى. مەن ھازىرچە ئۆزلىرىگە مۇشۇنداق بىر ئىستىبدات ئىگىسىنىڭ خەۋىرىنى قىلاي دەپ بۇ تارىشنىلا ئېلىپ كېلىشىم. مەن ئىسمەتۇللانى ئەتىلا ھۇزۇرلىرىغا ئېلىپ كېلەي.

ئەلىشىر ھېكىمبەگ ئورنىدا ئولتۇردى. تارىشنى خۇددى ئېھتىيات قىلمىسا چېقىلىپ كېتىدىغان قىممەتلىك باھالىق تەۋەررۇكتەك ئاۋايلاپ قولىغا ئېلىپ چىرايلىق ئويۇلغان بېيىتقا قارىدى.

— بولىدۇ، دېگىنىڭىزدەك بولسۇن، سىز ئەتىلا ئىسمەتۇللانى ئوردىغا ئېلىپ كېلىڭ، مەن ئۇنىڭ ئىستىبداتىنى ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆرۈپ باقاي. ئەگەر ئۇنىڭدا راستىنلا مۇشۇنداق قابىلىيەت بولىدىغان بولسا، سىزنى ئايرىم تارتۇقلايمەن. يەنە بىر ئىش، ئىسمەتۇللانىڭ ئائىلىسىدىكىلەرنى قورقۇتۇپ قويماڭ، ئۇلارنى خاتىرجەم قىلىپ، رازىلىقىنى ئالغاندىن كېيىن ئېلىپ كېلىڭ، — دېدى ئەلىشىر ھېكىمبەگ.

ئەتىسى قۇياش كۆتۈرۈلۈشى بىلەن تەڭ ناسىر بەگ ئىككى ياساۋۇلنى ئەگەشتۈرۈپ لايىقىغا قاراپ يولغا چىقتى. ئەتىگەنكى قۇياش نۇرى بۇككىدە ئۆسكەن تېرەكلەرنىڭ ئارىسىدىن چېچىلىپ ئۆتۈپ، ناسىربەگنىڭ ماڭىدىغان يوللىرىغا چۈشۈپ تۇراتتى. بىر كۈنلۈك ھاياتلىقى ئۈچۈن بالدۇرلا ئويغىنىپ كەتكەن قۇشقاچ، تۇمۇچۇقلار

تېرەكلەرنىڭ ئۇ شېخىدىن بۇ شېخىغا سەكرىشىپ سايرايتتى. يولنىڭ چېتىدىكى ئىككى قاسنىقنى پۈتۈنلەي چىم، كاككۇك گۈللىرى قاپلاپ كەتكەن ئېرىقتا شىلدىرلاپ ئېقىۋاتقان سۈزۈك سۇ، ئۇنىڭدىن كۆتۈرۈلگەن سالقىن، ساپ هاۋا قوشۇلۇپ ناسىربەگنىڭ خۇشال كەيپىياتىنى تېخىمۇ كۆتۈرمەكتە ئىدى.

ئەلىشىر هېكىمبەگمۇ شۇ تاپنىڭ ئۆزىدە ئۆز خانىسىدا خۇش كەيپ ئىدى. ئۇ خوتەنگە هاكىمبەگ بولغان بىر قانچە يىلدىن بېرى ئاۋام پۇقرانىڭ تۇرمۇشىنى ياخشىلاشنى، دادىسى قىلالمىغان ئىشلارنى قىلىشنى، خوتەننىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈشنى نىيەت قىلدى. لېكىن، ئوردىدا ئاۋام پۇقرانى ئويلايدىغان، ئۇنىڭغا هەمنەپەس بولىدىغان ئىستىبداتلىق كىشىلەر هەقىقەتەن ئاز ئىدى. ئۇ يۇرتنى ئادالەت بىلەن سوراپ، ئاۋام پۇقرانى پاراۋان تۇرمۇشقا ئىگە قىلىشتا ئىسمەتۇللادەك بىرىنىڭ يېنىدا بولۇشىنى كېچە ـ كۈندۈز ئارزۇ قىلىپ كەلگەنىدى. مانا، ئۇنىڭ قانچە يىلدىن بۇيانقى بۇ تىلىكى ئەمدى ئەمەلگە ئېشىش ئالدىدا تۇراتتى. ئۇ ئىسمەتۇللانى تېزرەك كۆرۈشنى، ئۇنى شېئىر يازدۇرۇپ، مۇزىكا چالدۇرۇپ بېقىشنى ئارزۇ قىلاتتى.

## 3

ئىسمەتۇللا پېشىن نامىزىنى ئوقۇپ بولۇپ، «قۇرئان كەرىم» نى ئالدىنقى كۈنى ئوقۇپ كەلگەن يەردىن باشلاپ ئاۋازىنى قويۇپ بېرىپ ئوقۇشقا باشلىدى. ئۇنىڭ ئاۋازى



خۇددى دەريا دولقۇنلىرىدەك كۈچلۈك، تەمبۇرنىڭ ئاۋازىدەك رىتىملىق هەم مۇڭلۇق بولۇپ، ئاڭلىغان كىشىنىڭ يۈرەك تارىلىرىنى تىترىتەتتى. هويلىدا، تال بارىڭى ئاستىدىكى سۇپىدا ئولتۇرغان تىللاخېنىم ئوغلىنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلاپ ئىچ ـ ئىچىدىن سۆيۈندى. كۆزلىرىگە ئىختىيارسىز ئىسسىق ياش كەلدى: «ياراتقان ئۇلۇغ ئىگەم، ئوغلۇمنى ئۆز پاناهىڭدا ساقلىغايسەن. ئۇنىڭغا خاتىرجەملىك، بەخت ـ تەلەي ئاتا قىلغايسەن! ئۇنى ئىلىم تەهسىل قىلىش ئارزۇسىغا يەتكۈزگەيسەن! ...» ئۇ پىچىرلاپ دۇئاغا قول كۆتۈرۈپ تۇرۇشىغا، ئۆڭسۈلى ئۆچكەن موللا نېمەتۇللا ئالدىراش كىرىپ كەلدى:

— ئىسمەتۇللا قېنى؟

— ئۆيدە قۇرئان ئوقۇپ ئولتۇرىدۇ، نېمە بولدى، چىرايلىرى باشقىچە تۇرىدىغۇ؟ — تىللاخېنىم ئېرىنىڭ چىرايىدىكى جىددىيچىلىكنى كۆرۈپ كۆڭلى بىر شۇملۇقنى سەزگەندەك بولدى.

— ئوردىدىن چىققان ئۈچ ئاتلىق كىشى ئىسمەتۇللانى ئىزدەپ كەپتۇ. مەن خەۋەر تېپىپ ئۇلارغا تۇيدۇرماي ئالدىدا كېلىشىم. بىلمىدىم، بۇ ياخشىلىقنىڭ ئالامىتىمۇ ـ يامانلىقنىڭ؟ — دېدى موللا نېمەتۇللا.

بۇ خەۋەردىن پۈتۈن ئۆي ئىچى ساراسىمىگە چۈشتى. ئۇلار نېمە ئىش بولغانلىقىنى، ئوغلىنىڭ قانداق ئىشلارغا چېتىلىپ قالغانلىقىنى بىلمەيتتى. ئاخىرى تىللاخېنىمنىڭ پىلانى بويىچە ئىسمەتۇللانى قازناقتا يوشۇرۇپ قويدى. ئىسمەتۇللا نېمە ئىش بولغانلىقىنى، ئۆزىنىڭ نېمە ئۈچۈن يوشۇرۇنۇپ تۇرىدىغانلىقىنى سوراشقىمۇ ئۈلگۈرمىدى.

پەقەت ئۇ ئاتا ـ ئانىسىنىڭ دېگىنى بويىچە يوشۇرۇنۇپ تۇردى.

ھايال ئۆتمەي ناسىربەگ ئىككى ياساۋۇلىنى ئەگەشتۈرۈپ موللا نېمەتۇللانىڭ ئىشىكى ئالدىدا توختاپ ئاتتىن چۈشتى. ئۇ موللا نېمەتۇللا بىلەن قول ئېلىشىپ كۆرۈشكەندىن كېيىن سورىدى:

— ئۆزلىرى موللا نېمەتۇللا بولامىلا؟

— شۇنداق، بېگىم.

— مەن ئەلىشىر ھېكىمبەگ ئالىيلىرىنىڭ تاپشۇرۇقى بىلەن ئوغۇللىرى ئىسمەتۇللانى ئوردىغا ـ ھاكىمبەگ ئالىيلىرىنىڭ ھۇزۇرىغا تەكلىپ قىلىپ كەلدىم. ئوغۇللىرى ئۆيدە بارمىكىن؟

— ھۆرمەتلىك بېگىم، ئوغلۇم ئىسمەتۇللا ئەدەپ ـ قائىدىلىك، ئارتۇقچە ئادەملەر بىلەن كەلسە ـ كەلمەس ئارىلاشمايدىغان، پەقەت كىتاب كۆرىدىغان بالا. ئۇ قانداق گۇناھلىق ئىشقا چېتىلىپ قالدىكىن، بىلىشكە بولارمۇ؟ — موللا نېمەتۇللا ئەدەپ بىلەن سورىدى.

— خاتىرجەم بولسىلا، ئىسمەتۇللا بىرەر ئىشقا چېتىلىپ قالغىنى يوق. ئۇ ئۆزلىرى دېگەندەك ئەدەپ ـ ئەخلاقلىق، بىلىملىك بالىكەن، — دېدى ناسىر بەگ ۋە ئالدىنقى كۈنى يايلاقتا ئۇچراشقان ئەھۋاللارنى، ئۇ بېيىت ئويغان تارىشنى ھېكىمبەگ ئالىيلىرىنىڭ كۆرگەنلىكىنى، شۇ ۋەجىدىن ئوردىغا تەكلىپ قىلىپ چىققانلىقىنى، ھېچقانداق ئەنسىرەيدىغان ئىشلارنىڭ يوقلۇقىنى تەپسىلىي چۈشەندۈردى.

موللا نېمەتۇللا شۇ چاغدىلا ھەممىنى چۈشەندى.



تەشۋىش ـ ۋەھىمىدىن تاتىرىپ كەتكەن چىرايى خۇددى يامغۇردىن كېيىنكى سۈزۈك ئاسماندەك ئېچىلىپ كەتتى. ئۇ ئەلىشىر ھېكىم بەگنىڭ تەرەققىيپەرۋەر، مەرىپەتپەرۋەر زات ئىكەنلىكىنى، ئۇنىڭ ئىلىم ئەھلىنى قەدىرلەيدىغانلىقىنى كۆپ ئاڭلىغانىدى. شۇڭا ئۇ ئىسمەتۇللانى قازناقتىن چاقىرىپ، ناسىر بەگنىڭ ئالدىغا ئېلىپ چىقتى. ئىسمەتۇللا سالام قىلغاچ ئۇلارنى دەرھال تونۇۋالدى.

— ئىسمەتۇللا بالام! — دېدى ناسىربەگ، ئۇنىڭ بىلەن قىزغىن قول ئېلىشىپ كۆرۈشۈپ، — مەن سىزنى ئوردىغا تەكلىپ قىلىپ چىقتىم. تۈنۈگۈنكى تارىشنى ئەلىشىر ھېكىمبەگ ئالىيلىرى كۆرۈپ، سىزنى بىر كۆرسەم، ئالدىمغا ئېلىپ كەلسەڭلار، دەپ ئەمىر قىلدى. باشقا ھېچقانداق ئەنسىرەيدىغان ئىش يوق.

ئىسمەتۇللا دادىسىغا قارىدى. ئوغلىنىڭ مەقسىتىنى چۈشەنگەن دادا ئېغىز ئاچتى:

— باشقا ئىش يوق، ئوغلۇم، ھېكىمبەگ ئالىيلىرىنىڭ سىزنىڭ ئىستېداتىڭىزنى كۆرۈپ باققۇسى بار ئىكەن. بېرىڭ بالام، ئوردىدىن چاقىرسا بىز نېمە دەيتتۇق، خۇداغا ئامانەت، — دېدى.

تىللا خېنىم يۈگۈرگىنىچە كېلىپ ئىسمەتۇللانى قۇچاقلاپ، ئۈن سېلىپ كۆز يېشى قىلدى. ئانىنىڭ يۈرىكى ئېچىشاتتى، كۆزنى يۇمۇپ ـ ئاچقۇچە ئارىلىقتا يۈز بەرگەن بۇ ئىشلارغا تۇرۇپ ئىشەنسە، تۇرۇپ ئىشەنگۈسى كەلمەيتتى. خۇددى ئوغلى مۇشۇ كەتكەنچە مەڭگۈ قايتىپ كەلمەيدىغاندەك، ئۇنىڭدىن ئايرىلىپ قالىدىغاندەك كۆڭلى پاراكەندە ئىدى. ئىسمەتۇللانىڭ ئاچىلىرى بۇۋى خەدىچە

بىلەن بۇۋى پاتىمەمۇ كۆز ياشلىرىنى تۆكۈپ ئىسمەتۇللانى قۇچاقلىۋالدى. ئۇلار ئىسمەتۇللا بىلەن ئەنە شۇنداق ياش تۆكۈپ خوشلاشتى. ئىسمەتۇللا ناسىر بەگ ئېلىپ چىققان، ئىگەر ـ جابدۇقلىرى توقۇلغان ئاتقا مىنىپ شەھەرگە قاراپ يول ئالدى.

بۇ 1835 ـ يىلى 5 ـ ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرى، چارشەنبە كۈنى ئىدى.



# تۆتىنچى باب ئالتۇننىڭ قەدرىنى زەرگەر بىلىدۇ

## 1

كۈن پېشىندىن ئاشقاندا، ناسىر بەگ قاتارلىقلار گۈجان دەرۋازىسىنىڭ ئالدىدا توختىدى. تۆمۈر رەڭ سىرلانغان شەھەر دەرۋازىسى ھەقىقەتەن ھەيۋەتلىك ھەم يوغان بولۇپ، ئىككى قاۋۇل باقاۋۇل كۈچەپ ئاران تەستە دەرۋازىنى ئېچىپ، ناسىر بەگكە سالام قىلدى. ئۇلار شەھەرگە كىرىپ قاتارىسىغا ئېگىز ـ پەس، ئالدى ـ كەينىگە سېلىنغان ئاشخانىلارنىڭ ئالدىدىن ئۆتۈپ شىمالغا قايرىلىپ، بىر ھازا ماڭغاندىن كېيىن، باشقا ئاشخانىلاردىن ئازادە سېلىنغان پاكىزە بىر ئاشخانىنىڭ ئالدىدا ئاتلىرىنى توختاتتى.

— ھارمىغايلا بېگىم، قېنى ئىچكىرىگە مەرھەمەت قىلغايلا! — ئاشخانا ئىچىدىن ئاق پىشماق، سېمىز، گەۋدىلىك كەلگەن خوجايىن يۈگۈرگەن پېتى ناسىر بەگنىڭ ئېتىنىڭ چۇلۋۇرىنى تۇتتى.

— قېنى، ئىسمەتۇللا بالام، ئاتتىن چۈشۈڭ، قورساقنى ئازراق ئەستەرلىۋالايلى، ئاندىن ھاكىمبەگ ئالىيلىرى بىلەن كۆرۈشسەكمۇ ئۈلگۈرىمىز، — ناسىربەگ شۇنداق دېگەچ ئاتتىن چۈشتى.

باشقىلارمۇ ئۇنىڭغا ئەگىشىپ ئاشخانىغا كىردى. ئىسمەتۇللا ئاشخانىغا كىرىپ ئۇدۇلدىكى تامغا ئېسىپ قويۇلغان تەمبۇر، راۋاپ، دۇتار، داپ… قاتارلىقلارغا كۆزى چۈشۈپ، دەرھال بۇ ئاشخانىنى ئېسىگە ئالدى. بايا ئەجەب ئاشخانا خوجايىنىغا، مۇنۇ ئاشخانىغا دىققەت قىلمىغىنىغا ئۆكۈندى. بۇ ئاشخانىدىكى بىر قېتىملىق غىزا، توغرىسى، بۇ يەردە ئاڭلىغان ناخشا ئۇنىڭ قەلبىنىڭ چوڭقۇر قېتىدىن ئورۇن ئالغان بولۇپ، ھازىرمۇ ئۇنىڭ يۈرىكىنى لەرزىگە سالماقتا ئىدى. ئۇ ئىختىيارسىز ھالدا شۇ قېتىمقى ئىشنى ئېسىگە ئالدى.

ئىسمەتۇللا مۇبارەكشاھ مەدرىسىدە ئوقۇۋاتقان چېغىدا، بىر قېتىم بۇ ئاشخانىنىڭ ئالدىدىن ئۆتۈپ قېلىپ، ئاشخانا ئىچىدىن ئاڭلانغان مۇزىكا ئاۋازىنى، ئۇنىڭغا ماس ھالدا ئوقۇلغان نەۋائى ھەزرەتلىرىنىڭ نەزمىلىرىنى ئاڭلاپ بىر ھازا تۇرۇپ قالدى. كۈينىڭ ئۇدارلىرى، ناخشىنىڭ مەزمۇنى ئۇنىڭ مۇزىكىغا تەشنا چاڭقاق قەلبىنى لەرزىگە سالدى، كۆزىدىن ياش ئەگىدى. شۇ ئەسنادا، خوجايىن چىقىپ ئىسمەتۇللاغا: «تاماق يەمتىڭىز، بالام؟ قېنى ئىچكىرىگە مەرھەمەت!» دېدى. ئىسمەتۇللا ئاشخانىغا كىردى. ئاشخانا ئىچىدە سەككىز - ئوندەك كىشى ئولتۇراتتى. ھەممىسىنىڭ ئالدىدا تاماق، لېكىن ھېچكىم تاماققا ئېغىز تەگكۈزمەي پۈتۈن دىققىتى بىلەن ناخشا ئاڭلىماقتا، بەزىلىرى ئىچىدە ئوقۇماقتا، بەزىلىرى ئېغىر - ئېغىر ئۇھ تارتماقتا ئىدى. ئىسمەتۇللا چەتتىكى بوش ئورۇنغا كېلىپ ئولتۇردى. خوجايىن باشقىلارنىڭ دىققىتىنى چېچىۋەتمەسلىكنى ئويلىغان بولسا كېرەك، ئىسمەتۇللانىڭ



ئالدىغا كېلىپ نېمە تاماق يەيدىغانلىقىنى سوراپمۇ قويماستىن، پۈتۈن دىققىتى بىلەن ناخشا ئاڭلاشقا باشلىدى.

چاچلىرىنى ئۆستۈرۈۋالغان، قوي كۆز، قارا قاشلىق، قاڭشارلىق، ئورۇق كەلگەن، قىرىق بەش ياشلارنىڭ قارىسىنى ئالغان، ئۈستىگە يوللۇق يەكتەك كىيگەن كىشى تەمبۇرنىڭ پەدىسىنى ئۇستىلىق بىلەن «پەنجىگاھ» مۇقامىغا يۆتكىدى. ئۇنىڭ يېنىدىكى داپ، دۇتار چېلىۋاتقان ياشراق ئىككى يىگىتمۇ ئۇنىڭغا ئەگىشىپ تۆۋەندىكى ناخشىنى ئوقۇشقا باشلىدى:

*ئۆرۈلگەنچە - چۆرۈلگەنچە يىللار ئۆرۈلدى،*
*يۈرەكتىكى زەرداپ سۇلار قانغا ئۆرۈلدى.*
*ئاۋۋال باشلاپ خۇدايىمنى ياد ئېتىلى،*
*پەيغەمبەرنىڭ روھىنى شاد ئېتىلى.*
*قانداق قىلىمەن، نائىلاج جانغا تەگكەن ئوق،*
*گاھى كېلىپ، گاھى يېنىپ ئەقلى ھوشۇم يوق.*
*ئەي نازىنىنلەر، ئىشقىنىڭ ئوتى مەندە بار - بار،*
*يۈزمىڭ جاپا - جەۋرۇ ستەم سەندە بار - بار.*

تەمبۇر چېلىۋاتقان ئۇستازنىڭ تارنى چېكىشى، بەدىنى، بېشى ھەممە پۈتۈن ئىشتىياقى بىلەن ئۆزىنى ئۇنتۇغان ھالدا ناخشىنى ئوقۇشىدىن ھەممە قايىل ھەم بىھوش ئىدى. ئىسمەتۇللامۇ ئېسىنى بىلگەندىن تارتىپ مۇشۇ يېشىغىچە مۇقام ئاڭلاپ كېلىۋاتقان بولسىمۇ، ئۇنىڭغا بۈگۈنكىدەك چوڭقۇر تەسىر قىلمىغانىدى. تەمبۇر چېلىۋاتقان ئۇستاز ئاۋازىنى ئاستا - ئاستا پەسلىتىپ، تارنى چېكىشتىن

توختىدى.

ئاشخانا ئىچىنى ئېغىر سۈكۈت باستى. ھەممىنىڭ دىققىتى يەنىلا ھېلىقى ئۇستازدا ئىدى. ئۇ بىر نەپەس ئېلىنۋالغاندىن كېيىن، بېشىنى كۆتۈرۈپ كۆپچىلىككە تەبەسسۇم بىلەن نەزىرىنى ئاغدۇردى. شۇ چاغدىلا، ناخشىنىڭ ئاخىرلاشقىنىنى بىلگەن سورۇن ئەھلىنىڭ دىققىتى چېچىلدى: بەزىلىرى چاپىنىنىڭ پېشى بىلەن ياشلىرىنى سۈرتتى، بەزىلىرى ئۇلۇغ - كىچىك تىنىشتى، بەزىلىرى تەمبۇر چالغان ئۇستازغا رازىمەنلىك تۇيغۇسى بىلەن قاراشتى. ئىسمەتۇللا مەڭزىگە چۈشكەن ياشلىرىنى سۈرتۈپ ئۆزىنى ئاران - ئاران تۇتۇپ ئولتۇردى. ئۇنىڭ ھېلىقى ئۇستازنىڭ پېشىگە، قوللىرىغا سۆيۈپ، نامىشەرىپىنى سورىغۇسى كېلەتتى. لېكىن، ئۇنداق قىلىشنى تازا مۇۋاپىق كۆرمىدى. ناخشىدىن كېيىن سورۇن ئەھلى ھېلىقى ئۇستازغا دۇئا قىلىشقاندىن كېيىن، سوۋۇپ قالغان تاماقلىرىنى يېيىشتى. ئىسمەتۇللامۇ يېرىم قاچا لەغمەن يەپ قايتىپ چىقتى. شۇنىڭدىن باشلاپ، ئىسمەتۇللا بۇ ئاشخانىنىڭ ئالدىدىن كۆپ ئۆتىدىغان، ھەر قېتىم ئۆتكىنىدە ناخشا ئاۋازىنى ئاڭلايدىغان بولدى. بەزىدە بۇ يەردىن ئاڭلىنىۋاتقان ناخشا يېقىپ قالسا، كىرىپ ئولتۇرۇپ، تاماق يەپ قايتاتتى، لېكىن ھېلىقى ئۇستازنى قايتا كۆرۈشكە، ئۇنىڭ مۇڭلۇق مۇقاملىرىنى ئاڭلاشقا نېسىپ بولماي كۆپ ھەسرەت چەكتى. كېيىن ئۇ كىشىنىڭ يەكەن شەھىرىدىن كەلگەن كاتتا ئۇستاز سەدىردىن تەمبۇر ئىكەنلىكىنى ئۇستازى قادىر قالۇندىن ئاڭلىدى.

— ئىسمەتۇللا بالام، قېنى ئاشقا بېقىڭ، نېمە بولدى



سىزگە، ئولتۇرۇپلا كەتتىڭىزغۇ؟

ناسىربەگنىڭ سۆزىدىن ئېسىگە كەلگەن ئىسمەتۇللا ئالدىدىكى ھور چىقىپ تۇرغان، توخۇ گۆشى، بېھى بېسىلغان پولونى كۆردى — دە، خىجىل بولغان ھالدا تاماققا تۇتۇش قىلدى.

ئۇلار ئاشخانىدىن چىقىپ ئاتلىرىغا مىنىپ بىر ھازا ماڭغاندىن كېيىن ئوردا دەرۋازىسى ئالدىدا توختىدى. ئوردا دەرۋازىسى شەھەر دەرۋازىسىدىن كىچىكرەك بولسىمۇ، لېكىن ھەيۋەتلىك، بىرخىل سۈرلۈك كۆرۈنەتتى. دەرۋازىغا چىرايلىق نەقىشلەر ئويۇلغان، ئۈستىگە قاراۋۇللار تۇرىدىغان كىچىك سەينا چىقىرىلغان بولۇپ، قورال تۇتقان ئىككى قاراۋۇل خۇددى بىر كىم قاتۇرۇپ قويغاندەك تىك تۇراتتى. پەستە دەرۋازىنىڭ ئىككى تەرىپىدە گەۋدىلىك كەلگەن ئىككى قاراۋۇلمۇ تىك تۇراتتى. ئۇلارنىڭ چىرايىدىن كىشىنىڭ تېنى شۈركەنگۈدەك بىرخىل سۈر - ھەيۋە تۆكۈلۈپ تۇراتتى. تۇنجى قېتىم ئوردا دەرۋازىسى ئالدىغا كەلگەن ئىسمەتۇللا بۇ ھالەتنى كۆرۈپ باشقىچە بولۇپ قالدى: «مانا بۇ سۈرلۈك دەرۋازا پۇقرالار بىلەن ئەمەلدارلارنى قانچە يىللاردىن بېرى ئايرىپ كەلدى. دەرۋازىنىڭ ئىچىدە ھاكىمبەگ ئائىلىلىرى، ئوردا مەنسەپدارلىرى، خان - ئاغىچا، خېنىملار ئەيش - ئىشرەتلىك، پاراغەتلىك تۇرمۇش كەچۈرىدۇ. مۇشۇ سۈرلۈك دەرۋازا بولغاچقىلا، كەمبەغەللەرنىڭ ئىچىنىشلىق ئاھۇ - زارى، تەلەپ - ئارزۇلىرى ئوردا ئىچىگە ئاڭلانمايدۇ. خەلق ئۆز يۇرتىنىڭ ئاتىسىغا - ھاكىمبەگ ئائىلىلىرىغا ئۆز ئەھۋالىنى كىرىپ ئېيتالمايدۇ. ھەي تەقدىر - قىسمەت!

مەن نەپرەتلىنىدىغان مۇشۇ دەرۋازىنىڭ ئىچىگە كىرىش ئالدىدا تۇرىمەن. يارانقان ئىگەم ئىرادەم، ۋىجدانىمغا خىلاپ ئىشلاردىن ساقلىغايسەن! ». ئۇ شۇلارنى خىيال قىلىپ تۇرغىنىدا، قاراۋۇل سالام بىلەن دەرۋازىنى ئاچتى. ئوردا ئىچىگە كىرگەن ئىسمەتۇللا تېخىمۇ ھەيران قالدى: چىرايلىق ئېچىلغان ھەرخىل گۈللەر، كىچىك پىيادىلەر يولىنىڭ ئىككى چېتىگە قاتارىسىغا سېلىنغان مەجنۇنتال، ھۇپپىدە چېچەكلىگەن ئالما، نەشپۈت دەرەخلىرى، چىرايلىق نەقىشلەرنى ئويۇپ سېلىنغان ئۆيلەر، سۈپسۈزۈك سۇ ئۈستىگە سېلىنغان راۋاق، راۋاققا بارىدىغان ئىككى تەرىپى رىشاتكىلىق كىچىك كۆۋرۈك، شاختىن - شاخقا قونۇپ سايراپ، ئۇچۇشۇپ يۈرگەن قۇشقاچ، تۇمۇچۇق… بۇلارنىڭ ھەممىسى ئۇنىڭ دىققىتىنى تارتتى. ئۇ ناسىربەگكە ئەگىشىپ بىر ھازا ماڭغاندىن كېيىن، ھەيۋەتلىك بىر قورۇنىڭ ئالدىدا توختىدى. ئىشىك ئالدىدا ئىككى قاراۋۇل قوراللىق تۇراتتى.

— بۇ ھاكىمبەگ ئالىيلىرىنىڭ قوبۇلخانىسى، — دېدى ناسىربەگ ئىسمەتۇللاغا بوشقىنا.

— ھارمىغايلا، دىۋان بېگى، ئالىيلىرى ئۆزلىرىنى ساقلاپ ئولتۇرىدۇ، — دېدى بىر قاراۋۇل ئېگىلىپ سالام قىلىپ.

ئۇلار ئەلىشىر ھېكىمبەگنىڭ ھۇزۇرىغا كىردى. قوبۇلخانا ھەقىقەتەن ئادەمنىڭ كۆڭلىنى لال قىلغۇدەك دەرىجىدە كۆركەم، ھەشەمەتلىك ئىدى. ئىشىك، دېرىزىلىرىگە ئويۇلغان چىرايلىق نەقىشلەر كىشىنىڭ دىققىتىنى ئالاھىدە تارتاتتى. غەرب تەرەپتىكى دېرىزىلەردىن



چۈشۈپ تۇرغان قۇياش نۇرى يەرگە سېلىنغان ئوتقاشتەك «كەلكۈن» نۇسخىلىق گىلەم ئۈستىدە ئويناپ كۆزنى قاماشتۇراتتى. ئۇدۇلدىكى ھاكىمبەگ ئالىيلىرى ئولتۇرغان دىۋان، ئۇنىڭ ئىككى تەرىپىدىكى تۈۋرۈك، ئېسىل خوتەن قاشتېشىدىن ياسالغانمۇ ياكى نەقىش ئويۇلغانمۇ دەماللىققا بىلگىلى بولمايتتى. ئىسمەتۇللا بۇلارنى كۆرۈپ كۆڭلى يېرىم بولدى. يۇرتى لايىقىدىكى كىشىلەرنىڭ ئېچىنىشلىق تۇرمۇشى بىلەن بۇ يەردىكى ھەشەمەتلىك مەنزىرە روشەن سېلىشتۇرما بولۇپ، خۇددى بوغۇزىغا بىر نەرسە تۇرۇپ قالغاندەك بىئارام بولدى.

— ھاكىمبەگ ئالىيلىرى! — دېدى ناسىر بەگ ئىككى قولىنى كۆكسىگە قويۇپ سالام بىلەن، — ئەمرلىرى بىلەن ئىسمەتۇللانى ھۇزۇرلىرىغا ئېلىپ كەلدىم.

تاۋار كۆرپە سېلىنغان، ئىككى يېنىغا تاۋار تەكىيە قويۇلغان، سۇرلۇك، ھەيۋەتلىك دىۋاندا ئولتۇرغان، چىرايى سۇزۇك، قاپقارا قاشلىق، قامەتلىك، تاۋار يەكتەك كىيگەن، كۆزلىرىدىن مېھرىبانلىق، ئەقىل - پاراسەت نۇرلىرى تۆكۈلۈپ تۇرىدىغان ئەلىشىر ھېكىمبەگ ئەدەپ بىلەن سالام قىلىپ تۇرغان ئىسمەتۇللاغا تەپسىلىي قاراپ ئۈلگۈردى.

— ئىسمىم - شەرىپىڭىز نېمە، سىز كىمنىڭ بالىسى؟ — ھاكىمبەگ ۋەزمىن ئاھاڭدا سورىدى. ئۇ گەرچە بۇلارنى بىلسىمۇ، لېكىن ئىسمەتۇللانىڭ ئاۋازىنى ئاڭلاپ باقماقچى، زېھنىنى سىناپ كۆرمەكچى ئىدى.

— ھاكىمبەگ ئالىيلىرىغا مەلۇم بولغاي، — ئىسمەتۇللا قولىنى كۆكسىگە قويۇپ سۆزىنى دانە - دانە داۋام

قىلدى.

— ئىسمىم - شەرىپىم ئىسمەتۇللا، ياپىلغاندىكى موللا نىمەتۇللانىڭ ئوغلىدۇرمەن.

ئەلشىر ھېكىمبەگ، يېنىدىن ناسىربەگ ئېلىپ كەلگەن ھېلىقى تارىشىنى ئېلىپ كۆرسەتتى:

— بۇ بېيىتنى سىز ئويغانمۇ؟

— شۇنداق، ئالىيلىرى!

— بۇ كىمنىڭ بېيىتى؟

— ئۇستاز نەۋائىي ھەزرەتلىرىنىڭ، ئالىيلىرى!

— سىز نەۋائىنى ئوبدان بىلەمسىز؟

— مەن كىچىك چېغىمدىن تارتىپ نەۋائىي ھەزرەتلىرىنىڭ نەزمىلىرىنى ئوقۇغان، ھازىرمۇ كۈندە ئوقۇپ تۇرىمەن، ئۇنىڭ دىۋانىنى يېنىمدىن ئايرىمايمەن، ئالىيلىرى.

ئەلشىر ھېكىمبەگ سوئال سوراشنى توختاتتى. ئۇنىڭ كۆزلىرىدىن، چىرايىدىن ئىسمەتۇللادىن رازى بولغانلىقى، ناسىربەگنىڭ ئېيتقانلىرىنىڭ راستلىقىغا ئىشەنگەنلىكى چىقىپ تۇراتتى. ئىككى ياندا ئولتۇرۇشقان بەگلەرمۇ ئىسمەتۇللا ھەققىدە كۇسۇرلىشىپ پاراڭغا چۈشتى. ئەلشىر ھېكىمبەگ، ناسىربەگنىڭ: «ئىسمەتۇللا شېئىر يازالايدىكەن، مۇزىكىدىنمۇ خەۋىرى باركەن» دېگەن سۆزىنى ئېسىگە ئېلىپ، يەنە سورىدى:

— سىزنى شېئىر يازالايدىكەن، مۇزىكىدىنمۇ خەۋىرى باركەن، دەپ ئاڭلىدىم، بۇ راستمۇ؟

— شۇنداق، ئالىيلىرى، كەمىنىلىرى كىچىكىمدىن باشلاپ شېئىر، مۇزىكىغا ئىشتىياق باغلىغانمەن. داۋاملىق



شېئىر - نەزمە يېزىپ گال قەلىمىمنى پىشۇرۇۋاتىمەن. مۇزىكىغا كەلسەك، «12 مۇقام»نى ئاساسەن ئورۇنلىيالايمەن، ئالىيلىرى. بۇ جەھەتتە مېنىڭ دەسلەپكى ئۇستازىم دادام موللا نىمەتۇللادۇر. ئۇ مول بىلىمى بار ئىستېداتلىق كىشى.

— ھاكىمبەگ ئالىيلىرىغا مەلۇم بولغاي! — دېدى ناسىر بەگ ئىسمەتۇللانىڭ سۆزى ئاخىرلىشىشىغا، — ئىسمەتۇللا يەنە ئەرەب، پارس تىللىرىنىمۇ بىلىدىكەن.

ئەلشىر ھېكىمبەگ بىر ئىشىنىپ، بىر ئىشەنمەي ئىسمەتۇللاغا قارىدى. بۇنى سەزگەن ئىسمەتۇللا:

— ئەرەب، پارس تىللىرىنىمۇ كىچىكىمدىن تارتىپ ئۆگەندىم، ھازىرمۇ ئۆگىنىپ تۇرىمەن. شەيخ سەئدى، ئابدۇراخمان جامى قاتارلىق ئۇستازلارنىڭ ئەسەرلىرىنى ئۆز تىلىمىزغا ئۆرۈيەلەيمەن، — دېدى ئىسمەتۇللا مۇلايىملىق بىلەن.

ئىسمەتۇللانىڭ جاۋابىنى ئاڭلىغان ئەلشىر ھېكىمبەگ ئورنىدىن يېرىم تۇرۇپ يەنە ئولتۇردى. ئۇ شۇ تاپتا قانچە يىللاردىن بېرى يىتتۈرۈپ قويغان قىممەتلىك ئەنگۈشتەرىگە ئېرىشكەندەك ھاياجانلانماقتا، خۇشال بولماقتا ئىدى. پەستە ئولتۇرۇشقان بەگ - تۆرىلەرمۇ تەۋرەپ كەتتى. ئۇلارمۇ ئىسمەتۇللاغا ھەۋەس، سۆيۈنۈش، گۇمان ۋە ھەسەت بىلەن قاراشماقتا ئىدى. بولۇپمۇ، بۇ يەردە ئولتۇرغانلار ئىچىدە ناسىر بەگ بىلەن قۇتبىدىن مىرزىنىڭ ھېسسىياتى پۈتۈنلەي قارىمۇ قارشى ئىدى: ناسىر بەگ شۇ تاپنىڭ ئۆزىدە ئەلشىر ھېكىمبەگدىن ئۆتە خۇشال ئىدى. مۇشۇنداق بىر تالانت ئىگىسىنىڭ ئوردىدا بولۇشىنى ئارزۇ قىلاتتى. يەنە كېلىپ

ئىسمەتۇللانى ئۆزىنىڭ ئۇچرىتىپ قېلىپ ئوردىغا ئېلىپ كەلگەنلىكىدىن پەخىرلىنەتتى. قۇتبىدىن مىرزابەگنىڭ يۈرىكىدە بولسا ھەسەت ئوتلىرى كۆيەتتى. ئەگەر قۇدرىتى يەتسە، شۇ تاپنىڭ ئۆزىدە بۇ بىلەرمەن شۇمتەكنى يەر يۈزىدىن يوق قىلىشنى، ئۇنى ماختاپ، ئۇچۇرۇپ ئوردىغا ئېلىپ كەلگەن ناسىر بەگكە تىل - ھاقارەت ياغدۇرۇشنى ئويلايتتى. چۈنكى ئۇ قانچە يىللاردىن بېرى ئوردىنىڭ باش مىرزا بېگى بولۇپ كېلىۋاتقان بولسىمۇ، ئۆزىنىڭ ئۆچەي دەپ قالغان بىر يۈلتۈز، بۇ يېڭى كەلگەن شۇمتەكنىڭ بىلىم، ئىستېداتتا نۇر چېچىپ تۇرغان تولۇن ئاي ئىكەنلىكىنى پەملىگەنىدى.

بۈگۈنكى تۈنجى ئۇچرىشىش مۇشۇ تەرىقىدە ئاخىرلاشتى. ھەممىسى تۈرلۈك ھېسسىيات، قاراش بىلەن تارقىلىشتى. ناسىربەگ ئەلىشىر ھېكىمبەگنىڭ تاپشۇرۇقى بىلەن ئىسمەتۇللانى سىرتقا ئېلىپ چىقىپ غىزالاندۇرغاندىن كېيىن، ئوردا ئىچىگە - چاقىقانغىنا بىر ياتاققا ئورۇنلاشتۇرۇپ قويۇپ، ئەتىسى كۆرۈشىدىغانلىقىنى ئېيتىپ خوشلاشتى.

ئەتىسى ناشتا بىلەن ناسىربەگ خۇش تەبەسسۇم بىلەن ئىسمەتۇللانىڭ ياتىقىغا كىردى:

— قانداقراق، خېلى ياخشى ئۇخلاپسىزمۇ، بالام، — دېدى ئۇ.

ئىككىيلەن ئوردىدىكى ئىشلار توغرىسىدا، ئاۋام پۇقرالارنىڭ تۇرمۇشى ھەققىدە مۇڭداشتى. ناسىربەگ ئىسمەتۇللانى ياقتۇرۇپ قالغانىدى. ئۇنىڭ ئەخلاقىي - پەزىلىتى، مول، ئەتراپلىق بىلىمى، مىجەز - خاراكتېرىنى



ياقتۇرغاچقا، «ئىسمەتۇللا بالام» دېگەن سۆزنى ئېغىزدىن چۈشۈرمەيتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە، ئىسمەتۇللانى ئۇچرىتىپ ئوردىغا ئېلىپ كىرگەنلىكى ئۈچۈن ئۇ ئەلىشىر ھېكىمبەگنىڭ ئالاھىدە تارتۇقلىشىغا، ئەتىۋارلىشىغا ئېرىشىشى تۇرغانلا گەپ ئىدى. ناسىربەگ ئىسمەتۇللانى بۈگۈن «ئوردا بېغى» دا ئۆتكۈزۈلىدىغان كۆڭۈل ئېچىشقا باشلاپ كەلدى. بۇ ئەلۋەتتە ئەلىشىر ھېكىمبەگنىڭ تاپشۇرۇقى بىلەن ئالدىن ئورۇنلاشتۇرۇلغان سورۇن ئىدى.

ئۇلار «ئوردا بېغى» غا كەلگەندە، باغنىڭ قاپ ئوتتۇرىسىدىكى راۋاقتا ئەلىشىر ھېكىمبەگدىن باشقا بەگ، مەنسەپدارلار، سازەندىلەر جايلىشىپ بولغانىدى. راۋاقنىڭ كۈن چىقىش تەرىپىدە، تاۋار يەكتەك كىيگەن بەگلەر ئۆزلىرىنىڭ ئەمەل تەرتىپى بىلەن ئولتۇرۇشاتتى. ئۇنىڭ قارشىسىدا دۇتار، تەمبۇر، قالۇن، داپ، غېجەك... لىرىنى تۇتۇپ ئونغا يېقىن سازەندە ئولتۇراتتى. شۇ ئارىدا ئەلىشىر ھېكىمبەگ يېتىپ كەلدى. ھەممە ئورۇنلىرىدىن تۇرۇپ سالام بىلەن ھۆرمەت بىلدۈرۈشتى. ھاكىمبەگ ئۆز ئورنىغا جايلىشىۋالغاندىن كېيىن، ئىجازەت ئالغان سازەندىلەر سازلىرىنى تەڭكەش قىلىپ شوخ، ئەركىن خوتەن خەلق ناخشىلىرىنى ئوقۇدى. ناخشا خېلىلا يۇقىرى ماھارەت بىلەن ئورۇنلانغان بولۇپ، ناخشا تېكىستى، مەزمۇنى بىلەن مۇزىكىنىڭ ئۇدارلىرى تولىمۇ ماس كەلگەنىدى. ئىسمەتۇللا پۈتۈن دىققىتىنى يىغىپ ئاڭلىماقتا، ئۇنىڭدىن ھۇزۇرلانماقتا ئىدى. ئارقىدىن پەدە «ئۆزھال» مۇقامىنىڭ بىرىنچى مەشرىپىگە يۆتكىلىپ، ھۇۋەيدانىڭ نەزمىسى رىتىملىق ئوقۇلۇشقا باشلىدى.

ئىسمەتۇللانىڭ يۈرىكى مۇقامنىڭ سېھرىي كۈچىدىن ئېزىلدى، ۋۇجۇدى لەرزىگە كەلدى. كۆزلىرى لىققىدە ياشقا تولدى: «ئەجەب ئېسىل كۈيلەر، ئاتا - بوۋىلىرىمىزنىڭ پۈتۈن ئارزۇ - تىلىكى، باشلىرىدىن كەچۈرگەن سەرگۈزەشتىلىرى، قىسمەتلىرى، مۇھەببەت - نەپرەتلىرى، پاك، سەممىي ئېتىقادلىرى··· ھەممىسى مۇشۇ بىباھا مۇقاملارغا مۇجەسسەم بولغان. ئۇلار بىلەن مۇقام ھەمنەپەس بولۇپ كەلدى! ···» ئۇ شۇلارنى ئويلاپ، ئۆزىنىڭمۇ تەمبۇرنى قولىغا ئېلىپ بىر پەدە مۇڭ قىلىپ، سەنئەتكە بولغان پاك سۆيگۈسىنى نامايان قىلغۇسى كەلدى. شۇنداقتىمۇ بۇ ئۇستازلارنىڭ ئالدىدا ئۇنداق قىلىشنى ئەدەپسىزلىك، ھۆرمەتسىزلىك دەپ قاراپ، ئەدەپ بىلەن ئولتۇرۇشقا مەجبۇر بولدى. مۇقام ئاخىرلاشتى. سازەندىلەر «ئەمدى قايسىغا چالىمىز؟» دېگەندەك بىر - بىرىگە قاراشتى. ناسىر بەگ ئۇلارنى توختىتىشقا ئىشارەت قىلىپ، سورۇن ئەھلىگە ئىسمەتۇللانى تونۇشتۇرۇپ، ئۇنىڭ بىرەر پەدە كۈينى ئاڭلىماقچى ئىكەنلىكىنى بىلدۈردى. ئىسمەتۇللا قورۇنۇپ ئورنىدىن تۇرۇپ ئاۋۋال ئەلىشىر ھېكىمبەگكە، ئاندىن سازەندىلەرگە قارىدى. ئەلىشىر ھېكىمبەگ: «قېنى چېلىڭ!» دېگەن ئىشارەت بىلەن ئىجازەت قىلغاندىن كېيىن، ئىسمەتۇللا ياندىكى سازەندىنىڭ قولىدىن تەمبۇرنى ئېلىپ «راك» مۇقامىنىڭ بىرىنچى داستانىغا چالدى ھەمدە تېكىستىنى رىتىملىق، ئېنىق ئوقۇشقا باشلىدى:

*ئەي دىلا، گۈل ۋاقتىدا گۈلزارىدىن ئەندىشە قىل،*



*ئۆزمىگىل بىھۇدە گۈلنى كارىدىن ئەندىشە قىل.*
*كىمكى كىردى بۇ چىمەنگە تا گۈل ئۈزمەي يانمىدى،*
*ئارى - ئارى گۈل ئۈزەرسەن خارىدىن ئەندىشە قىل.*
*پاشەكىم بىدارلىقتىن ئىچتى ئادەم قانىنى،*
*بەزى - بەزى مەردۇمى بىرارىدىن ئەندىشە قىل.*
*راست سۆزۈڭنى ئېيتمىغىل ھەر كىمنى سەن مەھرەم بىلىپ،*
*ئاقىل ئەرسەڭ مەھرەمۇ ئەسرارىدىن ئەندىشە قىل.*
*گەنجى تاپساڭ زاھىر ئەتمە تۇت نىھات ئەلدىن نىھرى،*
*تاپسا شەھۋەت زالىمى بەتكارىدىن ئەندىشە قىل.*
*ئەي ھۇۋەيدا، قىلمىغىل مەنسۇردەك سىرىڭنى پاش،*
*ئەيلىسەڭ ھويى ئەنەلھەق دارىدىن ئەندىشە قىل.*

تەمبۇر ئىسمەتۇللانىڭ قولىدا شۇنداق مۇڭلۇق سايرىدىكى، ئۇنىڭ ئاۋازى گۈلباغلاردىكى بۇلبۇللارنىڭ يېقىملىق خەندان ئۇرۇشنى، چىمەنلەر ئارىسىدىكى بۇلاقلارنىڭ رىتىملىق بۇلدۇقلىشىنى، ئاشىقلىق چۆلىدە سەرسان بولغان مەجنۇننىڭ لەيلىنىڭ ۋىسالىغا تەلپۈنگەن چاڭقاق يۈرىكىنىڭ گۈپۈلدىشىنى، ئەمدىلا يورۇق دۇنياغا كۆز ئاچقان بوۋاقنىڭ تاتلىق تىنىقلىرىنى··· ئەسكە سالاتتى.

پۈتۈن سورۇن ئەھلى سۈكۈتكە چۆمدى. خۇددى بىرەرسى چوڭراق تىنسا ئېغىر گۇناھ ئۆتكۈزۈپ قويىدىغاندەك ئىچىدە تىنىپ جىمجىت ئولتۇرۇشتى. ئىسمەتۇللا ئارقىدىن نەۋائىنىڭ غەزىلىنى ئوقۇدى. نېمىشقىدۇر ئۇنىڭ ئاۋازى خۇددى، نەۋائى مۇشۇ غەزەلنى يازغان چېغىدا تۆككەن كۆز يېشىنى داۋاملاشتۇرۇپ تۆكۈپ، ئۇنىڭ بىلەن غايىۋانە سىردىشىپ ھەمسۆھبەت

بولۇۋاتقاندەك، ئاشۇ بىباھا مۇقامنى ئىجاد قىلغان ئەجدادلارنىڭ ئوتلۇق قەلبى، ئالەمچە سۆيگۈسىگە ھەمدەمدە بولۇۋاتقاندەك ئاجايىپ مۇڭ، ھەسرەت بىلەن چىقتى. ئەلىشىر ھېكىمبەگ گەرچە سەنئەتنى - مۇقامنى سۆيۈپ، كۆپ نەغمىلەرنى ئاڭلىغان بولسىمۇ، مۇشۇ يېشىغا كەلگۈچە مۇنداق يۈرەكنى ئېزىدىغان مۇڭنى، سەممىمىي قەلبتىن چىققان، ئۆزگىچە سېھرىي كۈچكە ئىگە ناخشىنى ئاڭلاشقا مۇيەسسەر بولمىغىنىغا كۆڭلىدە ئىقرار بولۇپ ئولتۇرماقتا ئىدى. گەرچە ئوردىغا كەلتۈرۈلگەن سازەندىلەر يۇرت - يۇرتلاردىن تاللاپ كەلتۈرۈلگەن بولسىمۇ، ئۇنىڭ نەزىرىدە يەنىلا ئىسمەتۇللاغا يەتمەيتتى. ئۇ ئىچىدە مۇشۇنداق ئىستىبدات ئىگىسى بىلەن ئۇچراشتۇرغان ناسىربەگكە كۆپ رەھمەت - تەشەككۈر ئوقۇدى. ئەلىشىر ھېكىمبەگمۇ ياش چاغلىرىدا ئوردىدا خېلى ئەتراپلىق، مۇكەممەل بىلىم تەھسىل قىلغان بولۇپ، تەمبۇر، دۇتار قاتارلىقلارنى خېلى ياخشى چالاتتى، ئانچە - مۇنچە شېئىرمۇ يازاتتى. لېكىن ئۇ بۇرۇنقى ئىشلار ئىدى. ئۇ ھاكىمبەگلىك مەنسىپىگە ئولتۇرغاندىن بېرى باشقىلار چالغاننى ئاڭلىدى، قەدىرلىدى، لېكىن ئۆزى چېلىپ باقمىدى. پۈتكۈل خوتەن دىيارىنىڭ ئەمىنلىكى، پۇقرالارنىڭ قانداق تۇرمۇش كەچۈرۈشى ئۈستىدە غەم يەپ، شۇنىڭ بىلەن ئالدىراش ئۆتكەچكە، ئۇنىڭغا بۇرۇنقىدەك شېئىرغا، سازغا ئىشتىياق باغلاشقا ۋاقىت يوق ئىدى. ئۇنىڭ ھازىر ئولتۇرسا - قوپسا ئويلايدىغىنى خوتەننىڭ سودا - سېتىق ئىشلىرىنى گۈللەندۈرۈش، ئاۋام پۇقرالارنىڭ تۇرمۇشىنى ياخشىلاش، ئالىم - ئۆلىمالارنى ئىززەتلەپ، ئۇلارغا شارائىت يارىتىپ



بېرىش ئىدى. بۇ جەھەتتىن ئېيتقاندا، ئىسمەتۇللا ئۇنىڭ يېقىن سىردىشى، مەسلىھەتچىسى بولۇپ، ئوردا ئىشلىرىنىڭ ئادىل بىر ياقلىق بولۇشى، خەلق تۇرمۇشىنىڭ گۈللىنىشى، خوتەننىڭ مەدەنىيەت، ئەدەبىيات - سەنئەت ئىشلىرىنىڭ تەرەققىي قىلىشىدا زور كۈچ چىقىرالايتتى.

ئىسمەتۇللانىڭ قوللىرى تەمبۇرنىڭ تارلىرىنى چېكىشتىن ئاستا - ئاستا توختىدى. ئۇ بېشىنى كۆتۈرۈپ ئېغىر ئۇھ تارتتى. ئۇ ئەمدى مۇقام ئاتا قىلغان مەنىۋى دۇنيادىن قايتىپ چىققاندەك قىلاتتى. ئۇ ئورنىدىن تۇرۇپ، ئەلىشىر ھېكىمبەگكە ھۆرمەت بەجا كەلتۈرۈپ سالام قىلدى. ئەلىشىر ھېكىمبەگ شۇ چاغدىلا مۇقامنىڭ ئاخىرلاشقانلىقىنى بىلىپ، خىيال دېڭىزىدىن قايتىپ چىقتى ۋە ئۆزىمۇ سەزمىگەن ھالدا ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى:

— كارامەت بەلەن چالدىڭىز، ئاپىرىن سىزگە، ئۇلۇغ ئاللاتائالا قولىڭىزغا دەرد بەرمىگەي! ئاۋازىڭىزنى تېخىمۇ ساز، زېھنىڭىزنى تېخىمۇ ئۆتكۈر قىلغاي!... — ئۇ شۇنداق دېدى - دە، دۇئاغا قول كۆتۈردى. پۈتۈن سورۇن ئەھلى ئەلىشىر ھېكىمبەگكە ئەگىشىپ دۇئا قىلدى. ئۇ ئىشتىن ئىسمەتۇللا قاتتىق تەسىرلەندى. كۆز چاناقلىرى ياشقا تولدى، پۈتۈن ۋۇجۇدى ھاياجاندىن داۋالغۇدى. ئۇ مۇقامنى مۇشۇنچىلىك چۈشەنگەن ئەلىشىر ھېكىمبەگكە، پۈتۈن سورۇن ئەھلىگە قايتا - قايتا رەھمەت ئېيتقۇسى كەلدى. لېكىن، ھاياجاندىن ئۇنىڭ بوغۇزىغا بىر نەرسە تۇرۇپ قالغاندەك بولۇپ ئاۋازى چىقمىدى. ئۇ بۇ رەھمەتنى يۈرىكىنىڭ چوڭقۇر قاتلاملىرىغا يوشۇردى. ئۇ بۇ رەھمەتنى پەقەت كۆڭلىدىلا ئوقۇدى. دۇئادىن كېيىن ئەلىشىر

ھېكىمبەگ ئۇنىڭغا ئالاھىدە ھۆرمەت بىلەن تون كىيگۈزۈپ، نەپىس، كۆركەم ياسالغان بىر تەمبۇر بىلەن تارتۇقلىدى ھەمدە ئۇنى ئوردىغا مىرزا قىلىپ تەيىنلىگەنلىكىنى جاكارلىدى. ئارقىدىن ناسىربەگنىمۇ تون يېپىپ تارتۇقلىدى، بۇنىڭ بىلەن سورۇندا ئالقىش ياڭرىدى. ھەممە ئەلىشىر ھېكىمبەگنىڭ بۇ ئىشىدىن سۆيۈندى. پەقەت قۇتبىدىن مىرزىلا خۇددى قوقاسقا چۈشكەن قىلدەك تولغىنىپ، كۆڭلىدە ئاللانېمىلەرنى ئويلاپ ئازاب چەكمەكتە ئىدى.

## 2

ئىسمەتۇللا ئوردىغا كەتكەندىن كېيىن تىللا خېنىم كۆپ ئازاب چەكتى. خۇددى ئۇنىڭ يۈرىكىنى بىرسى زورلۇق بىلەن يۇلۇپ ئېلىپ كەتكەندەك زار - زار يىغلىدى. بۇۋى خەلچە بىلەن بۇۋى پاتىمە گەرچە ئانىسىنىڭ كۆڭلىنى ياساپ، ئۇنىڭغا تەسەللى بېرىدىغان سۆزلەرنى دېسىمۇ، لېكىن ئۇلارمۇ يۈرىكىدە يىغلايتتى. ئۇلارمۇ ئىنىسىدىن ئەنسىرەپ، ئۇنىڭ بېشىغا قانداق كۈلپەت - قىسمەتلەرنىڭ كېلىدىغانلىقىنى خىيالەن تەسەۋۋۇر قىلاتتى. لېكىن بۇ خىل قورقۇنچلۇق خىيالنى قايتا ئويلاشقا، ئېغىزدىن چىقىرىشقا جۈرئەت قىلالمايتتى. موللا نېمەتۇللا ئوغلى توغرىسىدا ئارتۇقچە گەپ - سۆزلەرنى قىلماي، چىرايىنى ئاچماي يۈرەتتى: «ئوردا ئىچى تولىمۇ قالايمىقان، كۆرەلمەس قارا نىيەتلەر كۆپ يەر، ئۇلۇغ خۇدا ئوغلۇمنى بىرەر تۆھمەت، كېلىشمەسلىكتىن ساقلىغايسەن!» دەيتتى ئۇ



ئىچىدە. مانا مۇشۇ خىل ئەنسىرەش، دەككە - دۈككە ئىچىدە ئىككى ھەپتىمۇ ئۆتۈپ كەتتى. ئوردا تەرەپتىن ئىسمەتۇللا توغرىسىدا ھېچقانداق خەۋەر كەلمىدى. بىچارە ئانا ھەتتا كېچىسىمۇ ئۆرە ئولتۇرىدىغان، بىرەر شەپە ئاڭلىسىلا: «ۋاي، كۆز نۇرۇم ئوغلۇم، جېنىم ئوغلۇم كەلدى!» دەپ سىرتقا يۈگۈرەيدىغان بولۇپ قالدى. بەزى كېچىلىرى جايىنامازدا ئولتۇرۇپ ئوغلىغا ئامانلىق تىلەپ تاڭ ئاتقۇزاتتى. بۇنداق چاغلاردا، موللا نېمەتۇللا ئېغىر «ئۇھ!» تارتىپ قوياتتى. ئۇ بارا - بارا ئىسمەتۇللادىنمۇ، ئايالىدىنمۇ ئەنسىرەيدىغان بولۇپ قالدى: «ھەزرىتى ئۇستاز ئەلىشىر نەۋائى: ‹ئەمەلدار بىر پارچە ئوت، يىراق تۇرساڭ توڭدۇرىدۇ، يېقىن تۇرساڭ كۆيدۈرىدۇ› دەپ بىكار ئېيتمىغان. مېنىڭمۇ مۇشۇ يېشىمغا كەلگۈچە بېشىمدىن كۆپ ئىسسىق - سوغۇق ئۆتتى. بەگ، مەنسەپدارلارنىڭ قايسى بىرىدىن ياخشىلىق كۆردۈم؟ ئۇلارنىڭ تىلى بىلەن دىلى ئەسلا بىر ئەمەس، ھىيلە - مىكرى كۆپ، ھەممىسى ئېغىزىدا ئادالەت، ھەققانىيەتنى ياقىلايدىيۇ، ئەمەلىيەتتە بولسا جىمىكى رەزىل ئىشلارنى شۇلار قىلىدۇ. ئۇلارنىڭ ئېسىل ئوردا سارايلىرى، ئەيش - ئىشرەتلىك تۇرمۇشى، مېھنەتكەش خەلق ئاممىسىنىڭ قان - تەرىدىن كەلگەن. ئاشۇ بەگ، ئامباللار، ئاق نانچى چېرىكلەر خەلقنىڭ بېشىغا دەسسەپ مەشرەپ ئوينايدۇ. شۇنداق ئىكەن، يۈرىكى ئاۋام پۇقرا، ھەق - ئادالەت ئۈچۈن سوقىدىغان ئوغلۇمنىڭ، ئۇلار بىلەن بىر يولدا مېڭىشى، بىر داستىخاندا ئولتۇرۇپ غىزالىنىشى مۇمكىنمۇ؟ گەرچە ئەلىشىر ھېكىمبەگ ئادالەتنى ياقىلايدىغان، ئىلىم - مەرىپەتنى قوللايدىغان كىشى

بولسمۇ، ئۇنىڭ ئەتراپىدا يەنە بىر بۆلەك نادان، قارانىيەتلىك، خۇشامەتچى ئەمەلدارلارنى يوق دېگىلى، ئۇلارنى ئوغلۇم ئىسمەتۇللاغا تۇرلۇك بەتناملارنى چاپلىمايدۇ، دېگىلى بولامدۇ؟ ...» موللا نىمەتۇللا ئويلىغانسېرى ئازاب چەكتى، ئۇنىڭ ئۇيقۇسى كېلىدىغاندەك قىلمايتتى. ئۇ كۆز چاناقلىرىنىڭ ياشقا تولغانلىقىنى سېزىپ، ئاستا باشقا تەرەپكە ئۆرۈلۈپ ياتتى.

— ئوغلۇم ئىسمەتۇللادىن ئەنسىرەپ، يۈرىكىم يېرىلاي، دەپ قالدى. ھېلىمۇ بىر ئاي بولۇپ قالدى، ھېچقانداق خەۋىرى يوق. سىلە ھېچ ئىش بولمىغاندەك بەخىرامان ئولتۇرىلا، شەھەرگە كىرىپ ئۇقۇشۇپ باقسىلا بوپتىكەن، — دېدى بىر كۈنى تىللا خېنىم ئەتىگەنلىك ناشتىدا كۆز يېشى قىلىپ.

موللا نىمەتۇللا بىر ئاز ئويلىنىۋالغاندىن كېيىن، ئېغىر بېسىقلىق بىلەن ئېغىز ئاچتى:

— ئىسمەتۇللادىن مەنمۇ ئەنسىرەيمەن. لېكىن، كۆڭلۈم تۈيۈپ تۇرىدۇ، ئۇنىڭغا ھېچ ئىش بولمايدۇ. يەنە بىر، ئىككى كۈن ساقلايلى، شەھەرگە كىرگەن بىلەنمۇ ئوردىغا كىرگۈزمەيدۇ، يەنە بىكار قايتىپ چىقىدىغان ئىش.

تىللا خېنىم ئۇزۇن يىللىق قەدىناس ھەمرىيىغا ئارتۇقچە گەپ - سۆز قىلىشنى راۋا كۆرمىدى. چۈنكى، شۇنچە كۈندىن بۇيان ئۇنىڭمۇ ھەسرەت چېكىپ يۈرگەنلىكىنى، كېچىلىرى ئېغىر ئۇھ تارتىۋاتقانلىقىنى، ئۇيقۇسىزلىقتىن كۆزلىرىنىڭ قىزىرىپ، قاپاقلىرىنىڭ ئىششىپ قوپقانلىقىنى كۆرۈپ تۇرۇپ، يەنە ئېچىشقان يەرگە تۇز سەپكەندەك: «ئوغلۇمنى تېپىپ بەرسىلە!» دەپ



تەرسالىق قىلىسا قاملاشمايتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە، ئالدىنقى ھەپتىسى تۇساللادىكى يېقىن دوستى زەينۇللا ھاجى كەلگەندە، موللا نىمەتۇللا ئوغلى توغرىسىدا ئۇزۇندىن - ئۇزۇن مۇڭداشتى. بۇلارنى ياندىكى ئۆيدە ئاڭلاپ ئولتۇرغان تىللا خېنىم ھەممىنى چۈشەنگەن، مۇھىمى نىمەتۇللا موللامنىڭ ھازىرقى ھالىتىنى بىلگەنىدى. تىللا خېنىم بۇلارنى ئويلاپ، ئۈن - تىنسىز ھالدا ياندىكى ئۆيگە كىرىپ كەتتى ۋە ئىچىدە پىچىرلىدى: «يارانقان ئۇلۇغ ئىگەم، ئوغلۇمنى ئامان قىلغايسەن!»

موللا نىمەتۇللا ئەتىگەنلىك ناشتىدىن كېيىن، سىرتقا ماڭدى. ئۇ: «شەھەردىن چىققان كىشىلەردىن ئۇقۇشۇپ باقاي، ئىسمەتۇللا توغرۇلۇق بىرەر گەپ - سۆز ئاڭلاپ قالسام ئەجەب ئەمەس» دەپ ئويلىدى. ئىيۇن ئايلىرىنىڭ ئوتتۇرىلىرى، سەھرا باشقىچە گۈزەل ئىدى. ئېتىزلىق، دەل - دەرەخ يېشىللىققا پۈركەنگەن، سۆگەتلەر قويۇق سايە تاشلاپ تۇرغان ئۆستەڭدە سۈزۈك سۇلار شىلدىرلاپ ئاقاتتى. موللا نىمەتۇللا بىر بېسىپ، ئىككى بېسىپ ئۆينىڭ تۆۋەن تەرىپىدىكى ئازما ئالدىغا كېلىپ توختاپ قالدى. شۇ تاپتا ئۇنىڭ خىيالىدىن بىر قانچە يىلنىڭ ئالدىدىكى بىر ئىش كەچمەكتە ئىدى.

ئىسمەتۇللانىڭ يەتتە ياشقا كىرگەن چاغلىرى بولسا كېرەك، بىر كۈنى ئۇ ئەتىگەن چىقىپ كەتكەنچە چۈشتىمۇ ئۆيگە كەلمىدى. كۈن پېشىندىن ئاشتى. ئۇ يەنىلا قايتىپ كەلمىدى. بۇ دەل خوتەننىڭ كەلكۈن مەزگىلى 7 - ئاينىڭ ئاخىرلىرى ئىدى. ھەر يىلى مۇشۇ پەسىلدە سۇغا چۆمۈلۈپ ئۆلۈپ كەتكەن بالىلار چىقىپ تۇراتتى. بۇلارنى خىيالىدىن

ئۈتكۈزگەن موللا نىمەتۇللانىڭ كۆز ئالدى قاراڭغۇلاشتى، بېشى قايغاندەك بولدى ـ دە، سىرتقا ئۇچقاندەك يۈگۈردى. ئۇ باشقىلاردىن سۈرۈشتۈرۈش ئارقىلىق ئىسمەتۇللانىڭ ئۆيىنىڭ تۆۋىنىدىكى ئازما تۈۋىدە ئىكەنلىكىنى ئاڭلاپ تېخىمۇ قورقتى. يۈگۈرۈپ ئازما تۈۋىگە كەلدى. ئىسمەتۇللا شارقىراپ چۈشۈۋاتقان سۇغا تىكىلگىنىچە قاراپ ئولتۇراتتى. ئوغلىنى كۆرۈپ ئۇنىڭ يۈرىكى جايىغا چۈشتى.

— ئوغلۇم، بۇ يەردە نېمە ئىش قىلىسىز؟ مېنى قورقۇتۇپ جېنىمنى ئالاي دېدىڭىزغۇ؟ — دېدى نىمەتۇللا هاسىراپ تۇرۇپ.

دادىسىنىڭ سۆزىدىن ئېسىگە كەلگەن ئىسمەتۇللا ئالدىراپ ئورنىدىن تۇردى:

— خاپا بولماڭ، دادا، سىزنى ئەنسىرىتىپ قويۇپتىمەن. ماۋۇ ئازمىدىن چۈشكەن سۇ خۇددى سىزنىڭ تەمبۇرىڭىزنىڭ ئاۋازىدەك مۇزىكا چىقىرىدىكەن. ئەتىگەندىن بېرى مۇشۇنى ئاڭلاپ ئولتۇرۇپ قاپتىمەن، — دېدى ئۇ.

موللا نىمەتۇللا ئوغلىنى كۆتۈرۈپ قۇچىقىغا ئېلىپ پېشانىسىگە سۆيدى:

— دېگەنلىرىڭىز توغرا، ئوغلۇم! مۇزىكىنى مانا مۇشۇ تەبىئەت دۇنياسى، ئۇنىڭدىكى جىمىكى نەرسە بىزگە بەرگەن. مۇزىكا خۇددى مۇشۇ ئازمىدىن چۈشۈۋاتقان سۇغا ئوخشاش ئۈزۈلمەي مەڭگۈ داۋام قىلىدۇ. يەر يۈزىدىكى جىمىكى جانلىقلار سۇسىز ياشىيالمايدىغاندەك، بىز ئادەملەرمۇ مۇزىكىسىز ياشىيالمايمىز، ئوغلۇم!

ئۇ يەنە ئوغلىدىن كۆپ نەرسىلەرنى، سۇنىڭ شارقىرىشىدىن نېمىلەرنى هېس قىلغانلىقىنى سورىدى.



ئىسمەتۇللانىڭ جاۋابى ئۇنى سۆيۈندۈردى. ئوغلىدا مۇزىكىغا بولغان چوڭقۇر قىزىقىشنىڭ هەم بىر خىل سەزگۈنىڭ بارلىقىنى تۇنجى قېتىم هېس قىلدى.

— نېمە، سۇ بىلەن سىردىشىۋاتامىلا، نىمەتۇللا موللام؟

شەهەر تەرەپتىن ئېشەككە مىنىپ چىققان بىر كىشى ئۇنىڭ دىققىتىنى بۆلدى. ئۇ ئېشەكلىك كىشىگە سالام بىلەن كۈلۈپ قويدى. لېكىن، نىمىشقىدۇر ئوغلى توغرىسىدا گەپ ـ سۆز سورىغۇسى كەلمىدى. ئۇ كىشىمۇ ئارتۇقچە گەپ قىلمايلا خوشلىشىپ ئۆتۈپ كەتتى: «ئەگەر بىرەر خەۋەر ئاڭلىغان بولسا سورىمىساممۇ دەيتتى» دەپ ئويلىدى نىمەتۇللا ئۇ كىشىنىڭ ئارقىسىدىن قاراپ. ئۇ بىردەم تۇرغاندىن كېيىن ئۆيىگە قاراپ يول ئالدى. ئۇ يولدا كەلگەچ ئۇستاز مەهمۇد قەشقىرىنىڭ: «ئەگەر ساڭا ئېغىر كۈنلەر كەلسە، بۇمۇ ئۆتۈپ كېتەر دەپ سەۋرى قىلغىن، دۇنيانىڭ ئىشلىرى شۇنداق بولىدىغانلىقىنى چۈشەن، هەر بىر جاپا ـ مۇشەققەتكە هەسرەت چېكىپ، ئۆزۈڭنى ئالدۇرۇپ قويما» دېگەن سۆزلىرىنى ئېسىگە ئېلىپ، ئەنسىزچىلىك ئىچىدە قالغان كۆڭلىگە تەسەللى تاپقاندەك بولدى ـ دە، قەدىمىنى چوڭ ـ چوڭ ئالدى.

## 3

موللا نىمەتۇللا ئائىلىسىدىكىلەر ئاشۇنداق دەككە ـ دۈككە، ئەنسىزچىلىك ئىچىدە هەركۈنى شەهەرگە قاراپ، كۆزلىرى تېشىلەي دېگەن ئوتتۇز بەشىنچى كۈنى، ئەمەلدارلىق كىيىمى كىيگەن ئىسمەتۇللا ئوردىدىن مەخسۇس

بىرىلگەن ئاتقا مىنىپ ئىشىك ئالدىدا پەيدا بولدى.

ئۇ ئەسلى ھەپتىدىن كېيىنلا ئەلىشىر ھېكىمبەگدىن ئىجازەت ئېلىپ ئائىلىسىدىكىلەرنى خاتىرجەم قىلماقچى، دادىسىدىن كېيىنكى ئىشلار توغرۇلۇق مەسلىھەت ئالماقچى ئىدى. لېكىن، ئەلىشىر ھېكىمبەگ، ناسىربەگ قاتارلىقلار بىلەن تۆۋەنگە تەكشۈرۈشكە چۈشۈپ كەتكەچكە، «ئەلىشىر ھېكىمبەگ ئائىلىلىرى بۈگۈن كېلەر، ئەتەر كېلەر» دەپ ساقلاپ تۇرۇشقا مەجبۇر بولغانىدى. ئۇ ئەمدىلا ئاتتىن چۈشۈپ تۇرۇشىغا، تىللا خېنىم ھويلىدىن يۈگۈرگىنىچە چىقىپ ئۇنى باغرىغا باستى:

— بارمۇ سەن، بالام، ساقمۇ سەن، بالام! كۆز نۇرۇم، بالام!

ئانىسىغا ئەگىشىپ چىققان ئاچىلىرى بۈۋى خەلىچە، بۈۋى پاتىمەلەرمۇ ئۇنىڭغا ئېسىلىپ كۆز ياشلىرىنى تۆكۈپ ئەھۋال سورىدى. ئارقىدىن موللا نىمەتۇللا چىقىپ ئوغلىغا ئوبدان سەپسېلىپ قارىغاندىن كېيىن قول ئېلىشىپ كۆرۈشتى. ئۇلار شۇ تەرىقىدە قىزغىن، قانماي كۆرۈشۈپ ئۆيگە كىردى. بۈۋى خەلىچە بىلەن بۈۋى پاتىمە تاماقتا تۇتۇش قىلدى. تىللا خېنىم ئوغلىغا ھەۋەس بىلەن تويماي قاراپ كەتتى: ئىسمەتۇللانىڭ ئۇستىۋېشىدىكى ئەمەلدارلىق كىيىمى ئۇنىڭغا شۇنداق ياراشقان بولۇپ، ئۇنى سالاپەتلىك، سۈرلۈك، ئېغىر - بېسىق كۆرسەتتى. ئانا ئىسمەتۇللانىڭ خېلىلا چوڭ بولۇپ قالغانلىقىنى، كېلىشكەن يىگىت بولۇپ ئۆسكەنلىكىنى بۈگۈن تۇنجى قېتىم ھېس قىلدى. ئۇ ئۇنىڭغا سۆيۈنۈپ قارىدى: «ئوغلۇم ئەدەپ - ئەخلاقلىق، ئىنساپ - دىيانەتلىك، بىلىملىك ئادەم بولدى. ياراتقان



ئاللاتائالا ئۇنىڭ بەخت - تەلىيىنى بەرگەي! ئىشلىرىنى ئوڭشاي، يوللىرىنى راۋان قىلغاي، ئۇ ئەسلى مەنسەپدار بولمىسا ياخشى بولاتتى. ئەمدىلىكتە ئۇ ئوردىدىكى بەگ، تۆرىلەر بىلەن كېلىشىپ ئۆتەلەرمۇ؟...» ئانا بۇنى ئويلىغانسېرى بىئارام بولدى. شۇ تاپتا، ئۇنىڭ مېڭىسى ھەر خىل خىياللار بىلەن توشۇپ كەتكەنىدى. بىر تۇرۇپ ئىسمەتۇللادىن سۆيۈنسە، بىر تۇرۇپ ئەنسىرەيتتى، بىر تۇرۇپ خۇشال بولاتتى.

ئىسمەتۇللا ئوردىدا كۆرگەن، ھېس قىلغانلىرىنى، بولۇپمۇ ئەلىشىر ھېكىمبەگ، ناسىربەگ توغرىسىدىكى تەسىراتلىرىنى تەپسىلىي سۆزلەپ بەردى. دادا ئوغلىنىڭ ئەلىشىر ھېكىمبەگ تەرىپىدىن ئالاھىدە ئەتىۋارلىنىپ، مىرزا بېگى قىلىپ تەيىنلەنگەنلىكىنى، تەمبۇر، تون بىلەن تارتۇقلانغانلىقىنى ئاڭلاپ قاتتىق ھاياجانلاندى، خۇشال بولدى. لېكىن بۇ خۇشاللىق ئۇزۇنغا بارمىدى. ئۇنىڭ ئويلىغانلىرى تىللا خېنىمنىڭ ئويلىغىنى بىلەن ئوخشاش ئىدى: «بۇنداق ئەتىۋارلىنىش بىر ھېسابتا ياخشىلىقنىڭ ئالامىتى ئەمەس، كېيىن قانداق ئىشلار يۈز بېرىدۇ بىلىپ بولماق تەس. ئوردا ئاقىللارمۇ، نادانلارمۇ، كەڭ قورساقلارمۇ، كۆرەلمەسلەرمۇ توپلانغان جاي، ئۇنىڭ ئۇستىگە قۇتبىدىن مىرزا بېگنى ھەممە كىشى ئىچى يامان، بىلىمسىز، يامانغا يانتاياق بولىدىغان ئادەم دېيىشىدۇ. ئۇ ئوغلۇمنى قارشى ئالارمۇ؟ گەرچە ھازىر ئەلىشىر ھېكىمبەگ ئائىلىلىرى ئىسمەتۇللانى ئەتىۋارلاپ، ياخشى مۇئامىلە قىلغان بولسىمۇ، كېيىن ئۇنى پىتنە - پاساتلارغا ئىشەنمەيدۇ دېگىلى بولامدۇ؟ ئىسمەتۇللا ئوردىغا بارمىسۇنمۇ يا؟... بۇ قەتئىي

مۇمكىن ئەمەس، ئۇ چاغدا ھاكىمبەگ ئالىيلىرىنىڭ ئەمرى بىلەن قارشىلاشقان بولۇپ، گۇناھ ئۆتكۈزىدىغان ئىش...» نېمەتۇللا كۆپ ئويلاندى. ئاخىرى ئوغلىغا نەسىھەت قىلىشنى مۇۋاپىق دەپ قارىدى:

— ئوغلۇم، سېنىڭ ئوردىدا ئىشلىشىڭگە مەن ئانچە قوشۇلۇپ كەتمەيمەن، ئاناڭمۇ قوشۇلمايدۇ. لېكىن، ھاكىمبەگ ئالىيلىرىنىڭ ساڭا نەزىرى چۈشۈپ، ئالاھىدە ئەتىۋارلاۋاتسا، بىز نېمىمۇ دېيەلەيمىز؟ مەيلى، ئوردىدا ھاكىمبەگ ئالىيلىرىنىڭ خىزمىتىنى قىل، ئۆزۈڭگە پۇختا بول، قائىدە ـ يوسۇن، ئەدەپ ـ ئەخلاقنى ھەر ۋاقىت ئۆزۈڭگە ھەمراھ قىل، كەڭ ئاۋام پۇقرانى ئويلاپ، ھاكىمبەگ ئالىيلىرىغا ياخشى تەكلىپ، مەسلىھەتلەرنى بېرىپ تۇر. ئۇستاز ئەلىشىر نەۋائىينىڭ: «زامانىنىڭ زۇلۇمىدىن بېشىڭغا تاش ياغسىمۇ، كىشىلەرنىڭ خىزمىتىدىن باش تارتمىغىن، ئەگەر ئۇ تاش بىلەن بېشىڭ يېرىلسا، ئۇنىڭدىن قالغان تارتۇقنى بەختىڭنىڭ بەلگىسى دەپ بىلگىن» دېگەن سۆزى ئېسىڭدە بولسۇن. يەنە شۇنىڭغىمۇ دىققەت قىل، بالام. ئوردا ھەرخىل ئادەملەر توپلانغان جاي، بەزىبىر ئادەملەرنىڭ چىشىغا تېگىشتىن ئېھتىيات قىلىش كېرەك. «ئەللامە زەمەخشەرى» نامى بىلەن تونۇلغان ئۇلۇغ تىلشۇناس ئالىم ئوبۇلقاسىم شەھابىددىن مەھمۇد بىننى جارۇللا ئۆزىنىڭ «نەۋابىغۇل كېلەم» ناملىق ئەسىرىدە: «پادىشاھقا يېقىن ئادەملەرنىڭ ئورنى قانچە يۇقىرى بولسا، ئۇلارغا خەتەرمۇ شۇنچە چوڭ بولىدۇ. تاغنىڭ چوققىسىغا چىققان ئادەم دومىلاپ چۈشۈشتىن قاتتىق ساقلىنىشى لازىم» دەيدۇ. بۇ سۆزنىڭ مەنىسىنى سەن ئەلۋەتتە بىلىسەن، يەنە



دانىشمەن ئۇستازلاردىن بىرى شۇنداق دەيدۇ: «ھەي ئادەم، سەن ئانىدىن تۇغۇلغان ۋاقتىڭدا يىغلاپ دۇنياغا كەلدىڭ، ئەمما ئەتراپىڭدىكىلەر ساڭا قاراپ كۈلۈشىدۇ. ئەمدى سەن جەمئىيەت ئۈچۈن پايدىلىق ئادەم بولۇپ يېتىشىپ، خەلقنىڭ ھۆرمەت، مۇھەببىتىگە سازاۋەر بول، دۇنيادىن ئۆتكىنىڭدە ئەتراپىڭدىكىلەر يىغلاپ قالىدۇ، ئەمما سەن كۈلۈپ تۇرۇپ كېتىسەن. چۈنكى، قىلغان ياخشى ئىشلىرىڭنى جەمئىيەت ئۇنتۇمايدۇ، نامىڭنى ھۆرمەت بىلەن تىلغا ئالىدۇ.» قارا، ئوغلۇم، نېمىدېگەن مەزمۇنلۇق سۆزلەر ـ ھە! سەن ئوردىدا ئوت بىلەن ئوينىشىسەن. قاتتىق ئېھتىيات قىل، ئۆزۈڭنىمۇ، ئۆزگىنىمۇ كۆيدۈرمە، شۇ چاغدا مەن سەندىن خاتىرجەم بولىمەن.

— تەلىمىڭىزگە رەھمەت دادا، چوقۇم دېگەنلىرىڭىزنى ئېسىمدە تۇتىمەن. ئۆزۈمگە، سىلەرگە يۈز كېلەلمەيدىغان ئىشلارنى ھەرگىز قىلمايمەن، — دېدى ئىسمەتۇللا دادىسىدىن رازى بولغان ھالدا.

تاماقتىن كېيىن دادا، بالا ئىككىسى كېچىچە مۇڭدىشىپ چىقتى. موللا نېمەتۇللا ھەر بىر سۆزىنىڭ ئارىسىغا نەۋائى، ئابدۇراخمان جامى، شەيخ سەئدى، يۈسۈپ خاس ھاجىپ قاتارلىق ئۇستازلارنىڭ ئېسىل مىسرالىرىنى، پەندى ـ نەسىھەتلىرىنى نەقىل كەلتۈرۈپ، ئۆز قاراشلىرىنى تېخىمۇ تەسىرلىك بايان قىلاتتى. ئىسمەتۇللامۇ دادىسىنىڭ دېگەنلىرىنى كۆڭۈل قويۇپ ئاڭلاپ، قايىللىقىنى، ئىرادىسىنى بىلدۈرۈپ ئولتۇردى. ئەتىسى چۈشلۈك تاماقتىن كېيىن ئىسمەتۇللا ئاتا ـ ئانىسىنىڭ دۇئاسىنى ئېلىپ، ئۆيدىكىلەر بىلەن خوشلىشىپ شەھەرگە قاراپ يول ئالدى.

ئۇ ئات ئۈستىدە ئولتۇرۇپ ئۆزى تۇغۇلۇپ ئۆسكەن سەھراغا، ئۇنىڭدىكى ھەر بىر تۈپ دەل - دەرەخ، گىياھلارغا، ئېرىق - ئۆستەڭلەردە شىلدىرلاپ ئېقىپ تۇرغان سۈزۈك سۇلارغا تويماي قارىدى. سۆيى ئەلۋەك، ھويلا - ئاراملىرى تال باراڭلىق، ئېتىز قىرلىرى، يول ياقىلىرى ياڭاقزارلىق، يېشىللىققا پۈركەنگەن بۇ سەھرا، ئۇنىڭ قەلبىدە ھەقىقەتەن ئۇنتۇلغۇسىز گۈزەل ئىدى. ئۇنىڭ ساددا خىياللىرى، گۈزەل ئارزۇ - ئارمانلىرىنى، بولۇپمۇ شېئىرىيەتكە، مۇزىكىغا بولغان ئوتتەك قىزغىن مۇھەببىتىنى، مانا مۇشۇ گۈزەل تۇپراق - مۇقەددەس ئانا يۇرتى ئاتا قىلغانىدى. ئۇ شۇلارنى خىيالىدىن ئۆتكۈزۈپ، بۇ بىر پارچە بوستانلىققا ئاخىرقى قېتىم تويماي قارىغاندىن كېيىن ئېتىغا قامچا سالدى.



# بەشىنچى باب ئەل غېمى

## 1

ئىسمەتۇللانى ئەلىشىر ھېكىمبەگ ناھايىتى ئەتىۋارلىدى. ئوردىدا تۈرلۈك چوڭ - كىچىك ئىشلارنى كېڭەشكەندە، ئۇنىڭ پىكرىنى ئېلىپ بېقىشنى زادىلا ئۇنتۇپ قالمايتتى: «يېشى كىچىك بولغىنى بىلەن ئەقلىدە زىيادە، بىلىمدە پازىل، مۇزىكىدا يېتىلگەن، كەمتەر، خۇش پېئىل، گەپ - سۆزلىرى ئورۇنلۇق يىگىت ئىكەن» دەپ ئويلايتتى ئۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن بولسا كېرەك، ئەلىشىر ھېكىمبەگ ئىسمەتۇللانىڭ ئىلىم تەھسىل قىلىش، شېئىر يېزىش، ئوردىدىكى خىزمەتلىرى ۋە تۇرمۇشىنى ئۆزى بىۋاسىتە ئورۇنلاشتۇرۇپ، ئۇنىڭ ئۆز تالانتىنى ئىشقا سېلىشىغا ئالاھىدە شارائىت يارىتىپ بەردى. ئىسمەتۇللامۇ باشتا: «ئەمەلدار - مەنسەپدار دېگەننىڭ ياخشىسى يوق. ئۇلارنىڭ ساڭا قاراپ كۈلگەن ۋاقتى، دەل ساڭا بىر سۇيىقەست پىلانلاپ، ئۆز ئىشىدىن سۆيۈنگەن چېغىدۇر. شۇڭا، ئۇلاردىن ھەرقانداق چاغدا ئېھتىيات قىلىش زۆرۈردۇر» دەپ ئويلىغان ھەم ئۆزىمۇ كۆپ ئىشلاردا ئەنسىرىگەنىدى. لېكىن، كۈنلەرنىڭ ئۆتۈشىگە ئەگىشىپ، ئەلىشىر ھېكىمبەگنىڭ ئۆزى ئويلىغاندەك قارا قورساق،

بەتنىيەت، زالىم، ئەيش - ئىشرەتكە بېرىلىدىغان كىشى بولماستىن، بەلكى خەلقپەرۋەر، ئادالەتنى ياقلايدىغان، تەرەققىيپەرۋەر، ئىلىم - مەرىپەت ئىگىلىرىنى قەدىرلەيدىغان كىشى ئىكەنلىكىنى بىلىپ كۆڭلى خاتىرجەم بولدى ھەمدە چولڭ - كىچىك سورۇنلاردا، تالاش - تارتىش بولۇۋاتقان مەسىلىلەر توغرىسىدا قورۇنماي، دادىل پىكىر قىلىپ، ئۆز قاراشلىرىنى ئوتتۇرىغا قويىدىغان بولدى.

ئەلىشىر ھېكىمبەگ ئىسمەتۇللانىڭ شېئىر يېزىش، ساز چېلىش ۋە خەتتاتلىق ماھارىتىنى ئالاھىدە ياقتۇراتتى، شۇڭا ئۇنى ئوردىدا ئۆتكۈزۈلۈپ تۇرىدىغان ئىلمىي سۆھبەتلەر، مۇزىكا كېچىلىكلىرىدە ئىززەتلەپ ئۆز يېنىدىن ئورۇن بېرەتتى. ئۇنىڭ يازغان شېئىرلىرىنى ئاڭلاپ كۆڭلى كۆتۈرۈلۈپ، ھاردۇقى چىقىپ، چەكسىز مەنىۋى زوق ئالسا، ھەرخىل نۇسخىدا يازغان ھۆسنخەتلىرىنى كۆرۈپ زېھنى ئېچىلاتتى. ئۇ ئورۇنلىغان مۇزىكىنى ئاڭلايدىغان بولسا، ئۆزىنى باشقا بىر مەنىۋى دۇنيادا ھېس قىلىپ، گاھ يۈرىكى ھەرىكەتتىن توختاپ، پۈتۈن بەدىنى سوۋۇپ كەتكەندەك، گاھ ۋۇجۇدى ھاياجاندىن تەۋرەپ، يۈرىكى ھېلىلا كۆكرىكىدىن چىقىپ كېتىدىغاندەك كەيپىيات ئىچىدە ئۆزىنى ئۇنتۇپ، تەمبۇردىن ياغرىغان مۇڭ ئىچىگە چۆكۈپلا كېتەتتى.

بۈگۈنمۇ ئىسمەتۇللا ئوردىدا ئۆتكۈزۈلگەن ئىلمىي سۆھبەتكە داخىل بولدى. بۇ يىغىلىشقا ئوردىدىكى بەگ، ئۆلىمالاردىن ئون نەچچە كىشى قاتناشقان بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى ئەڭ كىچىكى ئىسمەتۇللا ئىدى. شۇنداقتىمۇ ئۇنىڭغا سورۇننىڭ تۆرىدىن - ئەلىشىر ھېكىمبەگنىڭ



يېنىدىن ئورۇن بېرىلدى. سۆھبەتكە قاتناشقانلار ئارىسىدا، تېۋىپلارمۇ، تارىخچىلارمۇ، شائىرلارمۇ، مۇزىكانتلارمۇ بار بولۇپ، خالىغان تېمىدا ئەركىن پاراڭ سېلىشىپ ئولتۇراتتى. كېيىن پاراڭ تېمىسى تەبىئىي ھالدا ئۇيغۇر تارىخىدا ئۆتكەن پادىشاھلار، ئۇلارنىڭ تۈرلۈك قىسمەتلەر بىلەن تولغان ھاياتى، ئۆز ھاكىمىيىتىنى مۇستەھكەملەش ئەھۋالى قاتارلىقلارغا كۆچتى. ئاخىرىدا، سۇلتان سۇتۇق بۇغراخان ھەققىدىكى قىسسىسىگە مەركەزلەشتى. باياتىندىن بېرى بىرەر ئېغىزمۇ پاراڭ قىلماي خىيالچان ئولتۇرغان ئىسمەتۇللانى كۆرگەن قۇتبىدىن مىرزا: «ئىسمەتۇللا قەيەردىن گەپ چىقسا شۇ يەردىن ئېغىز غىچىرلايدىغان، لېكىن ئەتىدىن بىر ئېغىزمۇ گەپ قىلمىدى. قارىغاندا، بۇ بىلەرمەن شۇمتەك تارىخ ئىلمىدىن خەۋەرسىز ئوخشايدۇ. ئۇنى بىر مات قىلايچۇ؟» دەپ ئويلىدى - دە، ۋەزمىن ئاھاڭدا ئېغىز ئاچتى:

— ئىسمەتۇللا مىرزا يېشى كىچىك بولغىنى بىلەن بىلىدىغانلىرى بىزدىن كۆپ، كۆپ كىتاب كۆرگەن، پىكرى ئورۇنلۇق. شۇ ۋەجىدىن ئوردىغا كىرگەندىن بۇيان بەگ ئالىيلىرىنىڭ ئالاھىدە ئىززەتلىشىگە، باشقا بەگ، تۆرىلەرنىڭ ھۆرمىتىگە ئېرىشىپ كەلدى. بىز بۇنىڭدىن ھاكىمبەگ ئالىيلىرىنىڭ ئۆلىمالارنى قانچىلىك قەدىرلەيدىغانلىقلىرىنى، ئالىيلىرىنىڭ سەمىمىي قەلبىنى چۈشىنىپ، كۆپ خۇرسەن بولدۇق، — ئۇ بىر ئاز تۇرۇۋېلىپ سورۇن ئەھلىگە تەكشى قاراپ چىقتى. ئۇنىڭ چوڭقۇر ئورا كۆزلىرى پارقىراپ، قورۇق باسقان چىرايىدا بىلىنەر - بىلىنمەس تەبەسسۇم جىلۋە قىلدى. ئۇ سۆزىنى

قايسى يوسۇندا ئاخىرلاشتۇرسا مۇۋاپىق بولىدىغانلىقى ھەققىدە ئازراق ئويلىنىۋالغاندىن كېيىن، يالغاندىن بىر - ئىككىنى يۆتىلىپ قويۇپ سۆزىنى داۋام قىلدى، — دېمەكچىمەن، سۇلتان سۇتۇق بۇغراخان توغرۇلۇق بىزنىڭ بىلىدىغانلىرىمىزدىن بىلمەيدىغانلىرىمىز كۆپ، شۇڭا بۇ خۇسۇستا ئىسمەتۇللا مىرزىنىڭ بايانىنى ئاڭلاپ باقساق ياخشى بولامدىكىن! — قۇتبىدىن مىرزا قۇلتۇقىغا ماموق تەكيە قىستۇرۇپ، تاۋار كۆرپە ئۈستىدە يېنىچە ئولتۇرغان ئەلىشىر ھېكىمبەگكە قاراپ سۆزىنى ئاخىرلاشتۇردى.

— يوقسۇ، ئۇستازلارنىڭ ئالدىدا بىلەرمەنلىك قىلىشقا تىلىم بارمايدۇ، — دېدى ئىسمەتۇللا ئورنىدىن ئەدەپ بىلەن يېرىم تۇرۇپ. لېكىن، ئىسمەتۇللانىڭ پارىڭىغا ئالاھىدە قىزىقىدىغان ئەلىشىر ھېكىمبەگ بۇ تەكلىپتىن خۇشال بولدى. شۇڭا ئۇ ئىسمەتۇللاغا نەزىرىنى ئاغدۇرۇپ:

— قېنى بىلىدىغانلىرىڭىزنى ئايىمىغايسىز! — دېدى.

— سۇلتان سۇتۇق بۇغراخاننىڭ دادىسى قاراخان، — دەپ سۆزىنى باشلىدى ئىسمەتۇللا سورۇن ئەھلىگە تەكشى قاراپ قويۇپ، — ئىسمى - جىسمىغا لايىق قارانىيەت، كۆرگەنلا مۇسۇلماننى تىرىك قويمايدىغان بىر خان ئىكەن. لېكىن، ئاللاتائالانىڭ كارامىتى بىلەن ئىسلامغا ئاداۋىتى كۈچلۈك بۇ كۇپاردىن بىر ئوغۇل تۇغۇلۇپتۇ. بۇ ئوغۇل ئۈچ كۈنگىچە يا ئانىسى، يا باشقا بىرەر ئايالنىڭ سۈتىنى ئېغىزغا ئالماپتۇ. ئانىسى ئوغلىنىڭ ئەھۋالىدىن ئەنسىرەپ تۇرغاندا، چۈشىدە بالىسىنىڭ: «ئەي ئانا! ئەگەر مۇسۇلمان بولساڭ سۈتۈڭنى ئېمەي، مۇسۇلمان بولمىساڭ ئەممەيمەن، بۇ سىرنى ھېچ كىشىگە دېمە» دېگەن سۆزى ئايان بوپتۇ. ئۇ



ئۇيقۇدىن تۇرۇپ ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىپتۇ. بالا ئانىنى ئېمىپتۇ. ئانىسى ئېرىنىڭ خۇلقى - مىجەزىنى بىلگەچكە، بۇ ئەھۋالنى ئۇنىڭغا دېمەي، ئۆز ئىمانىنى مەخپىي ساقلاپتۇ. مۇغۇللارنىڭ ئادىتى بويىچە بالا تۇغۇلۇپ بىر ياشقا كىرگەن چاغدا، ئات، كالا، قوي ئۆلتۈرۈپ، پۈتۈن يۇرت ئەھلىنى چىللاپ ئات تويى مەرىكىسى ئۆتكۈزىدىكەن. شۇ پەيتتە، ئانىسى بىلەن دادىسى مەرىكىگە تەرەددۇت قىلىپ، بۇ خۇش پېئىل، چىرايلىق ئوغلىمىزغا نىمە دەپ ئات قويساق بولار، دەپ مەسلىھەتلىشىۋاتقاندا، تېخى ئەمدىلا بىر ياشقا كىرگەن بۇ بالا: «مېنىڭ ئېتىم سۇتۇق بۇغرا بولسۇن» دەپ تىلغا كىرىپتۇ. دادىسى بۇنىڭغا ھەيران بولۇپ، خۇشاللىقتىن ئۇنىڭ ئېتىنى سۇتۇق بۇغرا دەپ قويۇپتۇ.

ئىسمەتۇللا سۇلتان سۇتۇق بۇغراخان ھەققىدىكى رىۋايەتنى شۇنداق بېرىلىپ سۆزلىدى. ئۇنىڭ دېگەنلىرى ھېسسىياتلىق، رىتىملىق ھەم ئېنىق ئىدى. پۈتۈن سورۇن ئەھلى خۇددى مەكتەپتە كۆڭۈل قويۇپ دەرس ئاڭلاۋاتقان ئوقۇغۇچىلارغىلا ئوخشاپ قالغاندەك قىلاتتى. ئىسمەتۇللا بىر ئاز تۇرۇۋالغاندىن كېيىن سۇتۇق بۇغراخاننىڭ چوڭ بولۇپ، دادىسىنىڭ ئىنىسىنىڭ قىزىغا ئۆيلەنگەنلىكى ھەم ئايالىنىڭمۇ مۇسۇلمان بولغانلىقى، كېيىن ئۇنىڭ مۇسۇلمان ئىكەنلىكىنى بىلىپ قالغان قاراخاننىڭ ئۆز ئوغلىغا قارشى جازا يۈرۈش قىلغانلىقى، قاتتىق جەڭدە سۇتۇق بۇغراخان قاراخاننى مەغلۇپ قىلىپ، دادىسىنىڭ پايتەختىنى ئىگىلەپ، ئۆزىنىڭ مۇسۇلمانلىقىنى ئاشكارا ئېلان قىلىپ، يۇرتتا ئادالەت ۋە پاراۋان تۇرمۇش يارىتقانلىقى قاتارلىقلارنى بايان قىلدى.

«قارا، ماۋۇ شۇمتەكنى، مۇشتۇمدەك تۇرۇپ بىلمەيدىغان نىمىسى يوق، قەيەردىن گەپ چىقسا، شۇ يەردىن سۆزلەيدىكىنا. مەن مۇشۇ يېشىمغا كەلگۈچە ئاڭلاپ باقمىغان ئىشلارنى خۇددى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرگەندەك دەۋاتقىنىنى قارىمامدىغان؟ هەي، ئىست! ئەسلى ئۇنىڭ يۈزىنى چۈشۈرىمەن دەپ ئەكسىچە ئىش قىلىپ قويغىنىمنى قارىمامدىغان! هەي، ئىست! هەي، ئىست! باشتا نېمىشقا بۇلارنى ئويلاپ يەتمىگەندىمەن!...» خۇددى قوقاسقا چۈشكەن قىلدەك تولغىنىپ، بىئارام بولغان قۇتبىدىن مىرزا ئازاب بىلەن يۇقىرىقىلارنى ئويلىدى. ئۇ ئويلىغانسېرى ئاچچىق يۇتاتتى، بېشى چىڭقىلىپ كۆزلىرى قاراڭغۇلىشاتتى. دېمىسىمۇ، ئىسمەتۇللا ئوردىغا كەلگۈچە قۇتبىدىن مىرزا مىرزا بېشىلىق سالاهىيىتى بىلەن هۆرمەتكە سازاۋەر بولۇپ، هەرقانداق سورۇننىڭ تۆرىدىن ئورۇن ئالاتتى. ئوردىنىڭ چوڭ - كىچىك ئىشلىرىدا ئەلىشىر هېكىمبەگ ئۇنىڭدىن مەسلىهەت ئالاتتى. ئۇنى ئالاهىدە قەدىرلەيتتى، لېكىن مۇنۇ بىلەرمەن شۇمتەك كەلگەن بىر يىلدىن بۇيان، گەرچە ئۇ مىرزا بېشىلىق سالاهىيىتىدىن ئېلىپ تاشلانمىسىمۇ، ئەمەلىيەتتە هاكىمبەگ ئالىيلىرىنىڭ ۋە باشقا بەگ، مەنسەپدارلارنىڭ نەزىرىدىن چۈشۈپ قېلىۋاتاتتى. ئۇ ئۆزىنىڭ مۇبارەك ئورنىدا كاتتا سالاپەت بىلەن ئولتۇرسىمۇ، هاكىمبەگ ئالىيلىرى يەنىلا بەزى مەسىلىلەردە ئۇ شۇمتەكتىن مەسلىهەت ئالاتتى. بۈگۈن ئۇ قانچە ۋاقىتتىن بۇيانقى ئاچچىقىنى بىر چىقىرىۋالاي دېگەندە، يەنە تۆپىلەپ ئاچچىق يۇتسا، قانداقمۇ ئازابلانماي تۇرالىسۇن؟...

— ئاپىرىن، ئىسمەتۇللا مىرزا، تېخى تارىخ



ئىلمىدىنمۇ خەۋەردار ئىكەنسىز - دە!

ئەلىشىر هېكىمبەگنىڭ هاياجان بىلەن ئېيتقان سۆزىدىن ئېسىگە كەلگەن قۇتبىدىن مىرزا، قورۇق باسقان چىرايىغا زورىغا كۈلكە يۈگۈرتۈپ:

— شۇنداق، ئىسمەتۇللا مىرزا تارىخ ئىلمىدىمۇ كامالەت ئىگىسى ئىكەنسىز، ئاللاتائالا زېهنىڭىزنى تېخىمۇ زىيادە قىلغاي! — دېدى.

— يوقسۇ، بىلىدىغانلىرىم ناهايىتى ئاز، هاكىمبەگ ئالىيلىرى، ئۇستازلارنىڭ ئالدىدا ئەدەپسىزلىك قىلىپ قويغىنىمنى كەچۈرگەيلا، — دېدى ئىسمەتۇللا ئورنىدىن تۇرۇپ، ئىككى قولىنى كۆكسىگە قويۇپ.

شۇ قېتىمقى سۆهبەتتىن كېيىن ئەلىشىر هېكىمبەگ پات - پات ئىسمەتۇللانى چاقىرتىپ سۇتۇق بۇغراخان، سۇلتان سەئىدخان، سۇلتان ئابدۇرېشىتخان قاتارلىقلارنىڭ هاياتى، ئۆز هاكىمىيىتىنى مۇستەهكەملەش جەريانى توغرۇلۇق سورايدىغان، شۇنداقلا ئۆزى يۈرگۈزمەكچى بولغان قانۇن، سىياسەتلەر هەققىدە مەسلىهەت ئالىدىغان بولۇپ قالدى. ئۇ بەزى چاغلاردا يەنە، مەلىكە ئامانىساخان، قېدىرخان يەركەندى، مىرزا مەخمۇد جوراس، نۆبىتى، مۇهەممەت ئىۋەز قاراقاشى قاتارلىق ئۇستازلارنىڭ هاياتىغا ئائىت قىزىقارلىق هېكايىلەرنى، ئۇلارنىڭ ئىجادىيەت تۆهپىلىرىنى سورايتتى. ئىسمەتۇللا، ئۇلارنىڭ خەلقپەرۋەرلىك، مەرىپەتپەرۋەرلىك ئىدىيىسىنى بىر ئاماللارنى قىلىپ ئەلىشىر هېكىمبەگكە سىڭدۈرۈشكە تىرىشاتتى. بۇخىل سۆهبەتلەرنىڭ كۆپىيىشىگە ئەگىشىپ، بۇ ئىككىيلەننىڭ ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت بارغانسېرى

قويۇقلاشتى. نەتىجىدە، ئىسمەتۇللادىن سۆيۈنىدىغانلارمۇ، ئەكسىچە ھەسەت قىلىپ، ئۇنى بىر ئاماللار بىلەن كۆزدىن يوقىتىش ئۈچۈن ھەرىكەت قىلىۋاتقانلارمۇ كۆپەيدى.

ئىسمەتۇللا بۈگۈن ياتىقىدا يالغۇز ئولتۇرۇپ يۇقىرىقىلار ھەققىدە ئۇزاق ئويلاندى. دادىسىنىڭ نەسىھەتلىرىنى ئېسىگە ئالدى. قانداق قىلىش ھەققىدە باش قاتۇردى، لېكىن تۇزۇكرەك ئامال تاپالمىدى.

«ھاكىمبەگ ئائىلىرى بىلەن قانچە يېقىن ئۆتسىڭىز، دۈشمىنىڭىز شۇنچە كۆپىيىدۇ، ئىسمەتۇللا مىرزا، ناھايىتى سەگەك بولۇڭ. بولۇپمۇ، قۇتبىدىن مىرزىدىن قاتتىق ئېھتىيات قىلماق زۆرۈر» دېگەنىدى بىر كۈنى ناسىر بەگ ئۇنىڭدىن ئەنسىرىگەن ھالدا. ئۇ ناسىر بەگنىڭ دېگەنلىرىنى تەپسىلىي ئەسلەپ چىقتى. ئۇ ئۆزىمۇ ئەلىشىر ھېكىمبەگ بىلەن يېقىن ئۆتۈشنى خالىمايتتى. ئامال قانچە؟ ئۇ ئاخىرى «قۇرئان كەرىم» دىكى: «ئى مۆمىنلەر! ئاللادىن قورقۇڭلار، راستچىللار بىلەن بىللە بولۇڭلار!»[①] دېگەن ئايەتنى ئېسىگە ئېلىپ، كۆڭلى ئارام تاپقاندەك بولدى. دىلى، كۆز ئالدى يورىدى. «راست ئەمەسمۇ، پىتنە ـ پاساتچىلاردىن قورقۇپ، راستچىل ئادەملەردىن ئۆزۈمنى قاچۇرسام، ھەق ـ ئادالەتنى ياقلىمىسام، مەندىكى ئىمان، ئېتىقاد، ئادىمىيلىك نەدە قالىدۇ؟...» دەپ ئويلىدى ئۇ ۋە ئاستا ئورنىدىن تۇرۇپ، دېرىزىدىن كۆكتىكى ساناقسىز يۇلتۇزلارغا قاراپ، ئابدۇقادىر بېدىلنىڭ تۆۋەندىكى شېئىرىنى ئۈنلۈك ئوقۇدى:

---

① «قۇرئان كەرىم» 9 ـ سۈرە «تەۋبە» 119 ـ ئايەت.



*نەدە ھەق ۋە ناھەق ئاجرىتىلمايدۇ،*
*كىشىلەر خۇلقىدا سايلىق بولمايدۇ.*
*بىر پەسكە پەسلىكنى ئېيتسا ئۇ دېدى:*
*«ھەر كىمگە بۇ دۆلەت نېسىپ بولمايدۇ.»*

## 2

1836 ـ يىلى 4 ـ ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرى ئىسمەتۇللا ئەلىشىر ھېكىمبەگكە ھەمراھ بولۇپ يۇرت ئارىلاپ پۇقرالارنىڭ ئەھۋالىنى تەكشۈرۈش ئۈچۈن سەپەرگە چىقتى. بۇلارنىڭ ئارىسىدا ناسىربەگ، قۇتبىدىن مىرزا، ئوردا تېۋىپى سەيپىدىن ھاجى ۋە ئىككى ياساۋۇل بار بولۇپ، ئۇلارنىڭ ھەممىسى پۇقراچە كىيىنگەنىدى. ئۇلار قاراقاشنىڭ قارا ساي، توخولا، ماڭلاي قاتارلىق جايلىرىدىكى تەكشۈرۈشنى ئاخىرلاشتۇرۇپ، قاراقاش بازىرىغا قاراپ كېلىۋاتاتتى. بىر قانچە كۈندىن بېرى كۆرگەن پۇقرالارنىڭ ئېچىنىشلىق ئەھۋالى، يەرلىك مەنسەپدارلارنىڭ مۇتتەھەم، زالىملىقى ئىسمەتۇللانىڭ كۆڭلىنى زادىلا ئارامىدا قويمىدى. باشقىلار ئەلىشىر ھېكىمبەگكە ياخشىچاق بولىدىغان خۇشامەت سۆزلىرىنى دەپ كېلەتتى. ئىسمەتۇللا بولسا خىيالچان ھالدا سەھرانىڭ خانىۋەيران كۆرۈنۈشىگە، پۇقرالارنىڭ ئۆرۈلۈپ كېتەي دەپ قالغان كونا ئۆيلىرىگە، ئېتىزلىقتا ئالدىراش ئىشلەۋاتقان دېھقانلارغا، ئاياغسىز توپىغا مىلىنىپ ئويناۋاتقان سەھرا باللىرىغا قارايتتى، يۈرىكى مۇجۇلاتتى.

— پۇقرالارنىڭ تۇرمۇشى بىز ئويلىغاندىن خېلىلا

ئېغىركەن، — دېدى ئەلىشىر ھېكىمبەگ، ئات ئۇستىدە ئولتۇرۇپ، ئۆزىگە ياندىش كېلىۋاتقان ناسىر بەگكە بۇرۇلۇپ.

— شۇنداق، ھاكىمبەگ ئالىيلىرى، ئۆيدە ئاشلىقى تۈگەپ، يېڭى ئاشلىققا ئۇلىشالمايۋاتقان دېھقانلارنىڭ سانى خېلىلا كۆپكەن. ئۇلارغا بىر ئامال قىلمىساق بولمىغۇدەك، — دېدى ناسىربەگ.

بۇ ئىككىسىنىڭ سۆھبىتىگە دىققەت قىلىپ ماڭغان ئىسمەتۇللا ئېتىنى دېۋىتىپ ئۇلارغا يېقىنلاشتى:

— ناسىربەگ دۇرۇس ئېيتتى، ئالىيلىرى، ياشاش ئۈچۈن ئۈچ ۋاخ ئاش - تاماق يېيىش، ئادەملەرنىڭ ئەڭ ئاددىي ئېھتىياجى. ئۆزلىرىنىڭ ئەل ئارىسىدا خەلقپەرۋەر، ئادالەتپەرۋەر دېگەن مۇبارەك ناملىرى بار. سىلە ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈۋاتقان قانچە يىلدىن بېرى پۇقرالارنى ئۆز باللىرىدەك كۆرۈپ، ئۆز قېرىنداشلىرىغا كۆيۈنگەندەك كۆيۈنۈپ كەلدىلە، بۇلارنى ئاۋام پۇقرا بىلىدۇ ھەم ئۇنتۇمايدۇ. لېكىن، ئاشۇ بىر بۆلەك يەرلىك ئەمەلدارلار مۇبارەك ناملىرىنى بۇلغاپ، ئالۋاڭ - سېلىقنى خالىغانچە كۆپەيتىپ، پۇقرالارنىڭ ھالىنى قويمىدى. كۆپ كىشىلەرنىڭ ئۆيدە ئاشلىق يوقلۇقى بۇنىڭ دەلىلى. ئوردىغا قايتقاندىن كېيىن بۇ خۇسۇستا ئوبدانراق ئويلىغانلىرى، ئاشۇ بىچارىلەرنى قۇتقۇزۇۋېلىشنىڭ چارە - تەدبىرلىرى توغرۇلۇق ئەمىر چۈشۈرگەنلىرى تۈزۈك. ئۇستاز سەئدى شېرازى: «ئىبادەت - ئەسلى خەلققە خىزمەت قىلىش، مەسچىت، جايىنامازدا ئەمەس بۇ ئىش» دېگەن ھېكمەتنى قالدۇرغان.



— بۇ سۆزلىرى قاملاشمىدى، ئىسمەتۇللا مىرزا، — دېدى قۇتبىدىن مىرزا، ئىسمەتۇللانىڭ سۆزىنىڭ بېلىگە تېپىپ، — ئىبادەتنى مەسچىت، جايىنامازدا قىلماي نەدە قىلغۇلۇق؟ ئەلىشىر ھاكىمبەگ ئالىيلىرى قانچە يىلدىن بۇيان قۇرۇق ئىبادەت قىلغىنى يوق. ئەكسىچە ئالىيلىرىنىڭ ھەربىر مۇبارەك قەدىمى، قىلغان ھەربىر ئەمرى ئەل ئۈچۈن ساۋابلىق ئىشلارغا قارىتىلغان. كىتابتىكى ئانچىكى نەرسىلەرنى بىلىۋېلىپ، مۇنداق ئاتىكاچىلىق قىلىشلىرى دۇرۇس بولماسمىكى؟

— ئىسمەتۇللا مىرزا ئۇنداق دېمەكچى ئەمەس، بېگىم، — ئالدىراپ چۈشەندۈردى ناسىربەگ.

ئىسمەتۇللانىڭ بوغۇزىغا بىر نەرسە تۇرۇپ قالغاندەك بىئارام بولدى ۋە ئەلىشىر ھېكىمبەگكە قارىدى. ئۇنىڭ چىرايىدا خۇشال بولغان، يا خاپا بولغان ھېچقانداق ئالامەتنى سېزەلمىدى - دە، كۆڭلى بىر ئاز ئارامىغا چۈشتى. ئارقىدىن ئات ئۇستىدە مۈكچىيىپ ئولتۇرغان قۇتبىدىن مىرزىنىڭ ئورا كۆزلىرىگە نەزىرىنى ئاغدۇردى: ئۇنىڭ كۆزلىرى خۇشاللىقتىن پارقىراپ تۇراتتى. بۇ كۆزلەر ئىسمەتۇللاغا خۇددى بىر ئوغرى مۇشۇكنىڭ كۆزىدەك كۆرۈنۈپ كەتتى: «ھەي، قۇتبىدىن مىرزا، شۇنچە ياشقا كىرىپمۇ، ئوردىدا شۇنچە يىل ئىشلەپمۇ مۇشۇنچىلىك بىر كۇپلېت بېيىتنىڭ مەنىسىنى چۈشەنمىگىنىڭىز نېمىسى؟...» دەپ ئويلىدى ئۇ ئېچىنغان ھالدا.

ئۇلار كۈن پېشىندىن ئاشقاندا قاراقاش بازىرىغا يېتىپ كەلدى. بازار ئىچىنى مەقسەتسىز ئايلىنىپ، ئۇدۇل كەلگەن

ھۇنەرۋەن، كاسىپ، سودىگەر، مەنسەپدارلار بىلەن قىسقىچىلا ئەھۋاللاشتى.

— بىرەر سارايغا بېرىپ ئارام ئالايلى، — دېدى ئەلىشىر ھېكىمبەگ ناسىربەگكە بۇرۇلۇپ. ئۇنىڭ تۇرقىدىن خېلىلا چارچىغانلىقى چىقىپ تۇراتتى.

ئۇلار بازارنىڭ شىمال تەرىپىدىكى بىر سارايغا ئورۇنلاشتى. سارايۋەن تاتلىق گەپ - سۆزلىرى، چاققان ھەرىكەتلىرى بىلەن ئۇلارنى ھايال قىلمايلا كۆڭۈلدىكىدەك ئورۇنلاشتۇردى. ئىسمەتۇللا كۆزىنى چىڭ يۇمۇپ ئارام ئالماقچى بولدى. لېكىن، نەچچە كۈندىن بۇيانقى كۆرگەن مەنزىرىلەر، پۇقرالارنىڭ ئاھۇ - زارلىق تۇرمۇشى كۆز ئالدىغا كېلىۋېلىپ زادىلا ئاراملىق بەرمىدى - دە، رەستىلەرنى ئايلىنىش ئۈچۈن ئۆزى يالغۇز سىرتقا چىقتى. ئۇ قاتار كەتكەن، تورۇسلىرى قاپقارا ئىس، ئىشىك ئالدى پاتقاق، ئېگىز - پەس ئاشخانىلارنىڭ ئالدىدىن ئۆتتى. ئاشخانىلاردىن تارقىغان مەززىلىك پولونىڭ ھىدى ئۇنىڭ قەدىمىنى ئىختىيارسىز توختاتتى. ئۇ ئەسلى تاماق يېگىلى ئەمەس، كۆڭلىدىكى غەشلىكنى تۈگەتكىلى چىققانىدى. ئەمدىلىكتە تاماقنىڭ مەززىلىك پۇرىقى ئۇنى ئاشخانىغا ئەكىردى. ئاشخانا تولىمۇ ئادەتتىكىچە بېزەلگەن بولۇپ، كىچىكرەك تاماق ئۈستىلىدىن تۆتى قويۇلغانىدى. ئاق پىشماق، سېمىز، كۆزلىرى خۇددى توخۇنىڭ كۆزىدەك كىچىك ھەم يۇمىلاق، ئىككى قۇلىقى خۇددى بىر كىم ئارقىسىغا چاپلاپ قويغاندەك كۆرۈنىدىغان خوجايىن ئۇنىڭ ئالدىغا كېلىپ، كىرلىشىپ رەڭگى ئۆزگىرىپ كەتكەن لۆڭگىنى دولىسىدىن ئېلىپ ئۈستەلنى سۈرتۈۋەتكەندىن



كېيىن مۇلايىملىق بىلەن ئېغىز ئاچتى:

— مېھمان ئۆزلىرىگە نېمە كەلتۈرەي!

— بىر قاچا پولو ئەكەلسىلە!

ئىسمەتۇللا شۇنداق دېگەچ ئاشخانىنى تەپسىلىي كۆزىتىشكە باشلىدى: بۇلۇڭدىكى ئۈستەلدە تۆت كىشى تاماق يەپ ئولتۇرغاندىن باشقا، ئاشخانىدا ئادەم يوق ئىدى. «پۇقرالارنىڭ يانچۇقىدا تەڭگە بولمىغاندىكىن ئاشخانىلارمۇ چۆلدەرەپ قالىدىغان گەپ. دېھقانلارنىڭ تۇرمۇشىنىڭ ياخشى - يامانلىقى ھەممىگە تەسىر قىلىدۇ» دەپ ئويلىدى. شۇ ئەسنادا، ئۈستىگە كۆك يوللۇق يەكتەك كىيگەن، بېلىگە تاۋار پوتا باغلىغان، كۆزلىرىنىڭ تۇخۇمى سىرتىغا پولتىيىپ چىقىپ تۇرىدىغان سۆرۈن تەلەت بىرى، ئىككىيلەننى كەينىگە سېلىپ ئاشخانىغا كىردى. ئاشخانا خوجايىنى خۇددى شۇ كىشىنى كۈتۈپ تۇرغاندەكلا، تاماق ئېتىدىغان ئۆيدىن يۈگۈرگىنىچە چىقىپ ئۇنىڭغا ئېگىلىپ سالام قىلدى.

— كىرسىلە غوجام، ئۇزۇن بولدى يوقاپ كەتتىلە، قېنى تۆرگە ئۆتسىلە، كۆڭۈللىرى قايسى تاماقنى خالايدىكىن، پولو، مانتا، لەغمەن، ئۇگرە… ھەممىسى بار، — دېدى خوجايىن خۇددى دادىسىنىڭ ئالدىدا ئەركىلەپ قىلغىلى قىلىق تاپالمايۋاتقان كىچىك بالىدەك ھەرىكەت قىلىپ.

— قورساق توق، خوجايىن، لېكىن يانچۇقتا تەڭگە يوق، بىلدىلىمۇ؟ گەپنى ئاز قىلىپ ماڭا ئازراق پۇل بەرسىلە، قېنى چاققان بولسىلا؟

ئۇنىڭ ئاۋازى بۇيرۇق تەلەپپۇزىدا، كەسكىن ئىدى.

ھەرگىزمۇ ئادەتتىكى بىچارە ساھىللارغا ئوخشىمايتتى. بۇ ئىش ئىسمەتۇللانى تېخىمۇ ھەيران قالدۇردى: «قېنى ئاخىرى قانداق بولاركىن؟» دەپ ئويلاپ، دىققەت قىلىپ ئولتۇردى.

— ئاپلا، غوجام بېگىم، ھەپتە بولدى تۇزۇكرەك سودا بولمىدى، ئاشخانىدا چىۋىن قوروپ، ئەسنەپ ئولتۇرغىنىمىز ئولتۇرغان. مانا غەللە ساندۇقنى ئۆزلىرى كۆرۈپ باقسىلا، ئەگەر بولسا سىلىدىن ئاياشقا ھەددىمىزمۇ؟ بۈگۈنچە ئەپۇ قىلسىلا، قېنى تۆرگە ئۆتسىلە، قىزىق چاي قۇياي، بىرەر قاچا ئاش يەپ قايتسىلا.

— بولدى! نېمە تۈگىمەيدىغان تولا گەپ بۇ؟ قورساق توق دېدىمغۇ؟ قېنى تېز بولسىلا! — دېدى ھېلىقى مۇتتەھەم قاپاقلىرىدىن مۇز ياغدۇرۇپ، قولىنى ئاشخانا خوجايىنىغا سۇنۇپ.

نائىلاج قالغان خوجايىن غەللە ساندۇقنىڭ ئېغىزىنى ئېچىپ ئۈستەل ئۈستىگە دۈم قىلدى. كىرلىشىپ كەتكەن ساندۇقتىن نەچچە ئون تەڭگە شاراقشىپ چۈشتى. ھېلىقى مۇتتەھەم تەڭگىلەرنىڭ ھەممىسىنى سۈپۈرۈپ ئېلىپ قويۇن يانچۇقىغا سالغاندىن كېيىن، خوجايىنغا قاراپ «ھىم!» دەپ ئالايغان پېتى ئاشخانىدىن چىقىپ كەتتى.

كۆزنى يۇمۇپ-ئاچقۇچە كۆز ئالدىدا بولۇپ ئۆتكەن بۇ ئىش ئىسمەتۇللانى ھەم ھەيران قالدۇردى ھەم قاتتىق غەزەپلەندۈردى. ئۇ ئالدىغا تاماق ئېلىپ كەلگەن خوجايىندىن سورىدى:

— ھېلىقى كىشى كىم بولىدۇ؟ ئەجەب تەڭگىلىرىڭىزنىڭ ھەممىسىنى بۇلاپ كەتتىغۇ؟

— ئۆزلىرى قاراقاشتىن ئەمەس ئوخشايلا مېھمان،



شۇڭا بىلمەيلا، — دېدى خوجايىن ۋە ئاۋازىنى پەسەيتىپ ئېھتىيات بىلەن سۆزىنى داۋام قىلدى، — ئۇ دېگەن ئامبالنىڭ ئايالىنىڭ ئىنىسى بولىدۇ. ئىسمى سەيدۇللا، قاراقاش تەۋەسىدە ھېچكىم ئۇنىڭغا چىش يېرىپ بىر نەرسە دېيەلمەيدۇ. ھېلىقىدەك ئۇدۇل كەلگەن ئاشخانا، ناۋايخانا، دۇكانلارغا ئۇسۇپ كىرىپ پۇل سوراپ، نەشە چېكىپ، قىمار ئويناپ كۈن ئۆتكۈزىدۇ. ياۋاشىنى بوزەك قىلىپ پۇل-مېلىنى بۇلايدۇ، قارشىلاشسا ئۇرىدۇ.

— بايا سىز تەڭگىڭىزنى بەرمىسىڭىز، ئۇ قانداق قىلاتتى؟ — سورىدى ئىسمەتۇللا ئاچچىق بىلەن.

— بۇ مۇمكىن ئەمەس، ئۇنىڭغا سورىغىنىنى بەرمىسەڭ، ئادەم باشلاپ كېلىپ ئۇر-چاق قىلىپ ۋەيران قىلىدۇ. ئۇ چاغدا، زىيان تېخىمۇ چوڭ بولىدۇ. قارشىلاشساڭ، گۇناھنى ساڭا ئارتىپ گۈندىخانىغا سولاپ قويىدۇ. ھەي، جاھان شۇنداق تۇرسا، ئەمەلدارلار يۇقىرى-تۆۋەن تىل بىرىكتۈرۈپ بىز پۇقرالارنى بوزەك قىلسا، بىز نېمىمۇ دېيەلەيمىز! قاچان تاش بىلەن ياڭاقنىڭ تەڭ بولغىنى بار، مېھمان.

ئاشخانا خوجايىنى ھەسرەت چېكىپ، ئۇھ تارتىپ خېلى ئۇزاق سۆزلىدى. ئۇنىڭ دېگەنلىرى ھازىرلا بولۇپ ئۆتكەن ۋە ئىسمەتۇللا قانچە كۈندىن بېرى كۆرگەن ئىشلاردەك ئەمەلىيەت ئىدى. ئۇ ئالدىدىكى پولودىن بىر قانچە كاپاملا يېدى، گېلىدىن ھېچ بىر نەرسە ئۆتىدىغاندەك قىلمايتتى: «مۇنداقمۇ خورىكى چوڭ، مۇتتەھەم ئادەملەر بولىدىكەن-ھە! ھەققانىيەت، قانۇن، ئادالەت نەدە قالدى، ئامبالنىڭ يۇرت ئاتىسى ئىكەنلىكى، ئاۋام پۇقرانىڭ بېشىنى

سىلايدىغانلىقى نەدە قالدى؟...» ئۇ ئويلىغانسېرى ئۆز گۆشىنى ئۆزى يېگۈدەك بولۇپ كەتتى. تۇرۇپلا، ئۇ ئۆزىنىڭمۇ ئوردا ئەمەلدارى ئىكەنلىكىنى ئېسىگە ئېلىپ، خۇددى مۇشۇ ناھەقچىلىق، زوراۋانلىقنىڭ سەۋەبچىسى ئۆزىدەك، ئۆزىنىڭ ئوردىدا يېگەن، كىيگەنلىرى ئۆزىگە تۈگەل ھارامدەك تۇيۇلۇپ كەتتى.

ئىسمەتۇللا ئاشخانىدىن چىقىپ قونىدىغان ھېلىقى سارايغا كەلدى. ئەتىسىدىن باشلاپ بىر قانچە كەنتلەردە ئالدىنقى كۈندىكىگە ئوخشاش باشقىلار بىلەن بىللە سودىگەر سىياقىدا تەكشۈرۈشتە بولدى. لېكىن ئۇ ئەتىدىن - كەچكىچە خىيال سۈرەتتى. سەپەرداشلىرىغا ئارتۇق گەپ - سۆز قىلمايتتى. ئۇنىڭ ئات ئۈستىدە ئولتۇرۇپ داۋاملىق ئويلايدىغىنى، ئاۋام پۇقرانىڭ بېشىدىكى ئېغىر كۈلپەت، تۇرمۇشىدىكى خانىۋەيرانچىلىق، كىشى ساناپ تۈگەتكىلى بولمايدىغان ئالۋان - سېلىق، ئامبال، ئەمەلدارلارنىڭ چېكىدىن ئاشقان زوراۋانلىقى، ئۇلارنىڭ ئۇرۇق - تۇغقان، دوست - بۇرادەرلىرىنىڭ مۇتتەھەملىكى ئىدى. «ئەجەب ئىش، دېھقانلار قىش - ياز يەر بىلەن ھەپىلىشىدۇ، ئاشلىق تېرىپ جىنىدىكى جان - جانىۋارلارنى باقىدۇ. لېكىن، ئۇلار ئاچارچىلىقتا ياشايدۇ...» ئۇ شۇلارنى ئويلاپ ئۆزىنى ئاشۇ پاك، ئاق كۆڭۈل، ساددا دېھقانلارغا يۈز كېلەلمەيدىغاندەك ھېس قىلدى. شۇنداق قىلىپ، ئىسمەتۇللا كۆرۈپ، ئويلاپ، ئازابلىق ھەسرەت چېكىپ قاراقاشتىكى بىر ھەپتىلىك تەكشۈرۈشنى تەستە ئاخىرلاشتۇرۇپ ئوردىغا قايتىپ كەلدى. ئۇ ياتىقىدا يالغۇز ئولتۇرۇپ، كۆڭلىدىكى غەشلىكنى كۆتۈرۈش ئۈچۈن تەمبۇرنى قولىغا ئېلىپ تەڭ



كېچىكچە مۇڭ قىلىپ، ياش تۆكۈپ چىقتى. ئۇنىڭ شۇ تاپتىكى روھىي ھالىتىنى پەقەت مۇشۇ مۇزىكىلا كۆتۈرەلەيتتى. ئۇ نەچچە كۈندىن بۇيانقى ئازابىنى سەل ئۇنتۇغاندەك بولدى. ئۇ ھازىر ئۇستازى موللا بىلالنى، دادىسى موللا نېمەتۇللانى، ئۆزىنىڭ بارلىقىنى، سۆيگۈسىنى مۇقامغا، خەلققە ئاتىغان ئۇستازى قادىر قالۇننى، ئۇستازى مۇبارەكشاھنى قاتتىق سېغىندى. ئۆزى خىزمەت قىلىۋاتقان بۇ ھەشەمەتلىك ئوردىدىن بەكلا يىرگەندى. ئەگەر مۇمكىن بولسا، شۇ تاپنىڭ ئۆزىدە بۇ يەردىن ئۇچۇپ چىقىپ، يۇرتى يايلىغاندىكى ياپيېشىل يايلاقتا قويلىرىنى بېقىپ، شېئىر يېزىپ، تەمبۇرنى چېلىپ ناخشا ئوقۇپ، ھالال تەر تۆكۈپ، ھالال ئاش - تاماق يەپ ياشىسا، نېمىدېگەن ياخشى بولاتتى - ھە!...

## 3

ئىسمەتۇللا تۆۋەنگە چۈشۈپ تەكشۈرۈشتىن قايتىپ كەلگىنىگە گەرچە ئىككى ھەپتىدىن ئاشقان بولسىمۇ، لېكىن تېخىچە شۇ جەرياندا كۆرگەن، ھېس قىلغانلىرىنى ئۇنتۇپ كېتەلمىدى. ئۇ ئوردىدا ھۆكۈمەت ئىشلىرىنى بېجىرگەندىمۇ، ھاكىمبەگ بىلەن ھەمسۆھبەتتە بولغاندىمۇ، تۈرلۈك دەۋا - دەستۇرلارنى ئېنىقلىغاندىمۇ... دائىم ئويلىناتتى، پىكىر يۈرگۈزەتتى. ئۇنى بۇ قېتىمقى سەپەردە خۇشال قىلغان بىرلا ئىش: ئەل ئارىسىدا تارقىلىپ يۈرگەن مۇقام ۋارىيانتلىرىنى ۋە بىر بۆلەك خەلق قوشاقلىرىنى يىغىۋېلىش بولدى. لېكىن، ئاشۇ مۇقام پىشۋالىرىنىڭ

ئادەتتىكى تۇرمۇش كاپالىتىگە ئېرىشەلمەي، خانىۋەيرانچىلىقتا تۇرمۇش كەچۈرۈشى ئۇنى قاتتىق ئازابلايتتى. بۇ ئازابلارنى ئۇنتۇش ئۈچۈن ئۇ شېئىر يېزىپ ئۈنلۈك ئوقۇدى، تەمبۇر چېلىپ ناخشا ئېيتتى. نەۋائى، شەيخ سەئدى قاتارلىق ئۇستازلارنىڭ خەلقپەرۋەرلىك مەزمۇن قىلىنغان ئېسىل مىسرالىرىنى ھۆسنخەت قىلىپ يېزىپ كۆردى. لېكىن، بۇلار ئۇنىڭ ئازابلىق خىياللىرىنى تېخىمۇ ئۇلغايتتى. ئۇ ئاخىرى بىر پىلاننى كۆڭلىگە پۈكتى - دە، ئۇستازى قادىر قالۇننى ئىزدەپ «توزغاق كوچىسى»غا كەلدى.

— پاھ، مىرزا بېگىم، مۇبارەك قەدەملىرى غېرىبانە كەپەمگە يېتىپ قاپتۇ. قايسى شامال ئۇچۇرۇپ كەلدى ئۆزلىرىنى، قېنى، مەرھابا!... مەرھابا!... — قادىر قالۇن ئادىتى بويىچە خۇش تەبەسسۇم، چاققان ھەرىكەت ۋە چاقچاق ئارىلاش شۇنداق دېدى.

— بولدىلا، ئۇستاز، چاقچاق قىلمىسىلا، كۆڭلۈم ھازىر زىنھار چاقچاق خالىمايدۇ، — ئىسمەتۇللا قول ئېلىشىپ كۆرۈشكەچ شۇنداق دېدى.

— نېمە، ئوردىدا بىرەر كۆڭۈلسىزلىك بولدىما؟

قادىر قالۇننىڭ كۈلكە يېغىپ تۇرغان چىرايىدا ئۆزگىرىش بولدى: قويۇق قاشلىرى ئاستىدىكى قاپاقلىرى تۈرۈلۈپ، كۆزلىرى تېخىمۇ يوغىنىدى، لەۋلىرى بىلىنەر - بىلىنمەس تىترىدى.

— ئوردىدا ھېچقانداق ئىش بولغىنى يوق. ئوردا ئىچى تولىمۇ مەمۇرچىلىق، يەپ - ئىچىشكە ئاش - نان، كىيىنىشكە تاۋار - دۇردۇن، كۆڭۈل ئېچىشقا نەغمە - ناۋا، ھەممىسى



تەل. كۆڭۈلسىزلىك ئوردىنىڭ سىرتىدا - ئەل ئارىسىدا، نامرات ئاۋام پۇقرالاردا بولۇۋاتىدۇ، — ئىسمەتۇللا ھەسرەت بىلەن ئېغىر تىنىپ قويدى.

قادىر قالۇن ئىسمەتۇللانى كۆرپىگە باشلاپ، چاي دەملەپ كەلدى، ئۇلار بىرەر پىيالىدىن چاي ئىچىشكەندىن كېيىن، ئىسمەتۇللا ئۆزىنى تۇتۇۋېلىپ، ئالدىرىماي قاراقاش، خوتەننىڭ ھەرقايسى يېزا - كەنتلىرىدە ئۇچراتقان، ھېس قىلغان ئەھۋاللارنى، قاراقاشتىكى ئاشخانىدا يۈز بەرگەن ھېلىقى مۇتتەھەمنىڭ يولسىزلىقىنى، سەنئەتكارلارنىڭ تۇرمۇشىنى، دېھقانلارنىڭ ئاشلىقىنىڭ ئۈزۈلۈپ قالغانلىقىنى، بۇلارنى قانداق ھەل قىلىش توغرۇلۇق ئەلىشىر ھېكىمبەگكە سۇنماقچى بولغان ئىلتىماسىنىڭ ئاساسىي مەزمۇنىنى ئۇزۇندىن - ئۇزۇن سۆزلىدى. بولۇپمۇ، ئۇ ئالۋان - سېلىقنى ئازايتىش، قانۇن - تۈزۈمنى كۈچەيتىش، ئەدەبىيات - سەنئەتنى گۈللەندۈرۈش ھەققىدە كۆپرەك سۆزلىدى. ئاخىرىدا:

— مۇشۇ ئويلىغانلىرىمنى ھاكىمبەگ ئالىيلىرىغا سۇنىمەن، ھاكىمبەگ قوبۇل قىلىپ، ئارزۇ - تىلەكلىرىم ئەمەلگە ئاشسا، داۋاملىق ئۇنىڭ خىزمىتىنى قىلاي دەيمەن. ئەكسىچە بولسا، ئوردا ئىشلىرىدىن قول ئۈزۈپ، ئۆز يۇرتۇمغا بېرىپ ئېتىز - ئېرىق ئىشلىرىنى قىلىپ، مۇقام چېلىپ، شېئىر يېزىپ ئۆتسەم دېگەن نىيەتتە مەن. بۇ ھەقتە ئاقىلانە مەسلىھەتىڭىزگە موھتاجمەن. ھەزرىتى نەۋائىمۇ: «ھەق يولىدا ماڭمايدىغان بىۋاپالاردىن يىراق بول، ئۇلاردىن ساڭا جاپا ۋە زۇلۇمدىن باشقا ھېچ نەرسە كەلمەيدۇ...» دېگەن ئەمەسمۇ؟!... — دېدى.

— دۇرۇس ئويلاپسىز، — دېدى قادىر قالۇن ئىسمەتۇللادىن سۆيۈنگەن، رازى بولغان هالدا، — مېنىڭچە، ئەلىشىر هېكىمبەگ سىزنىڭ تەكلىپىڭىزنى قوبۇل قىلىدۇ. ئۇمۇ بۇ قېتىم ئۆزى بىۋاسىتە تۆۋەنگە بېرىپ كۆپ نەرسىلەرنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرۈپ كەلگەندىكىن، كۆڭلىگە پۈككەنلىرى، ئويلىغانلىرى بولۇشى مۇمكىن. ئۇنىڭ ئۈستىگە، ئەلىشىر هېكىمبەگ ئاۋام پۇقرانى ئويلايدىغان، ئىلىم - مەرىپەتنى قەدىرلەيدىغان، تەرەققىيپەرۋەر زات. ئۇنىڭ سىزنى ئاتايىن ئەتىۋارلاپ ئوردىغا تەكلىپ قىلىشى، بۇنىڭ بىر پاكىتى بولدى، ئويلىغانلىرىڭىزنى تارتىنماي، دادىل يېزىپ سۇنۇڭ.

قادىر قالۇننىڭ سۆزلىرى ئىسمەتۇللانىڭ ئىشەنچىسىنى ئاشۇردى. بۇ ئىككىيلەننىڭ پىكرى ناهايىتى تېزلا بىر يەردىن چىقتى. ئىسمەتۇللامۇ ئەلىشىر هېكىمبەگنى خېلى ئوبدان چۈشىنەتتى هەم ئىشىنەتتى. بۇلارنى ئويلاپ، ئۇنىڭ قەلبى يورۇغاندەك، كۆڭلىدىكى تۇمان تارقاپ كەتكەندەك بولدى. ئەمدى بۇ مۇقام شەيدالىرى قوللىرىغا قالۇن، تەمبۇرلىرىنى ئېلىپ «چارگاھ» مۇقامىغا تەڭشەپ، تۆۋەندىكى غەزەلنى پۈتۈن ئىشق - مۇهەببىتى بىلەن ئۆزلىرىنى ئۇنتۇغان هالدا ئوقۇدى:

*هاجىتىڭنى ئەرز قىلغىل پادىشاهنىڭ ئالدىدا،*
*كەمىلىكىڭنى تۆهپە قىلغىل سەن خۇدانىڭ ئالدىدا.*
*دوستۇ دۈشمەن بىلمىگەي دېسەڭ كۆڭۈلنىڭ سىررىنى،*
*قىلمىغىل سىرىڭنى ئىزهار ئاشنانىڭ ئالدىدا.*
*ۋادەرىغا، بىر كۈنى دامى ئەجەلگە كىرگۈمىز،*



*مۇرچە دەم ئۇرماققا هەد يوق ئەجدىهانىڭ ئالدىدا.*
*كىرمەيىن قالماس لەهەد ئۆيىگە هەر شاهۇ، گادا،*
*پادىشاه بىرلە گادا ئوخشاش خۇدانىڭ ئالدىدا.*
*ئەي، ئەزىزىم، هەق تەلەپ بولساڭ ئەدەپنى پېشە قىل،*
*بىگەدەپلەر يول تاپالماس ئول خۇدانىڭ ئالدىدا.*

مۇزىكىنىڭ رىتىملىق ئاۋازى بىلەن گىرەلىشىپ كەتكەن بۇ ناخشا، ئۆينىڭ كىچىككىنە دېرىزىسىدىن سۈتتەك ئاپئاق بوشلۇققا ئاستا - ئاستا سىڭمەكتە ئىدى. كۆكتىكى ساناقسىز يۇلتۇزلار، پۈتۈن ئالەمگە سېخىيلىق بىلەن نۇرىنى تۆكۈۋاتقان ئاي يەر يۈزىدىكى مۇشۇ غېرىبانە كەپىگە تەلمۈرۈپ قاراۋاتقاندەك، بۇ يەردىن تارىغان ئاجايىپ سېهرىي كۈچكە ئىگە مۇڭدىن بىهوش بولۇۋاتقاندەك قىلاتتى.

ئىسمەتۇللا بىر هەپتە ۋاقىت سەرپ قىلىپ، ئەلىشىر هېكىمبەگكە ئۆزىنىڭ ئويلىغانلىرى بويىچە ئۇزۇن بىر مەلۇماتنامە تەييارلىدى هەمدە ئۇنى ئەلىشىر هېكىمبەگكە كەيپى خۇشال چاغدا سۇندى. مەلۇماتنامىدە ئاساسلىقى پۇقرالارنىڭ بېشىدىكى ئاتمىش بەش خىلدىن ئارتۇق ئالۋان - سېلىق، باج قاتارلىقلارنىڭ نامى بىرمۇ بىر تىلغا ئېلىنىپ ئۆتۈلگەن بولۇپ، بۇلارنىڭ بىر قىسمىنى قىسقارتىش تەلەپ قىلىنغانىدى. بۇنىڭدىن باشقا، ئامبالدىن تارتىپ ئون بېشىغىچە بولغان ئون تۆت قاتلام مەنسەپدارنىڭ ۋە مانجۇ قوراللىق دورغىلىرىنىڭ زالىم، چىرىكلىكى، قانۇننى دەپسەندە قىلىشلىرى ئەمەلىي پاكىتلار ئارقىلىق پاش قىلىنغانىدى. ئاخىرىدا ئاۋام پۇقرالارغا بىر قانچە تۇرلۇك ياخشى ئىش قىلىش، ئەل ئارىسىدا يۇقىرى ئابرۇيغا ئىگە

سەنئەتچىلەرنىڭ نورمال تۇرمۇشىغا كاپالەتلىك قىلىش ئارقىلىق، ئۇلارنىڭ ئىجادىيىتىگە ئىلھام بېرىش توغرۇلۇق بەزى كونكرېت تەكلىپلەرنى ئوتتۇرىغا قويغانىدى.

ئەلىشىر ھېكىمبەگ ئىسمەتۇللانىڭ يازغانلىرىنى ئەستايىدىل ئوقۇدى، ئويلاندى، پىكىر يۈرگۈزدى. ئۇنىڭدا تىلغا ئېلىنغانلىرى پاكىتلىق مەسىلىلەر بولغاچقا، ئۇنى گۇمانسىز قايىل قىلدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە، بۇ مەلۇماتنامىدە، مەسىلىنىڭ ئوتتۇرىغا قويۇلۇشى، شەرھلىنىشى، ئۇنى تۈزىتىش توغرىسىدىكى چارە - تەدبىرلەر، ئۇنىڭ ئەلگە، ھاكىمىيەتكە پايدىلىق تەرەپلىرى مەنتىقىگە ئۇيغۇن ھالدا ئىنچىكە چۈشەندۈرۈلگەنىدى. بولۇپمۇ، ئىسمەتۇللانىڭ خېتىنىڭ سۆلەتلىك، چىرايلىق، جۈملىلىرىنىڭ راۋانلىقى ئۇنى بەكلا سۆيۈندۈردى: «قانچە يىلدىن بۇيان ئوردىدا ماڭا ئەگىشىپ كەلگەن بەگ، مەنسەپدارلارنىڭ بىرىمۇ مۇنداق دادىل قاراشلىرىنى ئوتتۇرىغا قويمىغان، ئەكسىچە پەقەت ماختاپ - ئۇچۇرۇش بىلەنلا بولۇپ، پۇقرالارنىڭ ئەھۋالى توغرۇلۇق راست گەپ قىلمىغانىدى. ئىسمەتۇللا توغرا دەپتۇ، ئۆز پۇقراسىنى ئويلىمىغان، ئۇلارغا شاپائەت قولىنى سۇنمىغان پادىشاھ، بەگلەرنىڭ يۈزى ھەر ئىككى ئالەم يورۇق بولمايدۇ. تاغدىن يىقىلساڭ ھامان يەنە چىقالايسەن، لېكىن ئەل نەزىرىدىن چۈشۈپ كەتسەڭ، ئۆلگىنىڭ شۇ، مەڭگۈ ئورنۇڭدىن تۇرالمايسەن. بۇ قارىماققا ئاچچىق، ئەمەلىيەتتە بولسا نېمىدېگەن ئورۇنلۇق سۆزلەر - ھە! ... ئۇنىڭ تېخى ئۆز قاراشلىرىنى ‹قۇرئان كەرىم› ئايەتلىرى، ئەلىشىر نەۋائىي، يۈسۈپ خاس ھاجىپ، شەيخ سەئدى ھېكمەتلىرىنى نەقىل



ئېلىپ شەرھلىشىنى قارىمامدىغان؟ توغرا، مەن ئىسمەتۇللانىڭ ئوتتۇرىغا قويغانلىرىنى بەگ، تۆرىلەر بىلەن كېڭەش قىلىپ كۆرەي، ئەمدى شۇنداق قىلمايمۇ بولمىدى...» ئۇ شۇلارنى ئويلاپ، مەلۇماتنامىنى چىرايلىق قاتلاپ قويۇپ قويدى.

ئىككى كۈندىن كېيىن ئەلىشىر ھېكىمبەگ ئوردا مەنسەپدارلىرىنى يىغىپ ئىسمەتۇللانىڭ مەلۇماتنامىسى ئاساسىدا كېڭەش ئۆتكۈزدى. بۇنى كېڭەش دېگەندىن كۆرە، ئىسمەتۇللانىڭ تەكلىپىنىڭ ئەلىشىر ھېكىمبەگنىڭ ئەمرى ئارقىلىق قانۇنلىشىشى دېگەن تۈزۈك ئىدى.

ئەلىشىر ھېكىمبەگ قاشتېشىدىن نەقىش ئويۇلغان تەختكە سېلىنغان تاۋار كۆرپىدە سۇرلۇك ئولتۇرۇپ، ئاخىرىدا ئاۋازىنى ئادىتى بويىچە ئۈنلۈك چىقىرىپ تۆۋەندىكىدەك پەرمان چۈشۈردى:

— خوتەن پۇقرالىرىنىڭ تۇرمۇشىنىڭ باياشات، پاراۋان، خاتىرجەم بولۇشى ئۈچۈن، ئاشلىقى تۈگەپ قالغان دېھقانلارنى تىزىملاپ، ئۇلارغا ئوردىنىڭ زاپاس ئاشلىقىدىن يەتكۈزۈپ بېرىلسۇن. پۇقرالارنىڭ بېشىدىكى ئاتمىش بەش خىلدىن ئارتۇق تۈرلۈك ئالۋان - سېلىق، باجنىڭ يىگىرمە خىلى قىسقارتىلسۇن. يەرلىك ئامبال، مەنسەپدارلار ۋە ئۇلارنىڭ ئۇرۇق - تۇغقان، دوست - بۇرادەرلىرىدىن قانۇن - نىزامغا خىلاپلىق قىلغان، ئەلگە زورلۇق - زومبۇلۇق قىلغانلار تەكشۈرۈلۈپ قاتتىق جازالانسۇن، گۇناھى ئېغىرراقلىرىنىڭ مەنسىپى ئېلىپ تاشلانسۇن!

ئەلىشىر ھېكىمبەگ ئۆزىگە باش ئېگىپ تۇرغان بەگلەرگە سىنچىلاپ بىر قۇر قاراپ چىققاندىن كېيىن، ئۆز

پەرماندىن مەمنۇن بولغاندەك، چىرايىغا ئازراق تەبەسسۇم يۈگۈرتۈپ داۋام قىلدى:

— ھازىر شەھەر پۇقرالىرىنىڭ ئىچىملىك سۇ مەسىلىسى بىر ئاز قىيىن. شۇڭا، مۇۋاپىق ئورۇن تېپىپ ئۈچ ئورۇنغا چوڭ كۆل كولانسۇن. يەنە مۇھىم بىر ئىش، خوتەن دىيارىنىڭ ئەدەبىيات - سەنئەت ئىشلىرىنى راۋاجلاندۇرۇش ئۈچۈن، ئەل ئارىسىدا تونۇلغان، ئەدەبىيات، تارىخ، مۇزىكا ئىلمىنىڭ ئۇستازلىرىغا كۆڭۈل بۆلۈش، ئۇلارنىڭ ئىجادىيىتىگە ياخشى شارائىتلارنى يارىتىپ بېرىش زۆرۈر. شۇڭا، بۇلارنى ئېنىقلاپ، ئۇلارنىڭ ھەر بىرىگە ئون مودىن، بەش موغىچە يەر ئاجرىتىپ بېرىلسۇن. ئۇلارغا ئاجرىتىپ بېرىلگەن يەرلەردىن تۇرلۇك باج، ئالۋان - سېلىقلار كەچۈرۈم قىلىنسۇن!

ئىسمەتۇللا ئەلىشىر ھېكىمبەگنىڭ بۇ پەرماندىن چەكسىز خۇشال بولدى. كۆڭلىدە ھېكىمبەگكە ئۇزۇن ئۆمۈر، نۇسرەت، چەكسىز دۆلەت تىلىدى. ئاخىرىدا، ئەلىشىر ھېكىمبەگ يۇقىرىقى پەرماننىڭ ھەر بىرىگە مەسئۇل بەگلەرنى بىر - بىرلەپ ئېلان قىلدى. ئىسمەتۇللانى ئەلگە تونۇلغان مۇزىكا، تارىخ ۋە ئەدەبىيات ئۇستازلىرىغا يەر بۆلۈپ بېرىشكە بېكىتتى. پەرماندىن كېيىن ئىسمەتۇللا تۈنجى بولۇپ ئېغىز ئاچتى:

— ياراتقان ئۇلۇغ ئاللاتائالا، ھاكىمبەگ ئالىيلىرىنىڭ مۇبارەك تېنىنى ساق، ئېزىز ئۆمرىنى ئۇزۇن، قۇتلۇق دۆلىتىنى زىيادە قىلغاي! ئالىيلىرىنىڭ توغرا سىياسىتىنىڭ ئالتۇن نۇرىدا، پۈتۈن خوتەن پۇقرالىرى پاراۋان، خاتىرجەم ياشىغاي!



ئىسمەتۇللاغا ئەگىشىپ بەگلەرنىڭ ھەممىسى مەدھىيە سۆزلىرىنى قار - يامغۇردەك ياغدۇردى. بۇلارنىڭ ئارىسىدا ئىسمەتۇللادەك چىن قەلبىدىن خۇشال بولۇپ، ئەلىشىر ھېكىمبەگكە راستىنلا نۇسرەت تىلىگەنلەرمۇ، ئەكسىچە ئىچىدە ئۇنىڭغا قايناپ تۇرسىمۇ، ئادەت بويىچە يالغاندىن بەخت تىلىگەنلەرمۇ بار ئىدى.

شۇ كۈنى كەچ، ئىسمەتۇللا ياتقىدا خۇشاللىقتىن بىر ھازا ئۆزى يالغۇز تەمبۇر چېلىپ، ناخشا ئوقۇدى. ئۇنىڭ قانچە كۈندىن بۇيانقى كۆڭۈل غەشلىكى بىراقلا كۆتۈرۈلۈپ كەتكەندى. كېيىن ئەلىشىر ھېكىمبەگنىڭ خەلقپەرۋەرلىكى تېما قىلىنغان ئۇزۇن بىر قەسىدىنى يېزىپ، ئاندىن ئۇيقۇغا كەتتى.

# ئالتىنچى باب يىگىت ئاشىق

## 1

ئىسمەتۇللانىڭ ئوردىغا كىرگىنىگىمۇ ئۈچ يىلدىن ئاشتى. ئۇ بۇ يىللاردا پات - پات يۇرت - يۇرتلارغا تەكشۈرۈشكە بارىدىغان قۇلايلىق شارائىتتىن پايدىلىنىپ، ئەل ئارىسىدا تارقىلىپ يۈرگەن مۇقامنىڭ يېڭى - يېڭى ۋارىيانتلىرىنى توپلاپ، سېلىشتۇرۇپ، رەتلەپ چىقتى. ئۇنىڭدىن باشقا، مىڭ كۇپلېتتىن ئارتۇق خەلق قوشاقلىرىنى توپلىدى. ھۆكۈمەت ئىشلىرىدا ئەلىشىر ھېكىمبەگنىڭ يېقىن ياردەمچىسى بولۇپ، تۈرلۈك ئىشلارنىڭ ئادىل بىر ياقلىق بولۇشىغا مۇناسىپ ھەسسە قوشتى. بولۇپمۇ، ئالدىنقى يىلى خوتەن، قاراقاش قاتارلىق يۇرتلارنى تەكشۈرۈپ ھېس قىلغانلىرى ئاساسىدا ئەلىشىر ھېكىمبەگكە سۇنغان مەلۇماتىنىڭ ئەمەلىيلىشى سەۋەبىدىن ئۇنىڭ نامى پۈتۈن خوتەن ئېلىگە پۇركەتتى. ئوردا ئىچى ۋە سىرتىدا ئىناۋىتى كۈنسېرى ئۆستى. ئۇنى ئىزدەپ ھال - مۇڭ ئېيتىدىغان، ئەرز - شىكايەت سۇنىدىغانلار كۆپەيدى. لېكىن، ئوردا ئىچىدە قۇتبىدىن مىرزا قاتارلىق بىر بۆلەك نادان، ئابرۇيپەرەس بەگلەر ئۇنىڭدىن قانداق قىلىپ قۇسۇر تېپىپ يىقىتىشنىڭ كويىدا ئىدى.



ئىسمەتۇللا بۈگۈنمۇ ياتىقىدا يالغۇز ئولتۇرۇپ «مۇقام ئىشقى» ناملىق بىر غەزەل يازدى. غەزەل خېلىلا ياخشى چىققان بولۇپ، ئۇنىڭغا ئىسمەتۇللانىڭ قانچە يىللاردىن بۇيان مۇقام توغرىسىدا ئويلىغانلىرى، چوڭقۇر مۇھەببىتى ۋە قادىر قالۇن، دادىسى نېمەتۇللا موللا قاتارلىقلار بىلەن ئۆتكۈزگەن سۆھبەتلىرىدىن تۇغۇلغان تەسىراتلار مۇجەسسەم قىلىنغانىدى. ئۇ شېئىرنى ئاۋازىنى قويۇۋېتىپ، ھاياجان بىلەن بىر - ئىككى قېتىم ئوقۇدى. بولۇپمۇ، غەزەلنىڭ ئاخىرقى مىسراسىغا «مۆجىزى» دېگەن تەخەللۇسى ئۇستىلىق بىلەن كىرگۈزۈلگەنىدى.

ئىسمەتۇللا ھازىر ئۆزىدىن، مۇھىمى يازغان شېئىر، رەتلىگەن مۇقام، توپلىغان خەلق قوشاقلىرى، بېجىرگەن ھۆكۈمەت ئىشلىرى··· ھەممىسىدىن رازى ئىدى: «يەۋاتقان ئاش - نېنىمنى ھالال يېدىم، ئۆزۈمگە، ئاتا - ئانامغا، ئەل - يۇرتقا يۈز كېلەلەيمەن! ···» دەپ ئويلايتتى. لېكىن، ئۇ ئۆزىنىڭ روھىي دۇنياسىدا، تۇرمۇشىدا بىر نەرسىنىڭ كەملىكىنى ئويلايدىغان، شۇ ۋەجىدىن بەزى كېچىلىرى ئۇخلىيالمايدىغان بولۇپ قالدى. ئۇ ھەممە ئىنسان چوقۇم بېسىپ ئۆتىدىغان ھەم ئېرىشىدىغان پاك مۇھەببەت ئىدى. بۇ ئىشنى ئاتا - ئانىسى، ئەلىشىر ھېكىمبەگ، ناسىر بەگ، قادىر قالۇن قاتارلىقلار كۆپ قېتىم ئېيتقانىدى. لېكىن، شۇ چاغلاردا ئىسمەتۇللا: «ھازىر مېنىڭ ئويلايدىغىنىم، قەشقەر خانلىق مەدرىسىگە بېرىپ بىلىم تەھسىل قىلىش، بۇ ئىشلار كېيىن بىر گەپ بولار» دېگەنىدى. كۈنلەرنىڭ ئۆتۈشىگە ئەگىشىپ، ئۇ ئىلىم تەھسىل قىلىشتىن كۆرە، ئوردىدا ئەلىشىر ھېكىمبەگنىڭ يېقىن ياردەمچىسى بولۇپ،

ئاۋام پۇقرا ئۈچۈن كۆپرەك ئەمەلىي خىزمەت قىلىشنىڭ زۆرۈرلۈكىنى ھېس قىلىپ قالدى. مۇشۇنداق تۇرغان كۆڭۈللەرنىڭ بىرىدە، ئۇنىڭ تىنچ قەلبىگە مۇھەببەت ئىلاھى ــ بەھرىنىسا بۆسۈپ كىرىپ، ئارامىنى بۇزدى.

ــ شۇ تاپتا بەھرىنىسا نېمە ئىش قىلىۋاتقاندۇ، مېنى ئويلاۋاتامدىغاندۇ ـ ھە! ... توۋا دەيمەن، مۇھەببەت، ياخشى كۆرۈش ئەجەب سېھرىي كۈچكە ئىگە بولىدىكىنە؟ ئىككى ئاي بولدى. ماڭا ئۆزۈم، ئۆزۈم ئەمەستەك بىلىنىدۇ، پىكىر ـ خىيالىمنى يىغالمايمەن. «ئىشقىنىڭ پىراقى ھوش ـ ئەقىلنىڭ سەرمايىسىدۇر، ئىشقى يوق كىشى ھەر قانچە ئەقىللىق بولۇپ كەتسىمۇ، بەربىر سەۋدايى تىلەمچىگە ئوخشايدۇ.» بۇ سۆزلەرنى نەدە ئوقۇغان بولغىيدىم؟ ــ ئىسمەتۇللا شۇلارنى پىچىرلاپ ياتقىنىنىڭ دېرىزىسى ئالدىغا كېلىپ بەھرىنىسانى كۆز ئالدىغا كەلتۈردى: يوغان، قاپقارا كۆزلىرىدىن مۇلايىملىق، ھايا، ئەقىل ـ پاراسەت تۆكۈلۈپ تۇرىدىغان، يۈزى تاڭ سەھەردىكى قۇياشتەك يۇمىلاق ھەم قىزىل، قاڭشارلىق، لەۋلىرى قاشتېشىدەك سۈزۈك ھەم نېپىز، سەرۋى قامەتكە خوپ ياراشقان چاچلىرى ساغرىسىغا چۈشۈپ تۇرغان قىز ئۇنىڭغا تەبەسسۇم بىلەن قارىماقتا ئىدى.

بەھرىنىسا[1] كېرىيىنىڭ جاي كەنتىدىكى داڭلىق ئۆلىما، تېۋىپ شېرىپ موللىنىڭ يالغۇز، ئەتىۋارلىق قىزى

---

① بەھرىنىسانىڭ كېرىيىدىن ئىكەنلىكى، مۆجىزىنىڭ نەۋرىسى مەتتۇرسۇن نېمەتۇللانىڭ قارىشىغا ئاساسلاندى.



ئىدى. شېرىپ موللا ئىلىم تەھسىل قىلىشنى مەڭگۈلۈك پەرھىز دەپ بىلىدىغان، تېبابەتچىلىكنى كەسىپ قىلغان، دىيانەتلىك، دۇتارنى ۋايىغا يەتكۈزۈپ چالىدىغان، ئەل ئىچىدە يۇقىرى ھۆرمەتكە سازاۋەر كىشى ئىدى. بەھرىنىسا مۇشۇ ئائىلىدە دادىسىدىن ئىلىم تەھسىل قىلىپ خېلى يۇقىرى كامالەتكە يەتكەن بولۇپ، كلاسسىك ئۇستازلارنىڭ دىۋان، داستانلىرىنى سۆيۈپ ئوقۇغاندىن باشقا، دىنىي ئىسلامىيەتتىنمۇ تولۇق خەۋىرى بار ئىدى. ئىسمەتۇللا ئىككى ئاي بۇرۇنقى ئۇچرىشىشنى ئېسىگە ئالدى.

4 ـ ئاي مەزگىلى، ئىسمەتۇللا ئەلىشىر ھېكىمبەگنىڭ ئەمرى بىلەن كېرىيىگە تەكشۈرۈشكە باردى. ئۇ توغرىغازدىكى سەپىرىنى ئاخىرلاشتۇرۇپ جاي كەنتىگە قەدەم قويدى. سەھرانىڭ ياپيېشىل گۈزەل مەنزىرىسى، ساپ ھاۋاسى، ئۇنىڭدا ئۆزگىچە شېئىرىي پىكىرلەرنى قوزغىدى. ئاشۇ پىكىرلەرنى كۆڭلىدە مىسراغا تىزىپ كېلىۋاتقان ئىسمەتۇللانىڭ دىققىتىنى پۈتۈنلەي ئاق تاشلىنىپ قالغان بىر پارچە يەر تارتتى. يەرنىڭ تۆت ئەتراپى تېرىلغانىدى. ئۇ ئاتتىن چۈشۈپ بىر سىقىم توپىنى ئېلىپ كۆرۈپ باقتى، تۇپراق ياخشى ئىدى. ئۇ يەرنىڭ نېمە سەۋەبتىن تېرىلماي ئاق قالغانلىقىنى بىلەلمەي تۇرغىنىدا، ئەتراپىغا كىشىلەر ئولاشتى. ئىسمەتۇللا ئۇلاردىن سۈرۈشتە قىلىۋىدى، بۇ يەر يېشى ئاتمىشلاردىن ئاشقان يالغۇز ئايال تاجىخاننىڭ بولۇپ چىقتى. ئۇ مومايىنى چاقىرتىپ، يەرنى ئاق قويۇشنىڭ سەۋەبىنى سورىدى.

ــ ئۆزلىرى كۆرۈپ تۇرۇپلا، بېگىم، مەن مۇشۇ يېشىمدا قانداقمۇ يەر تېرىپ، پەرۋىش قىلىپ، ھوسۇلىنى

يىغلايمەن؟ مەيلىلا، ئۆلمىگەن جاندا ئۈمىد بار دەپتىكەن، دەپ ئۆتكەن يىلى بىر ئاماللارنى قىلىپ بوغداي تېرىغان ئىدىم. لېكىن، سۇغىرىشتا باشقىلار سۇ بەرمەي قۇرۇپ كەتتى. بۇ سەھرادا مەندەك تۇل مومايىنىڭ ئېتىزىنى كىممۇ سۇغىرىپ بېرىدۇ، دەيلا، — مومايىنىڭ كۆز ياشلىرى تۆكۈلۈشكە باشلىدى، ئاۋازى بوغۇلۇپ چىقاتتى. ئۇ ئۇزۇن كۆڭلىكىنىڭ پېشى بىلەن ياشلىرىنى سۈرتۈپ، ئاشۇ ئاق قالغان بىر پارچە يەرگە ھەسرەت بىلەن قارىدى.

ئىسمەتۇللانىڭ ئالدىدا تۇرغان بۇ مومايغا قاراپ ئىچى سىيرىلدى. مۇشۇنچىلىك ئىشلارنىمۇ توغرا بىر ياقلىق قىلمىغان يۇرت ئەمەلدارلىرىغا غەزەپلەندى. ئۇ دەرھال يۈز بېشىنى چاقىرتىپ كەلدى. يەرنىڭ ئەتراپى كىشىلەر بىلەن تولۇپ كەتتى. ئىسمەتۇللا يۈز بېشىغا كەسكىن تەلەپپۇزدا شۇنداق دېدى:

— سىز يۈز بېشى بولغاندىكىن، بۇ يۇرتنىڭ ئاتىسى، باشپاناھى، يېتىملەرنىڭ، قېرى - چۆرىلەرنىڭ غەمگۇزارى بولىسىز. تاجىخان مومايىنىڭ بۇ يېرى تېرىلماي ئاق قالغىلى ئىككى يىل بوپتۇ. سىز بۇ جەرياندا بۇ يەرنىڭ ئاق قالغىنىنى بىرەر قېتىممۇ كۆرمىدىڭىزمۇ؟ موماي تېرىشقا، ھوسۇلىنى يىغىشقا قۇدرىتى يەتمىگەنىكەن، سىز نېمىشقا ئادەم ئورۇنلاشتۇرۇپ تېرىپ، سۇغىرىپ، پەرۋىش قىلدۇرۇپ، ئاشلىقنى ئۆيىگە يەتكۈزۈپ بەرمەيسىز؟

قاپاقلىرى قېلىن، مۇز چىراي، گەۋدىلىك كەلگەن يۈز بېشى خۇددى دادىسىنىڭ ئالدىدا گۇناھ ئۆتكۈزۈپ قويغان بالىدەك، ئىسمەتۇللانىڭ سوئاللىرىنى جاۋابسىز قالدۇرۇپ، بېشىنى يەردىن ئۈستۈن كۆتۈرمەي تۇردى. ئىسمەتۇللا



ئۇنىڭ بۇ تۇرقىغا سوغۇق نەزەر تاشلاپ سۆزىنى داۋام قىلدى:

— قۇلاق سېلىپ ئاڭلاڭ يۈز بېشى، بۇ يەر ئىككى يىل تېرىلماپتۇ. يىلىغا كەم دېگەندىمۇ ئون چارەك بوغداي چىقىدۇ. شۇڭا، سىز ئىككى يىللىقى ئۈچۈن يىگىرمە چارەك بوغداينى بۈگۈنلا تاجىخان مومايىنىڭ ئۆيىگە يەتكۈزۈپ بېرىسىز. كېلەر يىلدىن باشلاپ ھەر يىلى ئادەم ئورۇنلاشتۇرۇپ بۇ يەرنى تېرىپ، پەرۋىشىنى قىلىپ، سۇغىرىپ، ھوسۇلىنى تاجىخان مومايغا يەتكۈزۈپ بېرىسىز، يىگىرمە چارەك بوغداينى بۈگۈنلا يەتكۈزۈپ بېرىڭ. مەن ئەتە تەكشۈرۈپ كېلىمەن. بىلدىڭىزمۇ؟

— چوقۇم دېگەنلىرىدەك قىلىمەن، مىرزا بېگىم، بۇنىڭدىن كېيىن تاجىخان مومايدىن چوقۇم ئوبدان خەۋەر ئالىمەن، — دېدى يۈز بېشى تەزىم قىلىپ.

بۇ ئىشتىن يەرنىڭ ئەتراپىدا تۇرغان كىشىلەر تەۋرەپ كەتتى. ئۇلار بىر - بىرىگە بىر نېمىلەرنى دەپ كۇسۇرلىشاتتى. بىلىدىغانلىرى بىلمەيدىغانلارغا ئىسمەتۇللانى تونۇشتۇراتتى. دەل شۇ چاغدا، خۇددى ئاسماندىن چۈشكەندەكلا قادىر قالۇن پەيدا بولدى. ئىككىسى قىزغىن قۇچاقلىشىپ كۆرۈشتى. قادىر قالۇن ئەسلى شېرىپ موللىنىڭ ئۆيىگە كەلگەنىكەن. شېرىپ موللا ئۇلارنى ئازادە قورۇسىغا باشلاپ كەلدى.

— بايىنقى ئىشلىرى خوپ ئورۇنلۇق بولدى، مىرزا بېگىم، — دېدى شېرىپ موللا ئىسمەتۇللاغا پەتنۇستا چاي سۇنۇۋېتىپ، — ئەمەلىيەتتە تاجىخان مومايىنى قاقشىتىپ يېرىگە سۇ بەرمىگەن، دەل ئاشۇ ھاشىم يۈز بېشىنىڭ جەددى - جەمەتى. شائىر سەئدى شېرازىنىڭ: «ياخشىغا

ياخشى بول، يامانغا يامان، گۈللەرگە گۈل بولغىن، تىكەنگە تىكەن» دېگەن بېيىتتەك ئىش بولدى. ئۆزلىرى بىلەن بۈگۈن تۇنجى قېتىم ئەسرارلىشىشىم. لېكىن، مۇبارەك نامىشەرىپلىرى ئەل ئارىسىدا مەشھۇر. ئۆزلىرىنىڭ مۇزىكا، شېئىرىيەت، تارىخ ئىلمىدە، ئەرەب، پارس تىللىرىدا كامالەت ئىگىسى ئىكەنلىكلىرىنى دوستۇم قادىر قالۇندىن ئاڭلىغانىدىم. بۈگۈن تەقدىر دوستىمىز قادىر قالۇننى ئەۋەتىپ، ئىككىمىزنى يۈز كۆرۈشۈشكە نېسىپ قىپتۇ. قېنى ئۆز ئۆيلىرىدەك ئازادە ئولتۇرغايلا.

— شۇنداق، مىرزا بېگىم، شېرىپ موللا مېنىڭ ئىككى ئالەملىك قەدىناس دوستۇم، ئۇنىڭ ئۆيى مېنىڭ ئۆيۈم، مېنىڭ ئۆيۈم ئۆزلىرىنىڭ ئۆيى. كىم بىلىدۇ، بۇ ئۆزلىرىنىڭ ئۆيى بولۇپ قالامدۇ، تېخى؟ — دېدى قادىر قالۇن چاقچاق قىلىپ.

شېرىپ موللا بىر پاقلاننى تونۇرغا تىقىپ كاۋاپ قىلىپ مېھمانلارنى كۈتتى. ئۇلار غىزالانغاچ مۇزىكا، شېئىرىيەت توغرىسىدا پىكىرلەشتى. خوتەننىڭ ھازىرقى ۋەزىيىتى، پۇقرالارنىڭ تۇرمۇشى، بازارلاردىكى سودا - سېتىق، شۇنىڭدەك ئالۋان - سېلىقنىڭ مەلۇم نىسبەتتە ئازايغانلىقى قاتارلىق مەسىلىلەر توغرىسىدا سۆھبەتتە بولدى.

— قىمارۋاز ئوشۇقسىز، سازچى نەغمىسىز ياشىيالمايدۇ، دەپتىكەن. شېرىپ موللا، قېنى، دۇتار، تەمبۇرلىرىنى ئەكەلسىلە، بىردەم - يېرىمدەم مۇڭ قىلمىساق، ئەتىدىن① يېگەن پاقلان كاۋپى ھارام بىزگە، —

① ئەتىدىن - باياتىندىن دېگەن مەنىدە - ت.



دېدى قادىر قالۇن.

— باش ئۈستىگە، ئاغىنە، ئىسمەتۇللا مىرزىنىڭ مۇبارەك تەمبۇرىنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلاش، مەن ئۈچۈن تېپىلغۇسىز پۇرسەت، — دېدى شېرىپ موللا ۋە تامغا ئېسىپ قويۇلغان سازلارنى ئېلىپ كەلدى. ئىسمەتۇللا تەمبۇرنى، قادىر قالۇن قالۇننى، شېرىپ موللا دۇتارنى قوللىرىغا ئېلىپ «ئىراق» مۇقامىغا تۈزۈپ، ناخشا باشلىدى:

*قاچان كۆرسەم ئول ئايىنى كۆيدۈرەر جانىمنى ئەفغانىم،*
*ئەگەر كۆرمەك مۇيەسسەر بولمىسا مۇشكۇل مېنىڭ ھالىم.*
*ۋايا ئەسھاپىنىڭ قاشىدا ھىجران ۋەسلىدىن خۇشراق،*
*كى خۇشراقدۇر ۋىسالىمدىن ئۆلەر ئالدىدا ھىجرانىم.*
*قويۇندەك دەشت ئارا سەرگەشتەدۇر خاكى تېنىم گويا،*
*ئۇنۇتمىش خان - مانىن ئول ئالاخانۇ ئالامانىم.*

نەۋائىنىڭ بۇ غەزىلى ئىسمەتۇللانىڭ يۈرىكىنى سۆ قىلدى. ئۇ شۇ تاپتا تەمبۇرنىڭ ئىچىگە - ئۇنىڭ تار، پەدىلىرىنىڭ قات - قېتىغا چۆكۈپلا كەتكەنىدى. شېرىپ موللا دۇتار تارلىرىنى ئۆزگىچە ئۇسۇلدا يۆگەپ ئۇرۇپ، بىرخىل مۇڭلۇق ئاۋاز چىقىراتتى؛ قادىر قالۇن ئۆزى بۇ دۇنيادا ئەمەستەك، ھەممىنى ئۇنتۇغان ھالدا پۈتۈن ئىشقى، مۇھەببىتى بىلەن ناخشا توۋلايتتى. بۇ ناخشا، بۇ كۈي پۈتۈن جاي يېزىسى، پۈتۈن كېرىيىنىڭ ھاۋا بوشلۇقىغا تاراپ كەتتى. ئۇخلاۋاتقان كىشىلەر باشلىرىنى كۆتۈرۈپ تىڭشىدى. يېقىن قوشنىلار شېرىپ موللىنىڭ ئۆيىنىڭ ئەتراپىغا ئولاشتى. دەل - دەرەخ يوپۇرماقلىرى ئاستا چاۋاك

چالدى، مايسىلار يېنىك يەلپۈندى، بۇلبۇللار ئىزادىن ئەلەم چەكتى، ئۇچار قۇشلار بىھوش بولدى. ئاشىق - مەشۇقلار ۋىسال لەززىتىدىن ياش تۆكتى. ئاي، يۇلتۇزلار تەشەككۇر نۇرلىرىنى تەسەددۇق قىلدى...

ئىسمەتۇللا ناخشىدىن بېشىنى كۆتۈرۈپ ئۇدۇلدىكى ئۆينىڭ دېرىزىسىگە قارىدىيۇ، پۈتۈن جىسمى سىمابتەك ئېرىدى. ئېغىزى ناخشىدىن، قوللىرى ھەرىكەتتىن، نېرۋىسى تەپەككۇردىن توختاپلا قالدى. چۈنكى، دېرىزە ئىچىدە پۈتۈن ئىشقى بىلەن مۇقام ئاڭلاپ بىر ئاي، ياق، ئايدىن نەچچە ھەسسە گۈزەل بىر پەرىزات ئولتۇراتتى. شۇ ئەسنادا قىزنىڭ بۇلاقتەك كۆزلىرىنىڭ ئۆتكۈر نۇرلىرى ئىسمەتۇللاغا چۈشتى. بىر جۈپ يۈرەك ھەرىكەتتىن توختىدى، بىر جۈپ كۆز قارچۇقلىرى قېتىپلا قالدى. قىز ئۆزىنى دالدىغا ئالدى. ئىسمەتۇللانىڭ يۈرىكى بوغۇزىغا كەپلىشىپ قالغاندەك قىلاتتى. ناخشا ئوقۇۋېدى، ئاۋازى چىقمىدى، قوللىرى پەدە بېسىشتىن ئازدى.

ئىسمەتۇللا شۇ كېچىسى شېرىپ موللىنىڭ ئۆيىدە قونۇپ قالدى. لېكىن، قوقاسقا چۈشكەن قىلدەك تولغىنىپ، ھېلى ئۇياققا، ھېلى بۇياققا ئۆرۈلۈپ يېتىپ كېچىنى پۈتۈنلەي ئۇيقۇسىز ئۆتكۈزدى. ئەتىسى ناشتىدىن كېيىن خوتەنگە قاراپ يول ئالدى.

ئىسمەتۇللا ئوردىغا كەلگەندىن كېيىن كەم سۆز، خىيالچان بولۇپ قالدى. بەھىرنىسانى ئۇنتۇشقا تىرىشىپ باققان بولسىمۇ، لېكىن زادىلا ئۇنتۇيالمىدى. قىز كېچىسى چۈشىدىن، كۈندۈزى كۆز ئالدىدىن نېرى بولمايتتى. ئۇنىڭ قولى پەقەت ئىشقى غەزەللەرنى يېزىشقىلا كەلدى. ئاخىرى



ئىسمەتۇللا قىزنىڭ مۇھەببىتىگە ئەسىر بولغانلىقىدىن ئىبارەت پاكىتنى ئېتىراپ قىلدى. بۇ ئارزۇسىنى قادىر قالۇنغا ئېيتىپ، ئۆتكەن ھەپتە ئۇنى ئەلچىلىككە يولغا سالدى. قادىر قالۇن ئىسمەتۇللانىڭ تۇگىشىپ كەتكەن ئەھۋالىغا قاراپ ئىشەنچ بىلەن: «خاتىرجەم بولسىلا، مىرزا بېگىم، سىلىنىڭ كېسەللىرىگە چوقۇم شىپالىق ئېلىپ كېلىمەن. خۇش خەۋىرىمىزنى كۈتسىلە!» دېگەنىدى.

ئىسمەتۇللا يۇقىرىقىلارنى ئويلاپ، ئاسماندىكى يۇلتۇزلارغا، كۈمۈشتەك نۇرىنى تۆكۈۋاتقان ئايغا قاراپ پىچىرلىدى: «بەھىرنىسا، شۇ تاپتا سىزمۇ كۆككە قاراۋاتامسىز، ئۇبدانىراق سەپسېلىڭ، شۇ چاغدىلا يۇلتۇزلار مېنىڭ يۈرەك سۆزلىرىمنى سىزگە دەپ بېرىدۇ. مېنىڭ قانچە كېچىنى سىزنى ياد ئېتىپ ئۇيقۇسىز ئۆتكۈزگىنىمنىڭ بىردىنبىر شاھىدى - ئاشۇ ئاي ۋە يۇلتۇزلار...» ئۇ سۇپىغا كېلىپ بىردىنبىر دىلكىشى تەمبۇرىنى «باياتى» مۇقامىغا چېلىپ، نەۋائىينىڭ تۆۋەندىكى غەزىلىنى ئوقۇدى:

*بىر كۆرۈپ ھەسرەتتە قالدىم ئول پەرى رۇخسارىنى،*
*ئىككى كۆرسەم دەپ تىلەيمەن كۆزلىرى خۇمارىنى.*
*ئۈچ كۆرۈشكەندە سالۇرلەر ئاي يۈزىگە خالىنى،*
*تۆت كۆرۈشكەندە سالۇرلەر خەنجىرى تەييارىنى.*
*بەش كۆرۈپ ئالدىدا جان بەرسەم شەھىدۇ ئىشقى مەن،*
*ئالتە كۆرسەم دەپ تىلەيمەن قامەتى - دىدارىنى.*
*يەتتە ئىقلىمدىن پۈتمەس سەن كەبى نازۇك بەدەن،*
*سەككىز ئۆرگەلسە باشىڭدىن كىم تاپار غەمخارىنى.*
*توققۇز ئۆرگەلسە باشىڭدىن، تەركى جانىم تەندە بار،*

*ئون قولۇم بىلەن سۇنسام شاراب، تەندە ھالىم قالمىدى.*
*ئون بىر ئاي بولدى نەۋائى يارىدىن ئايرىلغىلى،*
*ئون ئىككى يىلغا ئۆرۈلۈپ كىمى تاپار غەمخارىنى.*

تەمبۇرنىڭ تارلىرىدىن مۇڭ، ئىسمەتۇللانىڭ يۈرىكىدىن ياش تۆكۈلەتتى. ۋۇجۇدى خۇددى كەچ كۈزدە قالغان تەنھا يوپۇرماقتەك ئازاب بىلەن تىترەيتتى. شۇ تاپنىڭ ئۆزىدە ئىسمەتۇللا بۇ دۇنيانى، ئۆزىنى پۈتۈنلەي ئۇنتۇغانىدى، تارلارنى چېكىشى، پەدە بېسىشى، ناخشا ئوقۇشىدىن ئۇنىڭ بەھرىنىسانىڭ ئىشقىدىنمۇ ياكى مۇقام ئىشقىدىنمۇ، زادى قايسىسىنىڭ ئىشقىدا مەجنۇن بولغانلىقىنى بىلگىلى بولمايتتى. يۈرەكنى ئېزىدىغان بۇ كۈي، بۇ ناخشا ئۇنىڭ ھۇجرىسىدىن ئاسمان بوشلۇقىغا سىڭىپ كەتتى. ئاھ، ھەقىقىي ئاشىقنىڭ چىن قەلبىدىن ياڭرىغان مۇھەببەت كۈيى! سەن شاماللارغا مىنگىشىپ يىراقلارغا بار، سەن شۇ تاپتا چۈش كۆرۈۋاتقان مەشۇقنى ئويغات! ...

## 2

— بىر ساۋابلىق ئىش ـ ئىككى ياشنىڭ ئۆمۈرلۈك بەختى ئۈچۈن ئالدىلىرىغا كەلدىم، دوستۇم. مېنى نا ئۈمىد قايتۇرمىغايلا، — دېدى قادىر قالۇن قولىدىكى ئاتنىڭ قېنىدەك قېنىق دەملەنگەن چايدىن بىر يۇتۇم ئىچىپ.

— ھە، مۇنداق دېسىلە، دوستۇم مەن بىلەن ھال ـ مۇڭ ئېيتىشقىلى كەلگەن چېغى دېسەم، ئەسلى ئەلچى بولۇپ



كەلدىم، دېسىلە، — دېدى شېرىپ موللا قادىر قالۇنغا سىنچىلاپ قاراپ. ئۇ داستىخاندىكى ياڭاق مېغىزىدەك سارغىيىپ پىشقان گىردىنى ئۇشتۇپ قويۇپ سۆزىنى داۋام قىلدى، ـ قېنى داستىخانغا باقسىلا، ئاۋۋال تائام، ئاندىن كالام دەپتىكەن. ھەرقانداق ئىش بولسا ئالدىرىماي دېيىشمەمدۇق.

— چاينىمۇ ئىچكەچ، گەپنىمۇ دېيىشكەچ ئولتۇرايلى. نەق گەپنىڭ ئۆزىنىلا دەي، سىلىنىڭ بەھرىنىسا بىلەن ئىسمەتۇللا مىرزىنىڭ بېشىنى بىر قىلىپ قويايلى دەپ كېلىشىم. بەھرىنىسانىڭ شەرم ـ ھايالىق، پەزىلەتلىك چوڭ بولغانلىقىغا گەپ كەتمەيدۇ. ئىسمەتۇللانىڭمۇ ئاق كۆڭۈل، ئەدەپ ـ ئەخلاقلىق، ئىلىم ـ مەرىپەت، دىنىي ئىسلامدا ئىستېداتلىق كامالەت ئىگىسى ئىكەنلىكى ئۆزلىرىگە بەش قولدەك ئايان. ئىسمەتۇللا ھازىر بەھرىنىسانىڭ ئىشقىدا ساراڭ بولاي دەپ قالدى، — دېدى قادىر قالۇن.

شېرىپ موللا گەپ سۆز قىلماي ئولتۇرۇپلا كەتتى. ئۇنىڭمۇ ئويلىغانلىرى، تەگلىكتە قالغان يەرلىرى بار ئىدى. ئۇ يالغۇز، ئەتىۋارلىق قىزىنىڭ ئۆز يېنىدا تۇرۇشىنى بەكمۇ خالايتتى. ئۇنىڭ ئۆمۈرلۈك ۋاپادار ھەمرىيى بەش يىلنىڭ ئالدىدا كېزىك كېسىلى بىلەن ئۇ ئالەمگە سەپەر قىلدى. ئىككى قىزى ئۆز ئۆيلىرىدە تۇرمۇشنىڭ ھەلەكچىلىكىدە ئىدى. ئۇلار ھەر جۈمە كۈنى بالىلىرىنى ئېلىپ كېلىپ بۇ ئۆينى بىر كۈن بازار قىلىپ، دادىسىغا ئاش ـ تاماق ئېتىپ بېرىپ، كىر ـ قاتلىرىنى يۇيۇپ، ھويلا ـ ئارامنى پاكىزە سۈپۈرۈپ بېرىپ كەتسە، يەنە بىر جۈمە كۈنىگىچە شېرىپ موللا ئەتىۋارلىق قىزى بەھرىنىسا بىلەنلا قالاتتى. ئۇ

بەھرىنساغا ھەممىدىن بەك ئامراق ئىدى. قىزمۇ دادىسىغا بەكلا كۆيۈنەتتى. شۇڭلاشقا، شېرىپ موللىنىڭ قولۇم - قوشنا، يېقىن - يورۇقلىرى ئۇنى قايتا ئۆيلەپ قويۇشنى ئېيتىپ بىر قانچە يەرنى سايە قىلغان بولسىمۇ، بەھرىنسانى ئۆيلىغان دادا: «ھەر قايسىلىرىنىڭ كۆڭۈل بۆلگەنلىرىگە رەھمەت! بۇ يېشىمغا كەلگەندە يەنە ئۆيلىنىشنى كىم قويۇپتۇ. قىزىم بەھرىنسانى ئۆگەيگە قويغۇم يوق» دەپ چىرايلىقچە رەت قىلغانىدى. بەھرىنساغىمۇ بىر قانچە يەردىن ئەلچى كەلگەندە، قىز: «مەن دادامنى تاشلاپ كېتەلمەيمەن!» دەپ رەت قىلىپ تۇرۇۋالغانىدى. شۇنداقتىمۇ، قىز چوڭ بولسا ھامان ياتلىق بولىدىغان، ئوغۇل چوڭ بولسا ئۆيلىنىدىغان ئىشتە، بۇ ئادەم ئاتا بىلەن ھەۋۋا ئانىدىن قالغان قائىدە. بەھرىنسانىڭمۇ ئەمدى ياتلىق بولىدىغان، بىر ئۆينىڭ مورىسىدىن تۈتۈن چىقىرىدىغان ۋاقتى كەلدى. لېكىن، ئىسمەتۇللا مىرزىغا ياتلىق قىلىنسا قىز يىراققا كېتىدۇ. شېرىپ موللا بۇنىڭغا قانداق چىدايدۇ؟ رەت قىلىسىچۇ؟ بۇنىڭغا تىلى بارمايدۇ، بۇ دۇنيادا بەھرىنساغا ئەڭ مۇۋاپىق كېلىدىغان، ئەدەپ - ئەخلاقلىق، بىلىملىك يىگىت - ئاشۇ ئىسمەتۇللا.

— ۋوي، ئاغىنە، ئەجەب جىمىپلا كەتتىڭىزغۇ؟ ھەرقانداق ئىش بولسا بىر نېمە دېمەملا، بىرلىكتە كېڭىشەيلى، — دېدى قادىر قالۇن.

— نېمىمۇ دېيەلەيتتىم قادىر ئاخۇن، بۇ ئىشنىڭ ياخشىلىقىغا قىل سىغمايدۇ، لېكىن ئاچىلىرى بەھرىنسادىن سوراپ كۆرسۇن، ئۇنىڭ رازىلىقى بارمۇ - يوق، بۇ ھەممىدىن مۇھىم. مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام: «قىزنىڭ



رازىلىقىنى ئالماستىن، ئۇنى نىكاھ قىلىپ ئېلىشقا بولمايدۇ، چوكاننىڭ رازىلىق سۆزىنى ئالماستىن، ئۇنى نىكاھ قىلىپ ئېلىشقا بولمايدۇ.»① دېگەن، - دېدى شېرىپ موللا.

— بۇ سۆزلىرى دۇرۇس بولدى، ياراتقان ئاللاتائالا بەھرىنسانىڭ دىلىغا ئىسمەتۇللانىڭ ئاھۇ - زارىنى يەتكۈزگەي، — دېدى قادىر قالۇن.

ئۇلار تاماقتىن كېيىن تەڭ كېچىگىچە مۇڭداشتى. ئۇلارنىڭ پاراڭلىرىنىڭ تېمىسى ناھايىتى كەڭ بولۇپ، مۇزىكا، شېئىرىيەت، تېبابەتچىلىك، ئاسترونومىيە، تارىخ، دىنىي ئىسلامدىن تارتىپ نۆۋەتتىكى خوتەن ئېلىنىڭ ۋەزىيىتى، ئاۋام پۇقرالارنىڭ ھال كۈنى، ئامبال، مەنسەپدارلارنىڭ چىرىكلىكى... قاتارلىقلار توغرىسىدا ھەمسۆھبەتتە بولدى. قادىر قالۇن پاراڭ ئارىسىدا، ئىسمەتۇللانىڭ ئۆتكەن يىلى توپلاپ ئۆزىگە سوۋغا قىلغان «دىۋان مۆجىزى» ناملىق شېئىرلار توپلىمىنى قوينىدىن چىقىرىپ:

— بۇ ئىسمەتۇللا مىرزىنىڭ تۇنجى دىۋانى، ئۆزلىرىگە ھەدىيە قىلاي، كۆرۈپ باقسىلا! — دېدى شېرىپ موللىغا سۇنۇپ.

— رەھمەت!

شېرىپ موللا دىۋاننى قولىغا ئېلىپ مۇقاۋىدىكى چىرايلىق نەقىشلەرنىڭ ئوتتۇرىسىغا يېزىلغان كىتاب ئىسمىغا بىر ھازا قارىغاندىن كېيىن، ئىچىنى ۋاراقلاپ،

---

① ئەبۇ ھۇرەيرەنىڭ رىۋايىتى.

ئاندىن ئەڭ ئاخىرقى بەتكە قاراپ:

— پاھ! بۇ ئىسمەتۇللا مىرزىنىڭ ئۆز خېتىكەن - دە! نېمىدېگەن سۆلەتلىك، پاساھەتلىك يېزىلغان! — دېدى ھاياجان بىلەن.

قادىر قالۇن ئىسمەتۇللانىڭ ئۇستا خەتتات ئىكەنلىكىنى، ئۇنىڭ ئوردىغا كىرىشىگە سەۋەب بولغان ھېلىقى تارىشغا يېزىلغان بېيىت ۋەقەسىنى سۆزلەپ بەردى.

ئەتىسى چۈشتىن كېيىن شېرىپ موللا چوڭ قىزى ئەختەرنىسا ئارقىلىق، بەھىرنىسانىڭ ئىسمەتۇللاغا ياتلىق بولۇشقا رازىلىق بەرگەنلىكىنى بىلدى. بۇ خەۋەرنى ئاڭلىغان قادىر قالۇن شۇنداق خۇشال بولدىكى، شېرىپ موللىنىڭ: «ئەتە سەھەر يولغا چىقسىلا!» دەپ شۇنچە توسقىنىغا ئۇنىماي، بۇ خەۋەرنى تېزرەك ئىسمەتۇللاغا يەتكۈزۈش ئۈچۈن چامبۇل ئېشىكىگە مىنىپ خوتەن تەرەپكە قاراپ يول ئالدى.

## 3

ئىسمەتۇللا يۇرۇڭقاش دەرياسى ساھىلىدا ئويناقشىپ، تاشتىن - تاشقا، ئۇ قىرغاقتىن بۇ قىرغاققا ئۆرۈلۈپ ئېقىۋاتقان سۇغا قاراپ خىيال سۈرۈپ ئولتۇرماقتا ئىدى. سۇ دەريانىڭ بەزى يەرلىرىدە تارىيىپ ئاۋازسىز، تىنچ ئاقسا، بەزى يېرىدە دەريانىڭ پۈتۈن يۈزىگە يېيىلىپ، كىچىك - كىچىك ئۆستەڭلەرنى ھاسىل قىلىپ ئاقاتتى؛ دەريانىڭ بەزى يەرلىرىدە كىچىك كۆلچەكلەر ھاسىل بولاتتى. غەربكە قايرىلغان قۇياش نۇرى سۇ يۈزىدە پال -



پال شولىلارنى قايتۇرۇپ، كۆزنى قاماشتۇراتتى. دەريانىڭ قارشى قىرغىقىدا، ياپېيشىل بوستانلىق خۇددى ئىسمەتۇللانىڭ قەلبىگە ئوخشاش غەم ۋە خىيالغا پاتقان ھالدا كۆرۈنەتتى. ئۇمۇ، ئىسمەتۇللاغا ئوخشاش يۇرۇڭقاش دەرياسىدىن ئۆزىگە ھاياتلىق، بەخت تىلەۋاتقاندەك كۆرۈنەتتى. ئىسمەتۇللا دەريانىڭ قارشىسىغا، يىراقلارغا قارايتتى. مانا مۇشۇ دەريادىن ئۆتۈپ شەرققە، مۇقەددەس قۇياشقا قاراپ ماڭسا، بۇ يول ئۇنىڭغا مۇھەببەت، بەخت، ۋىسال ھەتتا ھاياتلىق بەخش ئېتەتتى. ئۇ ئىككى ئايدىن بېرى ھەر كۈنى ئەتىگەن شەرققە قاراپ قۇياشنىڭ چىقىشىنى، ئۇنىڭ زەر نۇرلىرىنى كائىناتقا چېچىشىنى كۆرۈشنى ئۆزىگە ئادەت قىلىۋالدى. ئۇ ئوتقاشتەك تاۋلىنىپ ئاستا - ئاستا كۆتۈرۈلگەن قۇياشتىن بەھىرنىسانىڭ نۇرلۇق جامالىنى كۆرگەندەك، قۇياش نۇرلىرىغا مىنگىشىپ كەلگەن تاڭ شاماللىرىدىن بەھىرنىسانىڭ تىنىقىنى پۇرىغاندەك بولاتتى. ئىسمەتۇللا كۆزلىرىنى يەنە دەرياغا تىكتى، ئۇنىڭ دەرياغا قارىغانسېرى قارىغۇسى كېلەتتى. دەريا ئۇنىڭ تىنچ، خاتىرجەم ئۆتكەن باللىق چاغلىرىنى ئېسىگە سالاتتى: ئۇ كىچىك چاغلىرىنى قاراقاش دەرياسىنىڭ يۇقىرى تەرىپىدە، كۆھمارىم بويىدا دوستلىرى بىلەن خۇشال - خۇرام ناخشا توۋلاپ، قوي بېقىپ، سۇغا چۆمۈلۈپ، سۇدىن چىقىپ ئوتتەك قىزىق قۇمغا كۆمۈلۈپ ئۆتكۈزگەنىدى. ئۇ بۇلارنى ئويلاپ: «ئەجەب غەمسىز چاغلار ئىدى - ھە!» دەپ قويدى. ئۇ دەرياغا قاراپ پىچىرلىدى: «ئاھ، ئانا دەريا! ئۇلۇغ ئەزىم دەريا! سەن ئەسىرلەردىن بېرى بىزنى بېقىپ كەلدىڭ. پەقەت سەن بولغاچقىلا بىز ئەۋلادمۇ ئەۋلاد ھاياتلىق

ناخشىسىنى ئوقۇپ، تىرىكچىلىك قىلىپ، كۆپىيىپ، يۇرتىمىزنى گۈللەندۈرۈپ كەلدۇق. سەنسىز بىزنى، سەنسىز پۈتكۈل ھاياتلىقنى تەسەۋۋۇر قىلىش مۇمكىنمۇ؟ ئانا دەريا، سەندە ئېقىۋاتقىنى ھاياتلىق، سەندە ئېقىۋاتقىنى مۇھەببەت، سەندە ئېقىۋاتقىنى ئۈمىد ۋە ئىشەنچ! بىز ئىنسانلار خۇشال بولساقمۇ، دەرد - ئازاب چەكسەكمۇ نېمە قىلىشىمىزنى بىلەلمەي تېڭىرقاپ قالساقمۇ، پەقەت سېنىلا ئىزدىدۇق. پەقەت سەن بىلەنلا سىرداشتۇق. سەن بىزنىڭ قىسمەتلىرىمىزنىڭ ھەقىقىي شاھىدى!...» ئۇ دەرياغا خىتاب قىلىشتىن توختاپ، دەريانىڭ يۇقىرى تەرىپىگە — ئاپئاق قار - مۇزلار بىلەن ئورالغان ھەيۋەتلىك قارا قورۇم تاغلىرىغا نەزەر سالدى.

ئىسمەتۇللا قوياش ئولتۇرۇشى بىلەن تەڭ ھۇجرىسىغا قايتىپ كەلدى. ئۇنىڭغا ھېچ ئىش خۇشياقمايتتى. پەقەت كلاسسىكلارنىڭ مۇھەببەت غەزەل، داستانلىرىنى ئوقۇسا كۆڭلى بىر ئاز ئارام تاپقاندەك بولاتتى. ئۇ بۇ خىلدىكى مۇھەببەت شېئىرلىرىنىڭ ھەقىقىي مەنىسىنى ئەمدىلىكتە چۈشىنىۋاتاتتى.

ئىسمەتۇللا ئۇلۇغ پارس شائىرى مەخستىي گەنجۇۋىنىڭ پارس تىلىدىكى كىتابىدىن تۆۋەندىكى مىسرالارنى ئۇيغۇرچىغا ئۆرۈپ ئۈنلۈك ئوقۇپ، ئۇياقتىن - بۇياققا ئاستا مېڭىشقا باشلىدى:

*ئىشق مۇنبىرىگە چىققان چاغدا بىر،*
*ئىشقتىن باشقا سۆز بىلمىدۇق ھەرگىز.*
*بىزنىڭ بۇ مەنزىلگە ئاياغ قويمىسۇن،*



*ئىشق بىلەن يانمىغان، يۈرىكى ھېسسىز.*

«ھەقىقەتەن ئېسىل مىسرالار، توۋا، شائىر مەخستىي گەنجۇۋىمۇ مەندەك ئاشىق بولغانمىدى؟» ئۇ شۇلارنى پىچىرلاپ خىيال سۈردى ۋە ئەلىشىر نەۋائىنىڭ كىتابىدىن تۆۋەندىكى قۇرلارنى قايتا - قايتا ئوقۇپ چىققاندىن كېيىن، ئۇنى يوغان بىر پارچە خوتەن قەغىزىگە خەتتاتلىقتىكى پۈتۈن ماھارىتىنى ئىشقا سېلىپ كۆچۈرۈشكە باشلىدى: «ئىشق پارلاپ تۇرغان بىر يۇلتۇزكى، ئىنسانلارنىڭ كۆزىگە نۇر ۋە روشەنلىك بېغىشلايدۇ؛ ئۇ جۇلالاپ تۇرغان بىر گۆھەركى، ئادەملىك تاجىغا زىننەت ۋە قىممەت بېرىدۇ؛ ئۇ تولۇپ چىققان قوياشتۇركى، مىسكىن دىللارنىڭ تىكەنزارلىقىنى گۈلشەنگە ئايلاندۇرىدۇ؛ ئۇ نۇر چېچىپ تۇرغان ئايدۇركى، قاراڭغۇ كۆڭۈللەر زۇلمىتىنى روشەنلەشتۈرىدۇ؛ ئۇ پايانسىز بىر دېڭىزكى، ھەر بىر دولقۇنى يۇزلەپ ئەقىل - ھوش كېمىسىنى چۆكتۈرىدۇ؛ ئۇ ئوتلۇق شولىدۇركى، كۆيلىگەن خەستەجان ۋە كۆڭۈللەرنى ئېرىتىپ سۇغا ئايلاندۇرىدۇ؛ ئۇ يالتىراپ چېقىلغان چاقماقتۇركى، كۆيلىگەن جان ۋە كۆڭۈللەرنى كۆيدۈرۈپ كۈل قىلىدۇ؛ ئۇ قانخور ئەجدىھادۇركى، ئالەمنى دەم تارتماقنى نىيەت قىلىدۇ؛ ئۇ غەزەپلىك پادىشاھدۇركى، ئالەم ئەھلىنى بىر يولى ئۆلتۈرمەكنى مەقسەت قىلىدۇ.» ئۇ دانە - دانە چىققان بۇ قۇرلارنى تەكرار ئوقۇدى - دە، ئۇنى تامغا چاپلاشقا تۇتۇش قىلدى.

— ئاشىق مىرزا بېگىم، ھاياتمۇ ئۆزلىرى؟ چاقچاق قىلغان پېتى قادىر قالۇن كىردى. ئۇنىڭ

ئارقىسىدا ئىسمەتۇللانىڭ مەدرىسىدىكى ساۋاقدىشى خوجا قاسىممۇ بار ئىدى.

ئىسمەتۇللا خوجا قاسىمدىن يوشۇردى بولغاي، قانچە كۈندىن بېرى تەقەززا بولغان ئىشنى ئۇدۇللا سورىماي، ياپتا گەپ بىلەن سورىدى:

— قانداق ئۇستاز، ئۆزلىرىگە بەرمەكچى بولغان يەرنى بەردىمۇ؟ — دېدى ئىسمەتۇللا قادىر قالۇننىڭ كۆلكە يېغىپ تۇرغان چىرايىغا سەپسىلىپ خاتىرجەم بولغان هالدا.

— شۇنداق، مىرزا بېگىم، ئەلىشىر هېكىمبەگ ئالىيلىرى ئەمر قىلغان، ئۆزلىرى تاپىلىغان ئىشنى بىر ياقلىق قىلمايدىغان قايسى ئامبالكەن ئۇ؟

— ناهايىتى ئوبدان بوپتۇ، ئۇستاز، ئەمدى پۈتۈن كۈچلىرىنى ئىشقا سېلىپ ئەجدادلىرىنىڭ قىممەتلىك بايلىقى بولغان مۇقامنى يۇرت - يۇرتلارغا بېرىپ يىغىپ، ئۇلارنى قۇتقۇزۇشنى نىيەت قىلغايلا، — دېدى ئىسمەتۇللا.

— بۇ مەنىۋى مىراسلارنى ئەلۋەتتە قۇتقۇزىمىز، مىرزا بېگىم، — دېدى قادىر قالۇن، — لېكىن ئالدىمىزدا قۇتقۇزۇشقا تېگىشلىك بولغان هۆرمەتكە سازاۋەر بىر سەنئەتكار تۇرۇپتۇ. ئاۋۋال شۇنى قۇتقۇزۇش زۆرۈر. بۇمۇ ماهىيەتتە مۇقامنى قۇتقۇزغانلىق بولىدۇ، — ئۇ قانداق دېدىم، دېگەندەك خوجا قاسىمغا قاراپ قويدى.

— ئۇستاز، ئۆزلىرى كىمنى دەيلا؟

ئىسمەتۇللانىڭ سۆزى ئاخىرلاشماستىن، قادىر قالۇن بايا ئىسمەتۇللا تامغا چاپلاپ قويغان قۇرلارنىڭ يېنىغا كەلدى.

— كىمنى قۇتقۇزۇشنىڭ زۆرۈرلۈكىنى مانا ماۋۇ



نەۋائى هەزرەتلىرىنىڭ هېكمەتلىرى دەپ بېرىدۇ. قانداق دېدىم، ئىسمەتۇللا بېگىم؟ — دېدى قادىر قالۇن.

بۇ سۆزدىن ئىسمەتۇللا قۇلاقلىرىغىچە قىزىرىپ كەتتى. قادىر قالۇن ئۇنىڭ بۇ ئۇرقىغا قاراپ كۈلۈپ قويۇپ سۆزىنى داۋام قىلدى:

— ئاللاتائالا ئۆزلىرىگە پەرىزاتتەك گۈزەل، پەرىشتىدەك پاك، مەلىكە ئامانىنساخاندەك ئەقىللىق هەم پەزىلەتلىك قىزنى نېسىپ قىپتۇ. بەهرىنسامۇ، شېرىپ موللىمۇ قوشۇلدى. ئەمدى سىلىنىڭ ئۆيدىكىلەر داستىخان كۆتۈرۈپ بارسا بولىدۇ. ئىشلار ئەمدى ئۆز رېتى بويىچە ماڭىدۇ، مىرزا بېگىم.

— رەهمەت، ئۇستاز! كۆپ رىيازەت چەكتىلە، ئۆزلىرىنىڭ بۇ ياخشىلىقلىرىنى هەر ئىككى ئالەم ئۇنتۇپ قالمايمەن.

ئىسمەتۇللا بۇ سۆزلەرنى چىن يۈرىكىدىن چىقىرىپ ئېيتتى. ئۇنىڭ شۇ تاپتا پۈتۈن بەدىنى بۇلۇتتەك يېنىك، روهىي دۇنياسى، نەچچە كۈندىن بۇيانقى قالايمىقانلىشىپ كەتكەن كاللىسى خۇددى يامغۇردىن كېيىن ئېچىلغان هاۋادەك ئوچۇق ئىدى. ئۇنىڭ كۆزلىرىدىن نۇر، بەخت، هاياجان ياغاتتى. ئۇنىڭ كۆزلىرىگە هەممە نەرسە شۇنداق سۆيۈملۈك، گۈزەل كۆرۈنەتتى. ئەگەر ئۇ هازىر هۇجرىسىدا بولماي، يايلىغاننىڭ ياپيېشىل يايلىقىدا، سەهۋالىم تۆپىلىكىدە، يۇرۇڭقاش دەريا ساهىلىدا بولغان بولسا: «مەن نېمىدېگەن بەختلىك! بۇ دۇنيا نېمىدېگەن گۈزەل! » دەپ بار ئاۋازى بىلەن توۋلاپ، سەكرەپ، يەردە يېتىپ يۇمىلىنىپ، سۇغا چۆمۈلۈپ، يىراقلارغا تاش ئېتىپ

سەۋدايىلەرچە ھەرىكەت قىلغان بولاتتى.

بۇ ئىشتىن ئۈچ ئاي ئۆتۈپ، 1838 - يىلى مەمۇرچىلىق كۈز پەسلىدە ئىسمەتۇللا بىلەن بەھىرنىسانىڭ تويى تولىمۇ داغدۇغا ۋە ھەشەمەت بىلەن ئۆتكۈزۈلدى. توي مەرىكىسىگە پۈتۈن لايقا يېزىسىدىكى كىشىلەر چاقىرىلدى. ئوردىدىن ئەلىشىر ھېكىمبەگ ئۆزى باش بولۇپ بىر بۆلەك بەگ، مەنسەپدارلارنى ئېلىپ چىقىپ قاتناشتى. قادىر قالۇن باشچىلىقىدىكى سازەندىلەر تويىنى شۇنداق قىزىتتىكى، تويغا قاتناشقان كىشىلەرنىڭ ئېغىزى ئېچىلىپلا قالدى. موللا نىمەتۇللا ئىككىنچى كۈنى سەھۋالىمدا ئوغلاق تارتىشىش پائالىيىتى، كەچلىكى ئازادە ئالمىلىق بېغىدا مەشرەپ ئۇيۇشتۇرۇپ بەردى. تىللا خېنىمنىڭ خۇشاللىقى چەكسىز ئىدى. ئۇنىڭ بىر ئاز ئولتۇرۇشۇپ كەتكەن نۇرلۇق كۆزلىرىدىن، ئانچە - مۇنچە قورۇق باسقان چىرايىدىن بەخت، خۇشاللىق تۆكۈلۈپ تۇراتتى.

ئىسمەتۇللا بىر ھەپتىدىن كېيىن ئاتا - ئانىسىنىڭ دۇئاسىنى ئېلىپ شەھەردە تۇتقان ئۆيىگە كۆچۈپ كەلدى. شۇنىڭدىن كېيىن بۇ ئىككى ئاشىق - مەشۇقنىڭ ئىناق ئائىلىۋى تۇرمۇشى باشلاندى.



# يەتتىنچى باب ئىزدىنىش

## 1

1850 - يىلىغا كەلگەندە، ئىسمەتۇللا شېئىرىيەت، مۇزىكا، تارىخ ئىلمىدە رەسمىي كامال تاپتى. ئۇنىڭ شۆھرىتى ۋە «مۆجىزى» تەخەللۇسىدا يازغان شېئىرلىرى خوتەن پۇقرالىرى ئارىسىغا كەڭ تارقالدى. بولۇپمۇ، ئۇنىڭ ئەلىشىر ھېكىمبەگنىڭ يۇرتنى ئادىل سوراپ، پۇقرالارنىڭ دەردىگە دەرمان بولىدىغان سىياسەتلەرنى يۈرگۈزۈشىدە قوشقان تۆھپىسى ھەقىقەتەن ئاز ئەمەس ئىدى. ئۇنىڭ تەكلىپى بىلەن خوتەن ئىلىدە نەچچە ئون كۆلنىڭ كولانغانلىقى، ئالۋان - سېلىق، باجنىڭ ئازايتىلغانلىقى، بىر بۆلەك زالىم، چىرىك مەنسەپدارلارنىڭ جازالانغانلىقى، قادىر قالۇندەك نەچچە ئون ئۇستازغا يەر بۆلۈپ بېرىلگەنلىكىدەك ھېكايە ئەل ئېغىزىدىن چۈشمەيتتى. ھازىر ئۇنىڭدىن ئۆزىمۇ، پۇقرالارمۇ، ئەلىشىر ھېكىمبەگمۇ، ئاتا - ئانىسىمۇ ھەمدە سۆيۈملۈك مەھبۇبەسى بەھىرنىسامۇ رازى ئىدى. بولۇپمۇ، ئەلىشىر ھېكىمبەگ ئۇنى يېقىن دوستى، سىردىشى قاتارىدا كۆرۈپ «سەن» لەيتتى.

بۈگۈن ئىسمەتۇللا مۆجىزى بەش ياشلىق ئوغلى

سەيدۇللانى ئەركىلەتكەچ ناشتا قىلىپ ئولتۇراتتى، ئەلىشىر ھېكىمبەگنىڭ چاقىرغانلىق خەۋىرى كەلدى. «ئەجەب ئىشقۇ بۇ، ئادەتتە بۈگۈنكى كۈندە ھاكىمبەگ ئالىيلىرى ئوردا بېغىدا سەيلە قىلاتتى. نېمە ئىش باركىنە؟...» دەپ ئويلىدى ئۇ. شۇنداقتىمۇ، ھەپتىدىن بېرى ئۆزى قوبۇل قىلىپ رەتلىگەن بىر بۆلەك ئەرزنامىلەرنى ئېلىپ، ھاكىمبەگنىڭ ھۇزۇرىغا كىردى.

ئەلىشىر ھېكىمبەگ ئادىتى بويىچە ھەيۋەتلىك، سۇرلۇك ئورنىدا تاۋار كۆرپە، ماموق تەكىيلەرنىڭ ئارىسىدا خىيالچان ئولتۇراتتى.

— ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم، ھاكىمبەگ ئالىيلىرى، ئېزىز تەنلىرىگە سالامەتلىك، كۆڭۈللىرىگە خۇشاللىق يار بولغاي، قانداق ئەمرلىرى باركىن؟ — دېدى ئىسمەتۇللا مۆجىزى ئىككى قولىنى كۆكسىگە قويۇپ سالام بىلەن.

— كەل، يېنىمدا ئولتۇر!

ئەلىشىر ھېكىمبەگ ئۇنى ئۆز يېنىدا ئولتۇرۇشقا تەكلىپ قىلغاندىن كېيىن سۆزىنى داۋام قىلدى:

— كۆپ يىللار بولدى، مۇزىكا توغرىسىدا بىر ئىشنى ئويلاپ كەلدىم. سەنمۇ بىلىسەن، مۇزىكا - كۆي خۇشاللىق ۋە تۇرمۇش ھۇزۇرىنىڭ سەۋەبچىسىدۇر. شۇڭا، پادىشاھتىن گادايغىچە، ئەۋلىيادىن ئاددىي پۇقراغىچە ھەممە ئىنسان بۇ پەندىن شادلىنىدۇ. ئەمما بۇ پەننىڭ ئالىملىرى ۋە كەشپىياتچىلىرى كىملەر، ئىخلاسمەن يېتەكچىلىرى كىملەر، ئۇستىلىرى كىملەر...؟ بۇنى كۆپ سازەندىلەر تا ھازىرغىچە بىلمەيدۇ. سەن بولساڭ مۇزىكىنى كەسىپ قىلغانسەن ھەم بېيىت مەملىكىتىنىڭ سۇلتانى،



ئەدەبىياتنىڭ شېرىن سۆزلۈك تۇتىسىدۇرسەن. مۇشۇ غېرىب پەننىڭ كەشپىياتچىلىرى تارىخىدىن بىر رىسالە پۈتۈپ باشقا سازەندىلەرگە يادىكار قىلساڭ قانداق؟

ئىسمەتۇللا مۆجىزى نېمە دېيىشىنى بىلەلمەي قالدى. چۈنكى ئۇ ئەلىشىر ھېكىمبەگنىڭ تۇيۇقسىز بۇنداق خاسىيەتلىك ھەم ئېغىر، ھەم مۇشەققەتلىك تەكلىپىنى بېرىشىنى زادىلا ئويلاپ يەتمىگەنىدى. ئۇ ئوبدان ئويلىنىۋالغاندىن كېيىن:

— ھۆرمەتلىك ھاكىمبەگ ئالىيلىرى، ئۆزلىرىنىڭ بۇ مۇبارەك ئەمرلىرىدىن نېمە دېيىشىمنى بىلەلمەيۋاتىمەن. گويا بىر غېرىب چۈمۈلە ئۈستىگە تاغ يۈكلىگەندەك، بىر زەئىپ بىچارە ئۈستىگە ئاسمان يىقىلغاندەك بولدى. بۇ بۈيۈك ئەمرنى ئىجرا قىلغۇدەك قۇۋۋەت مەندە يوق، ئۆزرە ئېيتىپ باش تارتقۇدەك قۇدرەتمۇ ھەم يوق، — دېدى.

— مەن سېنى ئوبدان بىلىمەن. بۇ خاسىيەتلىك ئىش پۈتۈن خوتەن تەۋەسىدە سېنىڭلا قولۇڭدىن كېلىدۇ. سەن چوقۇم خەيرلىك پۈتتۈرەلەيسەن، — دېدى ئەلىشىر ھېكىمبەگ ئىشەنچ بىلەن.

ئىسمەتۇللا مۆجىزى ئەلىشىر ھېكىمبەگ ھۇزۇرىدىن ھەم خۇشال بولغان ھەم غەم باسقان ھالدا قايتىپ چىقتى. چۈنكى، ئۇ ئەلىشىر ھېكىمبەگنىڭ شۇنچە ئالدىراش تۇرسىمۇ مۇزىكىغا بۇنچىلىك كۆڭۈل بۆلگەن، ئۇ ھەقتە رىسالە يېزىشنى ئەمر قىلغانلىقىدىن خۇشال بولسا، ئۆزىگە تاپشۇرۇلغان بۇ مۇشەققەتلىك ۋەزىپىنىڭ ھۆددىسىدىن ئوڭۇشلۇق چىقالارمەنمۇ - يوق؟ دېگەن ئەندىشىدىن نېرى بولالمايتتى. ئۇ مۇشۇ خىل روھىي ھالەت ئىچىدە ساق بىر

كۆن ئويلانغاندىن كېيىن: «دېگىنكى، ئاللاغا، ئۇنىڭ ئەلچىسىگە، ئۆزۈڭلاردىن بولغان باشلىقلارغا بويسۇنۇڭلار» دېگەن ئۇلۇغ ئايەتنى ئېسىگە ئالدى ـ دە، بۇ ۋاجىپ ئەمرنى ئىجرا قىلىشقا تەۋەككۇل قىلدى. ئۇ بۇ ھەقتە ئويلىغانلىرى ۋە پىلانىنى ئايالى بەھرىنىساغا ئېيتتى.

— بۇ ئىشقا تەۋەككۇل قىلغانلىرى ياخشى بوپتۇ. ھاكىمبەگ ئالىيلىرى ئېيتقاندەك بۇ رىسالىنى سىلە چوقۇم يېزىپ چىقالايلا. بۇنىڭغا مەنمۇ ئىشىنىمەن. ئاللاتائالا «قۇرئان كەرىم» دە: «ئاللا ھېچكىمنى تاقىتى يەتمەيدىغان ئىشقا تەكلىپ قىلمايدۇ.»[①] دېگەن تۇرسا، يەنە نېمىدىن ئەندىشە قىلىلا، — دېدى بەھرىنىسا ئىسمەتۇللا مۆجىزىگە چاي سۇنۇۋېتىپ.

ئىسمەتۇللا مۆجىزى ئايالىنىڭ بۇ سۆزلىرىدىن تولىمۇ سۆيۈندى.

شۇنىڭدىن باشلاپ ئىسمەتۇللا مۆجىزىنىڭ پۈتۈن ئوي ـ خىيالى يېزىلىش ئالدىدا تۇرغان مۇزىكانتلار تارىخىدا بولدى. ئۇ ئولتۇرسا ـ قوپسا بۇ ئەسەرنىڭ مەزمۇنى، تۈزۈلۈشى ۋە كىم ـ كىملەرنى كىرگۈزۈش توغرىسىدا باش قاتۇردى. موللا ئىبنى يۇسۇپ خوتەنى، تالانتلىق شائىر غازى، دىلبەر دورغا، مۇھەممەت تۆمۈر قاراقاشى ھەم دادىسى موللا نېمەتۇللا، ئۇستازى قادىر قالۇن ۋە باشقا كۆپلىگەن مۇزىكانتلارنى زىيارەت قىلىپ، ئۇلار بىلەن بىر ھەپتىدەك مەسلىھەتلەشكەندىن كېيىن، چاققانغىنا يېزىقچىلىق ئۆيىگە بېكىنىپ ئولتۇرۇپ، قەشقەرلىك مىرزا

① 2 ـ سۈرە «بەقەرە»، 286 ـ ئايەت.



مۇھەممەت ھەيدەر تەرىپىدىن پارس تىلىدا يېزىلغان «تارىخىي رەشىدى»، مەشھۇر ئەرەب تارىخچىسى ئەبۇ جەففار مۇھەممەد بىننى جەرىر بىننى زەيىت تەبىرى تەرىپىدىن يېزىلغان، ئىنسانىيەتنىڭ پەيدا بولغان ۋاقتىدىن تارتىپ، ئاپتورنىڭ ۋاپاتىغىچە (مىلادى 922 ـ يىلى) بولغان ۋەقەلەر بايان قىلىنغان تۆت توملۇق دۇنيا تارىخى — «تەۋارىخى تەبىرى»؛ ئىران تارىخچىسى مۇھەممەد ئىبنى مەھمۇد مىرخوند تەرىپىدىن ئەلىشىر نەۋائىنىڭ تەشەببۇسى بىلەن يېزىلغان ئادەم پەيدا بولغاندىن باشلاپ، ئاپتور ياشىغان زامانغىچە بولغان (1498 ـ يىلى) ئەرەب ۋە ئىران تارىخى بايان قىلىنغان ئالتە توملۇق ئەسەر «تەۋارىخى رەۋزەتۇسسەفا» (ساپالىق باغ تارىخ)؛ ئەرەب تارىخچىسى مەۋلانە شەمسىدىن مۇھەممەد شەھرۇدى تەرىپىدىن يېزىلغان ئىككى توملۇق ئەسەر «تەۋارىخى ھۆكۇما» (دانىشمەنلەر تارىخى)؛ ئەلىشىر نەۋائىي تەرىپىدىن يېزىلغان ئىران تارىخى — «تەۋارىخى ئەجەم» (ئەجەم تارىخى) ۋە يۇنان پەيلاسوپى، ماتېماتىكا، مۇزىكا، بىناكارلىق، ھەيكەلتىراشلىق، ئاسترونومىيە قاتارلىق پەنلەرنى سىستېمىلىق تەتقىق قىلغان ئالىم فىساغورس (پىپاگور)؛ پەلسەپە، جۇغراپىيە، زوئولوگىيە، تېبابەتچىلىك، مۇزىكا قاتارلىق ئىلىملەرنى مۇكەممەل تەتقىق قىلىپ بىر يۈز يىگىرمە تومدىن ئارتۇق ئەسەر يازغان شۆھرەتلىك ئالىم فارابى؛ پەھلىۋان مۇھەممەد كۆچتۈڭگۈر قاتارلىق ئۇستازلارنىڭ ئەرەب، پارس، تۈرك تىللىرىدىكى ئەسەرلىرىنى ئوقۇش، تەتقىق قىلىش، سېلىشتۇرۇش ئارقىلىق ماتېرىيال توپلاپ خاتىرە قالدۇردى. ئۇ ھەركۈنى

تەڭ كېچىلەرگىچە جىن چىراغ تۈۋىدە ئولتۇرۇپ كىتاب كۆردى. ئۇ بۇ ئەسەرلەرنى تەتقىق قىلغانسېرى، ئۆزىدە بىرخىل كۈچلۈك ئىشەنچ، شۇنىڭدەك مۇزىكىغا ھەم ئۇنىڭ پېشۋالىرىغا بولغان سۆيگۈ، ھۆرمەتنىڭ ۋۇجۇدىدا غەليان كۆتۈرۈۋاتقانلىقىنى ھېس قىلدى. ئۇنىڭ مۇزىكىغا بولغان كۈچلۈك ئېتىقادى، مۇھەببىتى سۈپسۈزۈك بۇلاق سۈيىدەك بۇلدۇقلايتتى.

موللا ئىسمەتۇللا مۆجىزى بۈگۈنمۇ ئادىتى بويىچە كەچلىك غىزادىن كېيىن يېزىقچىلىق ئۆيىگە كىرىپ دۆۋە - دۆۋە كىتابلار ئارىسىدىن مۇزىكا ئالىمى، تەڭداشسىز ناخشىچى ۋە شائىر قېدىرخان يەركەندىنىڭ «دىۋانى قېدىر» ناملىق شېئىرلار توپلىمىنى ئالدى. ئۇ دىۋاندىكى شېئىرلارنى شۇنداق ھېسسىياتلىق ئوقۇدىكى، تۇرۇپ چىرايىدا باھار ئاپتىپى جىلۋە قىلىپ، كۆزلىرى نۇرلىنىپ، پۈتۈن ۋۇجۇدى كۈچ - قۇۋۋەتكە تولۇپ كەتسە، تۇرۇپ جىمى ئالەمدىكى مۇڭ - ئازابلارغا چۆكۈپ، كۆز چاناقلىرى لىققىدە ياشقا تولۇپ، نەپەس ئېلىشمۇ قىيىنغا چۈشەتتى. ئۇ كىتابنى ۋاراقلاۋېتىپ كۆزى تۆۋەندىكى شېئىرغا چۈشتى - دە، ئاۋازىنى قويۇپ بېرىپ ئۈنلۈك ئوقۇدى:

*مۇقام جاھاندا تاڭنىڭ ساباسى،*
*جانانغا جانكى، ھەربىر ساداسى.*
*ھېچ تەڭ كېلەلمەس بۇلبۇل ناۋاسى،*
*ئالەمدە يوقكى، ئۇنىڭ باھاسى.*



— نېمىدېگەن ئېسىل مىسرالار! — دېدى ئۇ ھاياجان بىلەن، — مۇقامنىڭ قىممىتى ھەقىقەتەن تەڭداشسىز. دۇرۇس، بۇ دۇنيادىكى ھەرقانداق نەرسىنىڭ قىممىتى بولىدۇ. لېكىن، مۇقام - كۈي ھەرقانداق نەرسىدىن ئۈستۈن، ھەرقانداق نەرسىدىن قىممەتلىك، ھەرقانداق نەرسىنىڭ سېھرىي كۈچىدىن كۈچلۈك. فارابى ھەزرەتنىڭ: «يۈز يىل ئىبادەت قىلىپ ئالالمىغان پەيزىنى، مېنىڭ قالۇنىمنىڭ سىملىرىدىن ئالغايسىلەر» دېگەن سۆزى نەقەدەر توغرا ئېيتىلغان - ھە؟

ئىسمەتۇللا كىتابنى ئېلىپ ھاياجاندا ھويلىسىغا چىقىپ ئاسمانغا قارىدى، كۆكتىكى ساناقسىز يۇلتۇزلار بۈگۈن ئۇنىڭغا ھەر كۈنىدىكىدىن نۇرلۇق، چىرايلىق كۆرۈندى. شۇ تاپتا، ئۇنىڭ نەزىرىدە ئىنسانىيەتنىڭ مۇزىكا تارىخى مۇشۇ ئاسمان، ئۇنىڭدىكى ساناقسىز يۇلتۇزلار مۇزىكا ئىلمىنىڭ پىر - ئۇستازلىرى ئىدى. ئۇ ئاشۇ يۇلتۇزلار ئارىسىدىن قېدىرخان يەركەندىنى ئىزدىدى. ئاخىرى غۇژمەك يۇلتۇزلار ئارىسىدىكى نىسبەتەن چوڭ، نۇرلۇق بىرىنى «دەل شۇ!» دەپ مۇقىملاشتۇرۇپ، ئۇزاقتىن - ئۇزاق تىكىلىپ قارىدى ۋە ئۇنىڭ بىلەن غايىۋانە ھالدا مۇڭدىشىشقا باشلىدى.

## 2

ئىسمەتۇللا مۆجىزى بىر يىلدەك ۋاقىتنى كىتاب كۆرۈپ ئىزدىنىش، ئۇستازلىرىنى، پىكىرداش دوست - بۇرادەرلىرىنى زىيارەت قىلىپ مەسلىھەتلىشىش، خوتەن ئېلىنى ساياھەت قىلىپ، مۇزىكا ئۇستازلىرى توغرىسىدا ئەل

ئارىسىدا تارقىلىپ يۈرگەن ھېكايە، رىۋايەتلەرنى توپلاش بىلەن ئۆتكۈزدى. بۇ ھەقتە ئىزدەنگەنسېرى ئۇنىڭ پىكرى شۇنچە ئېچىلدى. ئەمدى ئۇنىڭ قەلەمنى قولىغا ئېلىپ يازىدىغان ۋاقتىمۇ بولۇپ قالغانىدى.

ئىسمەتۇللا بۈگۈن تاھارەتنى ئالدىرىماي ئېلىپ، ناماز ئوقۇدى. نامازدىن كېيىن قولىغا قەلەمنى ئېلىپ، يېزىشقا باشلىدى.

ئىسمەتۇللا مۆجىزى بۇ رىسالىگە ئون يەتتە نەپەر ئۇستازنىڭ قىسقىچە تارىخىنى ۋە ئۇلارنىڭ مۇزىكا ئىلمىگە قوشقان ئاجايىپ تۆھپىلىرىنى كىرگۈزۈشنى پىلانلىغان ئىدى. ئۇ مۇشۇ پىلانى بويىچە: «نوھ ئەلەيھىسسالامنىڭ نەۋرىسى خەرىزنىڭ تەمبۇر، بارباب، ئۇدلارنى ياساپ، ئۇلارنى چېلىشنى پۈتۈن ئالەمگە تارانقانلىقى؛ فىساغورسنىڭ ساتارنى كەشىپ قىلغانلىقى، فارابىنىڭ قالۇننى ئۆز قولى بىلەن ياساپ، سىم تار سېلىپ شاگىرتلىرىغا ئۆگەتكەنلىكى، «راك» ، «ئۇشاق» مۇقاملىرىنى ۋە «ئۇشاق» مۇقامىنىڭ مەرغۇللىرىنى، «ئۆزھال» ۋە ئۇنىڭ بىرىنچى، ئىككىنچى، ئۈچىنچى مەرغۇللىرىنى ئىجاد قىلىپ پۈتۈن ئالەمگە تارانقانلىقى، «رىسالەئى مۇغەننىيۇن» (سازەندىلەر رىسالى) ناملىق مەخسۇس ئەسەر يازغانلىقى، شۇنىڭدەك تۈرلۈك ئىلىملەر ھەققىدە بىر يۈز ئون تۆت پارچە كىتاب يازغانلىقىنى؛ مەۋلانە ئەلى ھەزرەتنىڭ ھەج سەپىرىدە ئىراق چۆلىدىن ئۆتۈپ كېتىۋېتىپ، «ئىراق» مۇقامىنى ئىجاد قىلغانلىقى، دۇتارنى كەشىپ قىلغانلىقى، بۇ زاتنىڭ شېئىرىيەت، مۇزىكا ساھەسىدە ئۆز زامانىسىنىڭ تەڭداشسىز ئالىمى بولۇپ مەخسۇس مۇزىكا ئىلمى بويىچە



«ئەسلۇل ۋەسىل» (ۋەسلىنىڭ نېگىزى)، «مورتاز» (نەپىسىدىن كەچكۈچى) نامىلىق كىتابلارنى يازغانلىقى، ھەزرىتى مەۋلانە نۇرىددىن ئابدۇراخمان جامىنىڭ كاتتا شائىر، ئالىم ئىكەنلىكى، ئۇنىڭ، تەمبۇر، ساتار، قالۇن قاتارلىق سازلارنى چالالايدىغانلىقى، «ئەجەم» مۇقامىنى ھەم ئۇنىڭ مەرغۇلىنى ئىجاد قىلىپ شاگىرتلىرىغا ئۆگەتكەنلىكى، بۇ پەن ھەققىدە «رىسالەئى دەۋۋار» (دەۋر قىلغۇچى رىسالىسى) نامىلىق كىتاب يازغانلىقى، شۇنىڭدەك بۇ زاتنىڭ نەۋائىنىڭ ئۇستازى ئىكەنلىكى؛ ھەزرىتى ئەمىر نىزامىددىن ئەلىشىر نەۋائىنىڭ «كۇللىيات» ، «چاھار دىۋان» ، «خەمسە» لىرى بولۇپ ئوتتۇز ئالتە پارچە كىتابتىن بەھرە ئالغانلىقى، نەۋائىنىڭ ھەر كېچىسى ساتار ياكى تەمبۇر چېلىپ، ئۆزى يازغان غەزەللەر بىلەن مۇقام ئېيتىپ بىھوش بولۇپ كېتىدىغانلىقى، «ناۋا» مۇقامىنى ئىجاد قىلىپ پۈتۈن ئالەمگە تارانقانلىقى، بۇ ھۆرمەتلىك زاتنىڭ ئاتمىش ئۈچ يىل ئۆمۈر كۆرۈپ ئاتمىش ئۈچ پارچە كىتاب يازغانلىقى؛ مەۋلانە لۇتفىنىڭ ئالىملىقتا ئەبۇ نەسىر فارابىدەك، ھېكىملىقتا ھەزرىتى ئىبنى سىنادەك، شائىرلىقتا ھەزرىتى ئەلىشىر نەۋائىدەك، نەغمىچىلىكتە قېدىرخان يەركەندىدەك بولۇپ، ئۆز زامانىسىنىڭ بىلمەيدىغان ئىلمى يوق كاتتا ئالىمى ئىكەنلىكى، ئۇنىڭ قولىدا بەش يۈزدىن ئارتۇق ئالىم، ئىككى يۈز مۇزىكانت تەربىيىلەنگەنلىكى، ئەلىشىر نەۋائىي ئىستىلىستىكا ئىلمىدە لۇتفىنى ئۇستازىم دەپ بىلىدىغانلىقى، لۇتفى بولسا، نەۋائىنى: «سەن مېنىڭ ئۇستازىم، مېنىڭ ئۆمۈر بويى يازغان ئون مىڭ مىسرا

شېئىرىمدىن، سېنىڭ ئىككى مىسرا شېئىرىڭ ئارتۇق» دەيدىغانلىقى؛ ھەزرىتى يۈسۈپ سەككاكىنىڭ كۆپ قىرلىق ئالىم بولۇپ، كۆپلىگەن شاگىرتلارنى تەربىيىلىگەنلىكى، «قۇرئان كەرىم»نىڭ پاساھەت ۋە بالاغەت ھەققىدە «تەلخىس» (ئومۇمىي بايان) ناملىق بىر كىتاب يازغانلىقى، شۇنىڭدەك «بايات» مۇقامىنى ئىجاد قىلغانلىقى؛ مۇھەممەد خارەزمىنىڭ مۇزىكا ئىلمى بويىچە زور تىرىشچانلىق كۆرسىتىپ ئىككى يۈزدىن كۆپرەك شاگىرت يېتىشتۈرگەنلىكى ھەمدە بۇ پەن ھەققىدە چوڭقۇر ئىزدىنىپ مەخسۇس ئەسەر يازغانلىقى... قاتارلىقلارنى تەپسىلىي يازدى.

ئۇ چارچىغانىدى. شۇڭا، قەلەمنى قويۇپ، ئىككى كۆزىنى چىڭ يۇمۇۋېلىپ، يېزىۋاتقان قۇرلار ئارىسىدىن قايتىپ چىقتى. ئاستا ئورنىدىن تۇرۇپ، بەللىرىنى رۇسلاپ، قوللىرىنى ئۇۋۇلاپ، بىردەم ئارام ئالغاندىن كېيىن يەنە يېزىشنى داۋاملاشتۇرۇدى.

— ئەمدى ئارام ئالسىلا بولاتتى. سالامەتلىكلىرىمۇ تازا ياخشى ئەمەس، — ئايالى قىزىق چاي دەملەنگەن چەينەكنى كۆتۈرۈپ ئۇنىڭ يېنىغا كىردى ۋە بىر پىيالە چاي قۇيۇپ ئالدىدا قويدى، ئاندىن ئۇنىڭ ئولتۇرۇشۇپ، قىزىرىپ كەتكەن كۆزلىرىگە مېھرىبانلىق بىلەن قاراپ:

— قېنى، قىزىق چاي ئىچسىلە، ھاردۇقلىرى چىقىدۇ. بىلەملا، مەن سىلىدىن ئەنسىرەپلا يۈرىمەن، بۇ كىتابنى يازىمەن، دەپ يىقىلىپ قالمىسىلا بولاتتىغۇ، — دېدى.

ئىسمەتۇللا مۆجىزى بەھىرنىساغا چوڭقۇر مۇھەببەت، ھۆرمەت، ئىچ ئاغرىتىش نەزىرىدە قارىدى. بەھىرنىسا گەرچە



ھازىر ئاران ئىككى بالىنىڭ ئانىسى بولسىمۇ، خۇددى تۆت بالىنىڭ ئانىسىدەك ھالەتتە ئىدى.

ئۇنىڭ مەڭزىدىكى ئالمىدەك قىزىللىق، بۇلاقتەك كۆزلىرىدىن تۆكۈلۈپ تۇرىدىغان ئۆتكۈر نۇر، سەرۋىدەك قامەت، تال چىۋىقتەك نازۇك بەدەننى ھازىر ھەر قانچە قىلسىمۇ تاپقىلى بولمايتتى. توي قىلغان نەچچە يىلدىن بۇيان، ئىسمەتۇللا ئوردا ئىشلىرى ۋە مۇزىكا، تارىخىي تەتقىقات، شېئىر يېزىش بىلەن بولۇپ كېتىپ، ئايالىغا تۈزۈكرەك مېھرىبانلىق كۆرسىتەلمىدى. ئائىلە ئىشلىرى، بالىلارنى بېقىش، تەربىيىلەش قاتارلىق ئېغىر ـ يېنىك ئىشلارنىڭ ھەممىسى بەھىرنىسانىڭ زىممىسىگە چۈشتى. ئۇ بۇلارغا يېتىشىپ بولغاندىن تاشقىرى يەنە ئىسمەتۇللانىڭ ئىجادىي ئەمگىكىنى قوللاپ، ئۇنىڭ يېقىن ياردەمچىسى، مەسلىھەتچىسى بولدى. ئىسمەتۇللا بۇلارنى ئويلىسا يۈرىكى ئېچىشاتتى. لېكىن، ئۆزى پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن سۆيگەن ئىشتىن قول ئۈزەلمەيتتى.

— ئۇستازلارنىڭ ئىجادىيەتلىرى گويا بىر دېڭىز بولسا، مېنىڭ قىلغانلىرىم ئۇنىڭ تامچىسىمۇ بولالمايدىكەن، بۇلارنى ھېس قىلىپ ئۆمرۈمنىڭ تولىمۇ مەنىسىز، بىھۇدە ئۆتكەنلىكىنى، مۇشۇ يېشىمغا كەلگۈچە ئەل ئېتىراپ قىلغۇدەك تۈزۈكرەك ئىش قىلالمىغىنىمنى ئويلاپ، ئۆزۈمنى قويىدىغان يەر تاپالمايۋاتىمەن. ھەر نېمە بولسا ئەلىشىر ھېكىمبەگ بۇ رىسالىنى يېزىشنى ئەمر قىلىپ، مەندەك بىخۇدلۇقتا ئۇخلاۋاتقان نادانىنى ئويغىتىپتۇ. شۇڭا بۇ رىسالىنى تېزرەك پۈتتۈرۈپ، ئۇنىڭ ئۈمىدىنى ئادا قىلسام دېگەن ئۈمىدتە مەن. يەنە كېلىپ ئۇستازىم موللا بىلال

تۇنۇگۇن: «پايدىلىق، مەنپەئەتلىك ئىشلارغا جىددىي تۇتۇش قىل، دەلىل ئىسپاتى يوق سۆزنى قىلمىغىن» دېگەن ھېكمەتنى ھەدىيە قىلدى. شۇ ۋەجىدىن ھەم جىددىي تۇتۇش قىلىشقا ھەم ھەر بىر سۆز، ھەر بىر قاراشقا دەلىل - ئىسپات تېپىشقا توغرا كېلىۋاتىدۇ. بۇ ئىشنى تېزرەك پۈتتۈرۈپ ئەلىشىر ھېكمىبەگكە ھەدىيە قىلالىسام، ھاردۇقۇممۇ بىراقلا چىقاتتى، — دېدى.

ئۇ ئايالى ئەكىرگەن چايدىن بىر يۇتۇم ئىچىپ، مەۋلانە ساھىب بەلخ ھەزرەتلىرى ھەققىدىكى تارىخ بەتلىرىنى ئاختۇرۇپ، دۇردانىلەرنى سۈزۈشكە باشلىدى. ئۇ ئادەتتە پىكىر يۈرگۈزسە، چېكىسىدە بىلىنەر - بىلىنمەس سىزىقچىلار پەيدا بولاتتى. ئۇ دېرىزە ئالدىغا كېلىپ ئاسمانغا نەزەر سالدى.

بۈگۈن ئالەم سۈتتەك ئايدىڭ بولۇپ، ئاسماندا يۇلتۇزلار ھەقىقەتەن كۆپ ئىدى. بىر - بىرىدىن نۇرلۇق، غۇژمەك - غۇژمەك يۇلتۇزلار گويا بىر كىم ئاسمانغا ياقۇتلارنى چېچىۋەتكەندەك كۆزنى قاماشتۇراتتى. ئەنە ئارقا - ئارقىدىن ئىككى - ئۈچ يۇلتۇز كۆزنى يۇمۇپ - ئاچقۇچە پەسكە ساقىپ غايىب بولدى. «مەنمۇ ئاشۇ يۇلتۇزدەك ھامان بىر كۈنى بۇ دۇنيادىن غايىب بولىمەن. شۇ چاغقىچە كۆپرەك ئىشلارنى قىلسام، مۇھىمى بۇ مۇزىكانتلار تارىخىنى پۈتتۈرەلىسەم ياخشى بولاتتى» دەپ ئويلىدى ئۇ. ئۇنىڭ ساناقسىز يۇلتۇزلار تۈركۈمىگە قارىغانسېرى قارىغۇسى كېلەتتى. ئۇ ئاشۇ يۇلتۇزلار ئارىسىدىن مەھمۇد قەشقىرى، يۈسۈپ خاس ھاجىپ، ئەلىشىر نەۋائى، ئابدۇراخمان جامى، شەيخ سەئدى، لۇتفى،



سەككاكى… قاتارلىق پىر - ئۇستازلارنى كۆرگەندەك، بۇ يۇلتۇزلار ئۇنىڭغا ئىلھام - مەدەت، ئەقىل - پاراسەت، كۈچ - قۇۋۋەت ئاتا قىلغاندەك، ئۇنىڭ بۇ يولىغا نۇرلىرىنى تۆكۈۋاتقاندەك بىلىندى. ئۇ شۇ تاپتا ئۇلار بىلەن غايىۋى مۇڭداشماقتا، ئۇلارنىڭ ئايىغىغا باش قويۇپ، ئىلىمگە بولغان كۈچلۈك مۇھەببىتىنى ئىزھار قىلماقتا ئىدى.

## 3

ئىسمەتۇللا مۆجىزى مۇزىكىنىڭ ئاجايىپ سېھرىي كۈچىنى تەسىرلىك، ئوبرازلىق ھەم چۈشىنىشلىك بايان قىلىش ئۈچۈن، مۇزىكا پىرلىرى ھەققىدە ھېكايىلەرنى يېزىپ، شۇ ھېكايىلەرگە ئۆزىنىڭ قاراشلىرى، ھېسسىياتىنى سىڭدۈرۈشنى مۇۋاپىق كۆردى. شۇ سەۋەبتىن، بىر ھەپتىدىن بۇيان يېزىشنى توختىتىپ ئىزدەندى، مۇلاھىزە قىلدى، بەزى پاكىتلارنى رەتلەپ ھېكايىلەشتۈردى. ئۇ بابۇر شاھ يازغان «ئەسرارى مۇسىقى» (مۇزىكىنىڭ سىرى) ناملىق كىتابنى ئاساس مەنبە قىلىپ، مەۋلانە ساھىب بەلخى ھەزرەتلىرى ھەققىدە تۆۋەندىكى قۇرلارنى يازدى:

«بۇ ئەزىز مۇدەررىس ئىدى. بەش - ئالتە يۈز تالىپ ئۇنىڭ تەربىيىسىدە كامالغا يەتكەن، ئۇ تەمبۇرنى سېھىرلىك بىر تەرزدە سۆزلەتتى. بابۇر شاھ ئۇنىڭدىن بىر دەممۇ ئايرىلمايتتى. ئۇ كېيىن مۇدەررىسلىكتىن بوشىنىپ زاھىددىن بابۇرنىڭ ھۇزۇرىدا قالدى. بىر كۈنى كابۇل

شەھرىدىكى بىر باغدا شاھانە ئولتۇرۇش ئۇيۇشتۇرۇلۇپ، ئۇلۇغ زاتلار، ئەمىر - ۋەزىرلەر، ئۆلىما ۋە ئەۋلىيالارنىڭ ھەممىسى يىغىلدى. تۈرلۈك - تۈرلۈك تائاملار تارتىلىپ، داستىخان يىغىلغاندىن كېيىن، بابۇر شاھ مۇزىكىغا ئىشارەت قىلغانىدى، بۇ ئەزىز تەمبۇرنى قولىغا ئېلىپ چۆل ‹ئىراق› مۇقامىغا چېلىشقا باشلىدى. مۇزىكا ئىككىنچى ئەۋجىدىن ئۆتۈپ، ئۈچىنچى ئەۋجىگە يەتكەندە، بىر بۇلبۇل كېلىپ تەمبۇرنىڭ قۇلىقىغا قونۇۋېلىپ سايرىۋىدى، مەجلىس ئەھلى چۇقان - سۈرەن كۆتۈردى. بىر مۇنچە كىشىلەر يىغلاپ بىھوش بولۇپ يۇمىلىنىشقا باشلىدى. باشقا بۇلبۇللار يىراقتىن ئۇچۇپ كېلىپ تەمبۇرغا ئۆزىنى ئۇردى. ئۇلار يەتتە - سەككىز قېتىم ئۆزىنى تەمبۇرغا ئۇرغاندىن كېيىن يەرگە چۈشۈپ ئۆلدى. بۇنىڭدىن تەسىرلىنىپ كەتكەن مەۋلانە تەمبۇرنى تاشلاپ يىغلىغىنىچە بىھوش بولدى. بىر ئازدىن كېيىن بىھوشلارغا گۈلاپلار سېپىلدى، شادلىق شارابلىرى ئىچۈرۈلدى، بىھوشلار ھوشىغا كەلدى. لېكىن، مەۋلانە ساھىب بەلخى ھوشىغا كېلەلمىدى. ھېكىملار ھەر قانچە چارە - تەدبىر كۆرگەن بولسىمۇ پايدىسى بولمىدى. شۇنداق قىلىپ، مەۋلانە ھىجرىيە 844 - يىلى (مىلادى 1440 - يىلى) ئالەمدىن ئۆتتى.» ئىسمەتۇللانىڭ ئۆپكىسى ئاغزىغا تىقىلىپ قالغاندەك بىئارام بولدى - دە، ئۈزۈپ - ئۈزۈپ نەپەس ئالدى. ئۇ شۇ ۋاقىتنىڭ ئۆزىدە، ئۆزىنى مەۋلانە ساھىب بەلخى ھەزرەتلىرىنىڭ سېھىرلىك تەمبۇرىنى ئاڭلاپ، بىھوش بولغاندەك ھېس قىلماقتا ئىدى. ئۇنىڭ كۆز چاناقلىرى لىققىدە ياشقا تولدى: «ئاھ! سېھىرلىك مۇزىكا! كىشى يۈرىكىنىڭ بېغىشلىرىغا ئۇرۇلۇپ، بۇ تەڭسىز



جاھاندىكى جىمىكى كۆڭۈلسىزلىكلەرنى ئۇنتۇلدۇرۇپ، ئادەمگە ئۈمىد، خۇشاللىق، ئىشەنچ، ئېتىقاد، مۇھەببەت... ئاتا قىلغانمۇ سەن، كىشىنى زار - زار يىغلىتىپ بىھوش قىلغانمۇ، ھەتتا ئۇ ئالەمگە ئۇزاتقانمۇ سەن. سېنىڭ قۇدرىتىڭ نېمىدېگەن كۈچلۈك - ھە! سەن بىزنىڭ نەچچە ئەسىرلىك ھايات مۇساپىمىزدا بىزگە ھەمنەپەس بولۇپ، بەزىدە بەزلەپ، بەزىدە يىغلىتىپ، بەزىدە ئۇخلىتىپ، بەزىدە ئويغىتىپ ۋە بەزىدە تەسەللى بېرىپ، بىزنىڭ چاڭقاق قەلبىمىزگە ئابىزەمزەم تولدۇرۇپ كەلدىڭ. بىز سېنىڭ سېھرىي كۈچىڭدىن ئورنىمىزدىن دەس تۇرۇپ، ئارغىماقلارنى چاپتۇرۇپ، قىلىچ - نەيزىلەرنى چاقنىتىپ، ئادالەت، ئەرك ئۈچۈن، ئەزىز ۋەتەن ئۈچۈن ئىسسىق قانلىرىمىزنى تۆكتۇق. ياڭرىغان ھەر بىر چۇقان سادالىرى، شېھىت بولغان باتۇرنىڭ كۆز قارىچۇقىدا، چاپقان ئارغىماقلارنىڭ تۇياقلىرىدا، ئۇرۇلغان قىلىچلارنىڭ چاقناشلىرىدا... سېنىڭ ئۇدارلىرىڭنى، سېنىڭ كۈچۈڭنى كۆرگىلى بولىدۇ. مۇزىكا، سەن بىزنىڭ جېنىمىز، سەن بىزنىڭ تومۇرىمىزدا ئېقىۋاتقان قىزىل قېنىمىز، سەن بىزنىڭ تارىخىمىز، سەن بىزنىڭ بۈگۈنىمىز ھەم گۈزەل ئەتىمىز!...» مۆجىزى شۇلارنى ھاياجان بىلەن ئويلىدى.

ئىسمەتۇللا مۆجىزى ھەزرىتى پەھلىۋان مۇھەممەد كۈچتۈڭگۈرنىڭ مۇزىكىغا قوشقان تۆھپىسى ۋە ئۇنىڭ پاساھەتلىك شېئىرلىرى بىلەن خېلى چوڭقۇر تونۇش ئىدى، بولۇپمۇ ئۇنىڭ:

*ئەپسۇسكى، باھادا ئوتتۇن ھەم ئۇد[1] بىر،*
*مەرتىۋىدە خەلىل[2] بىلەن نەمرۇد[3] بىر.*
*دۆلەتتىن مەس بولغان بىخۇدلار ئۈچۈن،*
*ئېيشەك ئاۋازىيۇ، كۈي - داۋۇت[4] بىر.*

دېگەن رۇبائىيسىنى بەكمۇ ياقتۇراتتى. ئۇ بۇ مىسرالار ھەققىدە چوڭقۇر ئويلانغاندىن كېيىن، بۇ مۇبارەك زات خۇسۇسىدا تۆۋەندىكىلەرنى يازدى:

«خۇداياتائالا ئۆز ئۇستۇنلۇكى ۋە كارامىتى بىلەن بۇ كىشىگە شۇنداق بىر قابىلىيەت ئاتا قىلغان ئىدىكى، ئۇ ھەم ئۇلۇغ ئۆلىما، ھەم كاتتا ئەۋلىيا، ھەم زەبەردەس پەھلىۋان ئىدى. مىڭ يىللار ئۆتۈپمۇ ئۇنىڭدەك پەھلىۋان چىقمىغان. ئۇ ھەم شائىر، ھەم نەغمىچى، ھەم زور باي ئىدى. شۇنىڭغا مۇۋاپىق، ئۇنىڭدەك خۇش پېئىل، خۇش چاقچاق ئادەم يوق ئىدى. ئۇ مۇزىكا ئىلمى ھەققىدە ئەسەرلەر يازدى، پائالىيەت ئېلىپ باردى. تۇرلۇك - تۇرلۇك ناخشا، سۆز، ئاھاڭ ئىجاد قىلدى. ئۇ ئىشلىگەن مۇقام كۈيلىرىنىڭ بىرى ‹چاھار زەرپ› بولۇپ، ھەممە ئۇستازلارنىڭ كۈيلىرىدىن ياخشى ھەم يېقىملىق بولغان ۋە تېزلا داڭق چىقارغانىدى. يەنە بىرى ‹چاھار گاھ› مۇقامى ئىدى. بۇ مۇقامغا مەۋلانە تۇتى ئەلەيھىر رەھمىنىڭ مۇنۇ غەزىلىنى سالغانىدى:

---

① قىممەت باھالىق خۇش پۇراق دەرەخ.
② ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام.
③ خۇدالىق داۋاسى قىلغان پادىشاھ.
④ مۇزىكانتلارنىڭ پىرى.



*ئەي ساقى، ئەجەبكى ئەتىنىڭ دەھشەتلىك ئىشلىرى نامەلۇم كېتىۋاتىدۇ،*
*بۈگۈن ئۆزىمىزنى خۇش تۇتايلى، ئەتىنى كىم بىلىدۇ.*

خۇراسان مەملىكىتىدە، ئىراق، سەمەرقەنت ۋە يەركەن خەلقى ئىچىدە بۇنى بىلمەيدىغان نەغمىچى يوق. يەنە بىرى ‹دۇگاھ› مۇقامى بولۇپ، بۇنىڭغا مىرخۇسرەۋ دېھلىۋىنىڭ مۇنۇ مەزمۇندىكى شېئىرىنى سالغانىدى:

*ئەي، سېنىڭ مەڭزىڭنىڭ نۇرىدىن ھەر بىر ئۆي يورۇپ كەتتى.*
*سېنىڭ چېچىڭنىڭ ھەر بىر بۇدرىسى ئۈچۈن بىر كۆڭۈل ۋەيرانە ۋە ئەسىردۇر.*

بۇ بابۇر سۇلتان نامىغا باغلىنىپ تولىمۇ تەسىرلىك ھەم مۇۋاپىق مۇقام بولغان. يەنە ‹پەنجىگاھ› مۇقامىنى ئىجاد قىلىپ، ئۇنىڭغا مەۋلانە ھەزرىتى كاتىپىنىڭ بىر شېئىرىنى سالغان ئىدىكى، ئۇنى ئاڭلىغان كىشى ھۇزۇرلىناتتى. بۇ مۇقام، ئەجەم، ماۋەرەئۇننەھر شەھەرلىرىدە مەشھۇر بولدى. مەۋلانە كاتىپىنىڭ بۇ مەزمۇندىكى شېئىرىنىڭ باشلانمىسى مۇنداق:

*سېنىڭ رەڭگىڭ بەزىدە ئادەم ئۆلتۈرىدىغانلار قىياپىتىگە كىرىپ قالىدۇ،*
*بىر تەلەيىڭ گۇۋاھلىقى ئۈچۈن يۈز شاھىت كېلىدۇ.*

ئۇ بۇ شېئىرنى سىلىشتا، ئۇنىڭ مۇنۇ مەزمۇندىكى چۇشۇرگە بېيىتىنى كۆزلىگەنىدى:

*كاتىپىدەك ئاخشىمى غەم قىلساڭ، تاڭدا ئۈمىد قىل،*

*بۇ دۆلەتكە سۇلتان ئەبۇ سەئىد كەلدى.*

بۇ سۇلتان ئەبۇ سەئىد مىرزا نامىغا باغلىنىپ بەكمۇ كۆڭۈلدىكىدەك ئىش بولغان ۋە شۇنىڭ بىلەن خەلقى ئالەم ئىچىدە شۆھرەت تۇتقان. بۇ ئەزىز بۇلاردىن باشقا يەنە بىھىساب غەزەل، مۇقام، ئاھاڭلارنى ئىجاد قىلدى. مەشھۇرلىرى: ‹مۇشاۋىرەك›، ‹بايادەك› ۋە يۇقىرىدا ئېيتىلغان ‹چاھار زەرب›، ‹دۇگاھ›، ‹سىگاھ›، ‹چاھارگاھ›، ‹پەنجىگاھ›لار بولۇپ، غەرب ۋە شەرق ئوتتۇرىسىدا مەشھۇردۇر. بۇ ئەزىز ئاۋۋال بابۇر شاھنىڭ ھۇزۇرىدا خىزمەت قىلدى، كېيىن مىرزا ئەبۇ سەئىدنىڭ بارگاھىدا يۇقىرى ئورۇن تۇتتى. ئۇنىڭدىن كېيىن سۇلتان ساھىب قىران ھۇسەيىن باھادىرخاننىڭ دەرگاھىدا مەھرەم بولدى. بۇ ئەزىزنىڭ ئۇلۇغلۇقىنى شۇنىڭدىن كۆرۈشكە بولىدۇكى، ئۇ ئەمىر نىزامىدىن ئەلىشىر نەۋائىي ھەزرەتلىرىدەك ئالىيجاناب زات بىلەن قىرىق يىل ھەمسۆھبەت، دوست بولۇپ ئۆتتى. ئەگەر بۇ كىشىنىڭ تەبىئىيتىدە زەررىچە ئەيىب بولسا ئىدى، نەۋائىي ئۇنى دوستلۇققا قوبۇل قىلمىغان بۇلار ئىدى. ئەكسىچە، نەۋائىي: ‹مەن پەھلىۋان مۇھەممەد كۇچتۇڭگۇر بىلەن قىرىق يىل ھەمسۆھبەت بولدۇم، بۇ جەرياندا كۆڭلۈم مالال بولغۇدەك ھېچقانداق ئىش ئۆتۈلمىدى بەلكى دوستلۇق مۇھەببىتىمىز كۈندىن - كۈنگە ئېشىپ باردى›، دەپ يازغان. مانا بۇنىڭدىن بۇ ئەزىزنىڭ خۇي - پەيلىنىڭ نەۋائىغا نىھايىتى يارىغانلىقىنى كۆرگىلى بولىدۇ. نەۋائىنىڭ قىممەتلىك ۋاقتىنى سەرپ قىلىپ، بۇ ئەزىزنى تەرىپلەپ تارىخ، ھېكايە يازغانلىقى، بۇ



ئەزىزگە بېرىلگەن ئەڭ يۇقىرى باھا بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. بۇ ئەزىز شېئىردىمۇ، ئىلىمدىمۇ دەۋرىنىڭ يېگانىسى، زامانىنىڭ نادىرى ئىدى. ئۇ پەن توغرىسىدا نۇرغۇن كىتابلارنى يازدى، شۇ زاماندىكى شائىرلارنىڭ يۈزدىن بىرىدە مۇنداق قابىلىيەت يوق ئىدى. شائىرلار ھەرقانداق شېئىر يازسا، پەھلىۋانغا كۆرسىتىپ، ئۇنىڭ پىكرىنى قوبۇل قىلاتتى.»

ئىسمەتۇللانىڭ قەلىمى توختىدى. ئۇ ئاستا ئورنىدىن تۇرۇپ، بەللىرىنى رۇسلاپ، بېشىنى ئىككى يانغا تولغاپ بىنىك ھەرىكەت قىلغاندىن كېيىن، دېرىزە ئالدىغا كېلىپ، دېرىزىنى كەڭ ئېچىۋەتتى - دە، قېنىپ چوڭقۇر نەپەس ئالدى. دېرىزىدىن ئاپرېل ئېيىنىڭ ساپ ھاۋاسى ئالما، ئۈرۈك چېچەكلىرىنىڭ ھىدىنى ئەكىرىپ، ئۇنى باشقىچە راھەتلەندۈردى. ئۇ پەھلىۋان مۇھەممەدنىڭ يېتىم - يېسىر، مۇساپىرلارغا سېخىي قولىنى سۇنۇپ، ئۇلارنىڭ ھالىدىن قانداق خەۋەر ئالغانلىقى ھەققىدىمۇ يېزىشنى كۆڭلىگە پۈكۈپ، يەنە قەلىمىنى قولىغا ئالدى:

«پەھلىۋان مۇھەممەد كۇچتۇنگۇر ھىراتتىكى بىر چوڭ يولنىڭ بويىغا بەش مىڭ كىشىلىك ئۆي، باغلاردىن تەركىب تاپقان زور بىر ئىمارەت سالدۇردى. بۇ بىر مۇساپىرخانا بولۇپ، ئۇنىڭغا ‹نىمەتى ئابات›، دەپ نام بەردى. پېقىرلار، دەرۋىشلەر، مۇساپىرلار ۋە يولۇچىلار كېلىپ، بۇ يەردە بىر ئاي، ئىككى ئاي ھەتتا بىر يىل، ئىككى يىل تۇرۇپ قالاتتى. ئۇلارغا ھەر كۈنى ئۈچ قېتىم، ئۈچ تۈرلۈك ئالىي تاماق بېرىلەتتى، ئۇلاغلىرىغا ئارپا - پىچان تەييار ئىدى. چوڭ - كىچىك ھىرات خەلقى ‹نىمەتى ئابات› تىن

تاماق يەيتتى. ھەتتا سۇلتان ھۇسەيىن باھادىرخانغىمۇ تەييار بولغان تاماقتىن ھەر كۈنى ئۈچ قېتىم يەتكۈزۈلەتتى. تەرەپ - تەرەپتىن كەلگەن ماشايىخ ۋە ئۆلىمالار ھەزرىتى پەھلىۋاندىن تەلىم ئېلىپ بەش - ئون يىل تۇرۇپ قالاتتى. ئۇ سېخىيلىقتا ھاتەم تەيدىنمۇ ئېشىپ كېتەتتى. ئۇ ھەزرىتى جامى بىلەن يېقىن ئۆتەتتى. تەسەۋۋۇفتا ئۇنىڭدىن مەخسۇس ئىلتىپاتلار كۆرگەنىدى. ئاللاتائالا بىر قەترە خۇندىن تۆرەلگەن بىر بەندىسىگە شۇنچىلىك كامالەت ۋە قابىلىيەت ئاتا قىلغانىدىكى، بۇنىڭ ئۈچۈن بىردىنبىر ياراتقۇچىغا يۈز مىڭ ھەمدۇسانا ئوقۇش كېرەك! بۇ ئەزىزنى پادىشاھتىن گادايغىچە دوست تۇتمايدىغان ئادەم يوق ئىدى. ھەرقانداق كىشى ئۇنىڭ بىلەن مۇئامىلە قىلسا، پەھلىۋاننىڭ مەندىن يېقىن دوستى يوق دەپ ئويلاپ قالاتتى. مىڭ - مىڭلىغان كىشىلەر بۇ ئەزىزنىڭ قولىدا قۇرئان يادا ئالدى. شەرىئەت ئىلمىنى ئۆگىنىپ ئالىم بولدى. ئۇ ھەربىي ئىلىمدە سۇلتان ھۇسەيىن باھادىرخاننىڭ پۈتۈن قوشۇنىغا ئۇستاز ئىدى. ئۇ شائىرلارنىڭمۇ ئۇستازى ئىدى، مۇزىكا ئىلمىدىمۇ ھەرخىل مۇقاملارنى ۋە مىڭلىغان شاگىرتلارنى يادىكار قىلدى. تەرىقەتتە ھەرخىل ئۇلۇغ شەيخ ۋە ھۆرمەتلىك ئەۋلىيالارنىڭ پىرى ئىدى. شۇ زاماندا دۇنيا بويىچە ئۇنىڭدەك باي يوق ئىدى. ھۇسەيىن باھادىرخان ئۇنىڭسىز ئولتۇرۇش ئۆتكۈزمەيتتى، ئۇنىڭ مەسلىھەتىسىز ئىش قىلمايتتى. پەھلىۋان بىر كۈنى تۇيۇقسىزدىن بىھوش بولۇپ يىقىلغىنىچە ئالەمدىن كەتتى. پادىشاھدىن گادايغىچە پۈتۈن خۇراسان خەلقى هازىدار بولۇپ، گويا قىيامەت قايىم



بولغاندەك بىر ئەھۋال يۈز بەردى. ئۆزى ھايات ۋاقتىدا راسلاپ قويغان ۋە ھەر كېچىسى كىرىپ ئىستىقامەت قىلىپ كەلگەن ‹نىمەتى ئابات› تىكى يەرلىككە ھىجرىيە 899 - يىلى (مىلادى 1443—1444 — يىلى) دەپنە قىلىندى.»

— ئاھ، ئۇلۇغ ئۇستاز! ياتقان يېرىڭ جەننەتتە بولغاي!

ئىسمەتۇللا ئاخىرقى قۇرلارنى يېزىپ بولۇپ شۇنداق دېدى، بۇ چاغدا تەڭ كېچە بولاي دېگەنىدى. ئۇ قەلەمنى قويۇپ، خۇددى پەھلىۋان مۇھەممەد ئالدىدا تۇرغاندەك ھېس قىلىپ، چوڭقۇر ھۆرمەت - مۇھەببەت بىلەن شۇنداق دېدى:

— ئۇستاز، سەن ھەققىدە ئويلىغانلىرىمنىڭ ناھايىتى ئاز قىسمىنىلا يازالىدىم، ساڭا بولغان ئېتىقاد، ھۆرمەت، سېغىنىشىمنى ئويلىسام، جىمىكى گۈزەل، پاساھەتلىك سۆزنى ئىشلىتىپ توم - توم كىتابلارنى يازغۇم كېلىدۇ. سېنى تەڭداشسىز سۈپەتلىگۈم كېلىدۇ. شۇنداق قىلالىغان بولسام، ئۇ ئالەمگە بارغاندا سېنىڭ ئالدىڭدا، بۇ ئالەمدە مۇقام سۆيەر خەلقىم ئالدىدا يۈزۈم يورۇق بولاتتى. ئەپسۇس! مەندەك بىر ئاجىز مۇقام شەيداسى، قەلەم ئىگىسىنىڭ، سېنىڭدەك بىر ئۇلۇغ مۇبارەك زات ھەققىدە بىر نەرسە يېزىشى خۇددى مۇقەددەس ئانا يەرنى كۆتۈرگەندەك ئىش بولدى.

ئۇ ئالدىدىكى دۆۋە - دۆۋە كىتابلار ئارىسىدىن پەھلىۋان مۇھەممەد كۈچتۈڭگۈرنىڭ بىباھا كىتابلىرىنى ئېلىپ، ئاپئاق خام بىلەن پاكىزە ئېرىتىپ ئاۋۋال كۆزلىرىگە سۈرتتى، ئاندىن كۆكرىكىگە تېڭىپ چوڭقۇر نەپەس ئالدى. ئۇنىڭ ۋۇجۇدى ئۆزىمۇ ئېيتىپ بېرەلمەيدىغان بىر ئوتلۇق

هارارەتتە ئېرىدى.

ئىسمەتۇللا مۆجىزى ئىككى كۈندىن بۇيان مەۋلانە نامان سەمەرقەنت ھەزرەتلىرى توغرىسىدا ماتېرىيال توپلاپ، كۆڭۈل خەزىنىسىگە ئېسىل ھېكايىلەرنى توپلىغاندىن كېيىن، بۇ زات ھەققىدە قەلەم تەۋرەتتى:

«بۇ ئەزىز ئۇستا قارى بولۇپ، بەش يۈز كىشى نۆۋەت بىلەن ئۇنىڭدا قۇرئان يادا ئالغانىدى. ئۇ ئالىملار سۆھبىتى ۋە ماشايىخلار ئولتۇرۇشلىرىدا ساز چېلىپ ناخشا ئېيتاتتى. بىر كۈنى سەمەرقەنت ئالىملىرى ئولتۇرۇشىدا مەۋلانە شەمسىدىن تەبرىزىنىڭ غەزەللىرىنى ئوقۇپ ساتارىنى سايراتتى. ئالىملار بىردىن باشلىرىنى تۆۋەن قىلىپ ئويغا چۆكۈپ كەتتى. ئون نەچچە كىشى بىھوش بولدى، مەۋلانە ئەلى ھەزرەتلىرى بىھوش بولغىنىچە شۇ ئولتۇرۇشتا ئالەمدىن كەتتى. بۇ خەۋەر ھەممە ياققا تارقىلىپ كەتتى. پادىشاھ ئاڭلاپ، بۇ ئەزىزنى زىندانغا ھۆكۈم قىلدى. ئۇ بەش يىل زىنداندا يېتىپ ھىجرىيە 865 - يىلى (مىلادى 1461 - يىلى) ۋاپات بولدى.

بۇ ئەزىزنىڭ تەربىيىسىدە ئۈچ يۈزدىن ئارتۇق نەغمىچى مۇزىكا ئىلمىدە كامالەتكە يەتكەنىدى. بىر نەچچە يۈز كىشى شەرىئەت ئىلمىدە ئالىم بولدى. ئۇنىڭ نەچچە مىڭ سوپىلىرى بار ئىدى. ئۇنىڭ مۇزىكىنىڭ تەرىقەت ئەھلىگە بەخش ئەتكەن نەتىجىلىرى توغرىسىدا ‹ مىئراجۇ سالىكىن › (سوپىلىق يولىنى تۇتقۇچىلارنىڭ شوتىسى) ناملىق بىر كىتاب يېزىلغانىدى.»

مۆجىزى يەنە شەيخ سەفايى سەمەرقەنتىنىڭ ئىككى يۈزدىن ئارتۇق شاگىرت تەربىيىلىگەنلىكى، «نەشائەتى



مۇسىقى» (مۇزىكىنىڭ ئۇنۇمى) ناملىق بىر رىسالە يازغانلىقى؛ خوجە شاھابىدىنىنىڭ ئىككى يۈزدىن ئارتۇق شاگىرت تەربىيىلىگەن ھەم مۇزىكا ئىلمىدە مەخسۇس رىسالە يازغانلىقى؛ ئابدۇللا مەرۋارىت ھەزرەتلىرىنىڭ مۇزىكا ئىلمىدە ياخشى رىسالىلەرنى يازغانلىقى ھەم يۈزدىن ئارتۇق شاگىرت تەربىيىلىگەنلىكى قاتارلىقلارنى قىسقىچە يېزىپ چىقتى. ئۇنىڭ بۈگۈن كۆڭلى ناھايىتى خۇشال ئىدى. چۈنكى ئۇ پىلانلىغان ئون يەتتە پىر - ئۇستازنىڭ ئون بەشى ھەققىدە ئۆزى قايىل بولغۇدەك تەزكىرىنى يېزىپ بولغانىدى.

— بارمۇ ئۆزلىرى، مىرزا بېگىم؟

قادىر قالۇن شۇنداق دېگىنىچە كىرىپ كەلدى. ئۇنىڭ كەينىدە خوجا قاسىم، يەنە ناتونۇش ئىككى كىشى بار ئىدى.

— تىنچ - ئامان تۇردىلىمۇ، ئۇستاز؟

ئىسمەتۇللا مېھمانلار بىلەن قىزغىن كۆرۈشۈپ، ئۇلارنى تۆرگە باشلىدى.

— بۇلار، — دەپ سۆزىنى باشلىدى قادىر قالۇن ھېلىقى ئىككى كىشىنى كۆرسىتىپ، — ئۆزلىرىنىڭ شاپائەتلىرىدىن بەش مودىن يەرگە ئىگە بولغان سازەندە ئۇستازلار، گۇمىدىن ئاتايىن ئۆزلىرىنى يوقلاپ كەلدى. كىتاب يېزىپ ھېرىپمۇ كەتكەنلا ھەقاچان، ئانچە - مۇنچە مۇڭ قىلىپ كۆڭۈل سىرلىرىمىزنى تۆكۈشەيلى دەپ كەلدۇق. ئىشلىرىغا دەخلى يەتكۈزۈپ قويارمىزمۇ؟

— يوقسۇ، ئۇنداق بولامدىغان ئۇستاز، قېنى ئازادە ئولتۇرۇشسىلا، بۈگۈن تازا ئويلىغىنىمدەك ئىش بولدى.

دېگەنلىرىدەك بولسۇن. يەنە بىر ئىش، غىزا تەييار بولغۇچە يازمىلىرىمنى كۆرۈپ قىممەتلىك پىكىرلىرىنى ئاياشمىغايلا، ـ ئىسمەتۇللا شۇنداق دېگىنىچە يېزىقچىلىق ئۆيىگە ماڭدى.

## 4

ئىسمەتۇللا مۆجىزى يايلىغانغا چىقىپ ئاتا ـ ئانىسى ۋە ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرى بىلەن كۆرۈشتى ۋە ئەتىسى تاماقتىن كېيىن دادىسى بىلەن كىتابخانا ئۆيىگە كىردى. ئۇنىڭ ئاتا ـ ئانىسىنى يوقلاپ چىقىشىدىكى مۇھىم بىر سەۋەب: دادىسى بىلەن مەلىكە ئامانىساخان ۋە قېدىرخان يەركەندى توغرىسىدا پىكىرلىشىش، بولۇپمۇ ئامانىساخاننى قېدىرخان يەركەندىنىڭ قىزى دېگەن قاراش توغرىسىدىكى گۇمانلىرىنى ئورتاقلىشىش ئۈچۈن ئىدى. ئىسمەتۇللا دادىسىغا يازغانلىرىنى بىر قۇر كۆرسەتتى. پىلان ۋە تەسەۋۋۇرلىرىنى سىستېمىلىق ئوتتۇرىغا قويغاندىن كېيىن، ئامانىساخان ھەققىدىكى گۇماني قاراشلىرىنى دەپ ئۆتتى.

موللا نېمەتۇللا ئوغلىنىڭ بۇ ئىشىدىن قاتتىق سۆيۈنگەنلىكىنى ھەم تېزرەك روياپقا چىقىرىشقا ئىنتىزار ئىكەنلىكىنى دېدى.

— خاتىرجەم بولسىلا، دادا، خۇدايىم بۇيرۇسا بۇ رىسالىنى چوقۇم ياخشى يېزىپ چىقىمەن. ھازىر يازغانسېرى زېھنىم ئېچىلىپ، قەلىمىم راۋانلىشىۋاتىدۇ. ئاشۇ پىر ـ ئۇستازلارنىڭ نەقەدەر كاتتا زاتلار ئىكەنلىكىنى، ئۇلارنىڭ



ئىنسانىيەت مەدەنىيەت خەزىنىسىگە، بولۇپمۇ مۇزىكىغا ئالەمشۇمۇل تۆھپىلەرنى قوشقانلىقىنى بىلىپ يېتىپ، ئۆزۈمنىڭ تولىمۇ ئاجىز، ئىلىمدە بەكمۇ بىچارىلىقىمنى كۆرۈپ يەتتىم. ھەرقانداق بولسا ئۇلۇغ ئاللاتائالا ئەلىشىر ھېكىمبەگنىڭ دىلىغا سىلىپ، بۇ خاسىيەتلىك ئىشنى ماڭا ئەمر قىپتۇ. دېمەك، بۇ ئىش بىلەن مەندەك بىر كالتە ئەقىلنىڭ ئەرزىمەس ھاياتىدىن ئىز ـ نىشان قالىدىغان تۇرسا، بۇ ئىشقا قانداقمۇ ئالدىرىماي، دادا.

— لېكىن، ئوغلۇم، — دېدى موللا نېمەتۇللا ئويلانغان ھالدا، — سېنىڭ بۇ ئەسەرنى يېزىشىڭ ھەقىقەتەن زور، خاسىيەتلىك ئىش، بۇنى ئەلىشىر ھېكىمبەگ ئالىيلىرى قوللىغىنى بىلەن يەنە ئوردىدىكى بەزى مۇتەئەسسىپ، جاھىل ئادەملەرنىڭ قارشىلىقىغا ئۇچرىشىڭ، نۆۋىتى كەلگەندە ئۇلار تەرىپىدىن يەكلىنىشىڭ مۇمكىن. بۇلارغا كۆڭلۈڭدە تەييارلىق بولسۇن، ھەقتائالا بۇ دۇنياغا ئەقىلنى ئاپىرىدە قىلدى، ئاندىن ئەقىلگە ئېيتتىكى: «ماڭا يېقىن كەلگىن»، ئەقىل يېقىن كەلدى، ئۇ يەنە ئېيتتىكى: «ئەمدى يانغىن»، ئەقىل ياندى. ھەقتائالادىن يەنە شۇنداق نىدا كەلدى: «سەندىن باشقا ھېچ نەرسىنى ئۆزۈمگە دوست ۋە يېقىن يولاتمىدىم، شۇنىڭ ئۈچۈن ياخشىلىق ۋە ساۋابلىقنى ساڭا بەردىم، شۇنىڭ بىلەن بىرگە يەنە ئازابنى ھەم قوشۇپ بەردىم.» بىر كىتابتىن بۇلارنى ئوقۇغىنىم ئېسىمدە، ئېنىقكى، ئەقىللىق كىشىگە ياخشىلىق، ساۋابلىق ھەم ئازاب ھەر دائىم ھەمراھ، ئەقىللىق كىشىلەر ئازاب چەكسىمۇ، ئۆز ئىشىدىن سۆيۈنىدۇ، ئۆزىنى بەختلىك ھېس قىلىدۇ. ئاقىل، دانا كىشىلەر، ئالىم ـ ئۆلىمالار بۇ

جاھاننىڭ زىننىتى. سەن يېزىۋاتقان ئەسىرىڭ بىلەن ئاشۇ ئۇستازلارنى كېيىنكى ئەۋلادلارغا تونۇشتۇر. ھازىرقىلار توغرا قارىيالمىسىمۇ، كېيىن بۇنى چۈشىنىدىغانلار، ئادىل، ھەققانىي باھا بېرىدىغانلار چوقۇم چىقىدۇ.

ئاتا - بالا ئىككىسى كېچىچە مۇڭدىشىپ چىقتى. موللا نىمەتۇللا ئوغلىغا نۇرغۇن پايدىلىق تەكلىپلەرنى بەردى. بولۇپمۇ، ئۇنىڭ مەلىكە ئامانىساخان ۋە قىدىرخان يەركەندى توغرىسىدىكى مۇھىم قاراشلىرى، بەزى دەلىللىرى ئىسمەتۇللانىڭ گۇمانىنىڭ راستلىقىنى ئىسپاتلاپ بەردى. بۇ سۆھبەتتىن ئىسمەتۇللا شۇنداق خۇشال بولدىكى، كېچىچە ئۇيقۇسى كەلمىدى. ئۇ تېزرەك تاڭ ئېتىشىنى، ئۆيىگە قايتىپ بېرىپ بۇ مۇبارەك ئۇستازلار ھەققىدە يېزىشنى ئويلايتتى.

ئىسمەتۇللا مۆجىزى ئۆيىگە قايتىپ كەلگەندىن كېيىنمۇ، يەكەن سەئىدىيە خانلىقىغا ئائىت تارىخىي كىتابلارنى ئەستايىدىل كۆرۈپ، كۈچلۈك ئاساسقا ئىگە بولغاندىن كېيىن، مەلىكە ئامانىساخان ھەققىدە تۆۋەندىكىلەرنى يازدى:

«مەلىكە ئى ئامانىساخېنىم سۇلتان ئابدۇرېشىتخاننىڭ خانىشى ئىدى. ئۇ ئۆز دەۋرىنىڭ يېگانە شائىرەسى بولۇپ، خەتتاتلىقتىمۇ ئۇستۇن ماھارەتكە ئىگە ئىدى. مۇزىكا ئىلمىدىمۇ شۇنداق كامالەت ئىگىسى ئىدىكى، سۇلتان ئۇنىڭغا تاقەتسىز ۋە ئىختىيارسىز شەيدا بولغان. سۇلتاننىڭ بۇ مەلىكىنى ئۆز نىكاھىغا ئېلىش ۋەقەسى مۇنداق بولغانىدى: سۇلتان ئۆز ۋەزىر - ئەمىرى ۋە لەشكەرلىرى بىلەن پايتەخت يەركەندىن ئاتلىنىپ چىقىپ، تارىم دەرياسىنى بويلاپ،



تەكلىماكان دەشتىگە شىكارغا يۈزلەندى ۋە نەچچە كۈن شۇ ئەتراپتا بولدى. سۇلتاننىڭ كېچىلىرى دېھقانچە ياسىنىپ، مۇساپىر سۈپىتىدە سەھراھ ياقىلىرىدىكى ئۆيلەردە قونىدىغان ۋە شۇ يول بىلەن ئەمەلدارلارنىڭ رەئىيەلەرگە زۇلۇم - سەتەم قىلغانلىقىنى تەكشۈرىدىغان ئادىتى بار ئىدى. بىر كۈنى سۇلتان شۇ يوسۇندا ئەكرەم ئاتلىق بىر مەھرىمى بىلەن بىر خارابە ئۆيگە قونغۇچى سۈپىتىدە كىردى. بۇ ئۆي مەھمۇد ئاتلىق بىر ئوتۇنچىنىڭ ئۆيى ئىدى. بۇ مەلىكە بولسا شۇ مەھمۇدنىڭ قىزى ئىدى. سۇلتان ئۆينىڭ بۇلۇڭىدا تۇرغان بىر تەمبۇرنى كۆرۈپ قېلىپ، مەھمۇدتىن تەمبۇر چېلىپ بېرىشنى تەلەپ قىلدى. مەھمۇد:

— مەن تەمبۇر چېلىشنى بىلمەيمەن، مۇشۇ قىزىمىز ماڭا تەمبۇر ئېلىپ بەر، دەپ خاپا قىلىپ ئالدۇرغان، قىزىم چالىدۇ، - دەپ جاۋاب بەردى.

سۇلتان:

— ئەمىسە، قىزىڭىز چېلىپ بەرسۇن، — دېدى.

مەھمۇد قىزىغا ئەمىر قىلدى. قىز تەمبۇرنى ئېلىپ ‹ پەنجىگاھ › مۇقامىغا شۇنداق چالدىكى، سۇلتان ھەيران قالدى. بولۇپمۇ، قىز ئۆزى يازغان بىر شېئىرنى مۇقامغا سېلىپ ئوقۇغاندا، سۇلتان قىزنىڭ مۇھەببىتىدە كۆيۈپ، بىھوش بولۇپ كەتتى. شېئىرنىڭ باشلانما بېيتى مۇنداق ئىدى:

*ساڭا يۈز شۈكرى، يا رەب، بىزگە ئادىل پادىشاھ قىلدىڭ،*
*پېقىر - مىسكىنگە شاھ ئابدۇرېشىتخانىنى پاناھ قىلدىڭ.*

بۇ غەزەلنىڭ چۈشۈرگە بېيىتى مۇنداق باغلانغانىدى:

*نەفىسى كېچە ـ كۈندۈز قىل دۇئا تەڭرى تەقەددەسغە،*
*كى شاھنىڭ ھەققىدە قىلماي دۇئا قاتتىق گۇناھ قىلدىڭ.*

غەزەل تامام بولۇشىغا سۇلتان ئالدىراپ:
— نەفىسى دېگەن شائىر كىم؟ — دەپ سورىغانىدى، قىز:
— خەقنىڭ غەزىلىنىمۇ ياد ئېلىپ ئوقۇمدىكەن. مەن نەۋائى، فۇزۇلى، زەلىلىلەرنىڭ شېئىرلىرىدىن باشقىنى ئوقۇمايمەن. بۇ غەزەل ئۆزۈمنىڭ، نەفىسى مېنىڭ تەخەللۇسۇم، ـ دەپ جاۋاب بەردى.
سۇلتان تېخىمۇ ھەيران بولدى. ئاڭغىچە ئامانىسساخان قويۇپ، ئۆزى يازغان بىر نەچچە شېئىرنى ئەكىلىپ كۆرسەتتى. ئۇنىڭ خېتىنىڭ ھۆسنى ئۆزىنىڭ ھۆسنى بىلەن بەسلىشەتتى. پادىشاھنىڭ بۇ خەتنى شۇنچە كىچىك بىر قىزنىڭ يازغىنىغا ئىشەنگۈسى كەلمەي:
— قېنى ئەمىسە، مەن قاراپ تۇراي، بىر شېئىر يېزىپ بېقىڭ، — دېگەنىدى، قىز دەۋەت، قەلەم ۋە قەغەز ئېلىپ تۆۋەندىكى بېيىتنى يازدى:

*يا رەب، بۇ بەندە قىلدى ئەجەب سۇئى زەن ماڭا،*
*گويا بۇ ئۆيدە ئۇندى بۇ ئاخشام تىكەن ماڭا.*
*(خۇدا، بۇ بەندە ماڭا تولىمۇ گۇمانلىق كۆزدە قارىدى،*
*گويا بۇ ئۆيگە بۈگۈن ئاخشام مەن ئۈچۈن بىر تىكەن ئۈندى.)*



سۇلتان كۈلۈپ:
— ئىشەندىم، مېنى مەسخىرە قىلماڭ! — دېدى ۋە مەھرىمى بىلەن تاشقىرىغا چىقىپ، — بىز ھېلى كېلىمىز! — دەپ كېتىپ قالدى.
ئۇ لەشكەرگاھقا بېرىپ، ۋەزىر ـ ئەمىرلەرگە بولغان ئەھۋالنى بايان قىلدى. بېشىغا تاج كىيىپ، ئۈستىگە دەۋاج ياپتى. دەرھال ئون قوي ۋە شايى ـ ئەتلەسلەر تەييارلاندى. تۈن يېرىمىدا قىرىق كىشى مەھمۇدنىڭ ئۆيىگە كېلىپ مەقسەتنى بايان قىلدى. پادىشاھ ئۆزىنى ئاشكارا قىلىپ، توي قىلىپ قىزنى نىكاھىغا ئالدى. بۇ مەلىكە يىگىرمە يىل پادىشاھنىڭ نىكاھىدا تۇردى. خۇداياتائالا بۇ قىزغا شۇنداق ئەقىل ـ پاراسەت ئاتا قىلغان ئىدىكى، ئۇنى تەرىپلەپ ئولتۇرۇشنىڭ ھاجىتى يوق ئىدى. ئۇ «دىۋان نەفىسى» نى يازدى. خوتۇن ـ قىزلارغا نەسىھەت قىلىش مەزمۇنىدا «ئەخلاقىي جەمىلە» (گۈزەل ئەخلاق) ناملىق بىر كىتاب ۋە «شۇرۇلقۇلۇپ» (قەلبلەر شەرھى) ناملىق بىر رىسالە يازدى. شائىرلىق، نەغمىچىلىك ۋە خەتتاتلىق توغرىسىدا بۇنىڭدەك مەنىلىك كىتاب ئاز. «ئىشرەت ئەنگىز» (شادلىق قوزغىغۇچى) ناملىق بىر مۇقامنىمۇ بۇ مەلىكە ئىجاد قىلغانىدى. كۈچلۈك رەشىك يۈزىسىدىن سۇلتان بۇنى ئۆز نامىدا قىلىۋالغان ۋە شۇ بويىچە نەغمىچىلەرگە ئۆگەتكەن. بۇ مەلىكە ئوتتۇز تۆت يېشىدا تۇغۇتتا ۋاپات بولغان، مەلىكە ئالەمدىن ئۆتكەندىن كېيىن، سۇلتان ئۆزىنى ئۆلتۈرگۈدەك ھالەتكە يېتىپ، سەۋدايىلىق كېسەلىگە مۇپتىلا بولغان، سۇلتان ئاخىرى يىغلاپ ئالەمدىن ئۆتكەن دېيىلىدۇ.»

ئىسمەتۇللا قەلەمنى قويۇپ، قىدىرخان يەركەندى توغرىسىدا نىمىلەرنى يېزىش ھەققىدە ئويلاندى. قىدىرخاننىڭ شېئىرلىرىنى ئۇ سۆيۈپ ئوقۇيتتى. ئۇنىڭ ئادالەتنى ياقىلايدىغان، ئاۋام پۇقرالارنىڭ غېمىنى يەيدىغان، مۇقامغا پۈتۈن ئىشقى بىلەن بېرىلگەن ئالىيجاناب پەزىلىتىنى ئۆزىگە ئۈلگە قىلىپ كەلگەنىدى.

ئۇ بىر قېتىم ئوردىدا تەمبۇر بىلەن بۇ شېئىرنى ئوقۇپ قۇتبىدىن مىرزا قاتارلىق بىر بۆلەك كىشىلەرنىڭ قارشىلىقىغا ئۇچرىغان، ھەتتا ئۇلار بۇ شېئىرنىڭ مەنىسىنى خاتا بۇرمىلاپ، ئەلىشىر ھېكىمبەگكە چېقىشتۇرغانىدى. بۇ ئىشلار ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا قايتا گەۋدىلەندى. ئۇ قەلەمنى ئېلىپ تۆۋەندىكىلەرنى يازدى:

«بۇ پەندە بۇ ئەزىزدەك ماھارەت كۆرسەتكەن ئۇستاز ئاز. بۇ ئەزىز كۆپرەك ئەمىر نىزامىدىن ئەلىشىر نەۋائى ھەزرەتلىرىنىڭ غەزەللىرىنى ئاھاڭغا سېلىپ ئوقۇيتتى. ئالەم ئۆتۈپ ئۇنىڭدەك خۇش ئاۋاز ئادەم بولمىغان دېيىشكە بولىدۇ. ئىراقتىن، ئىراندىن، تەبرىزدىن، خارەزم، سەمەرقەنت، ئەنجان، ئىستانبۇل، كەشمىر، بەلخ، شىراز قاتارلىق يىراق شەھەرلەردىن مۇزىكا ئۆگىنىشكە كەلگەن شاگىرتلىرى بار ئىدى. راۋابنى ۋە ھەشتار (سەككىز تارلىق بىر خىل چالغۇ) نى بۇ ئەزىز كەشپ قىلدى. ئۇ يەنە شائىر ئىدى. ‹دىۋانى قىدىر› ناملىق كىتابى بار ئىدى. بۇنىڭدىن باشقا، ئۇ ئۆزىنىڭ مۇزىكا ئىلمى ھەققىدىكى رىسالىلىرىدە چوڭقۇر مەنىلىك پىكىرلىرىنى ئوتتۇرىغا قويغانىدى. ئۇ جەندە ـ كۆلا كىيىپ يۈرەتتى. سۇلتان ئابدۇرېشىتخان غىزادىمۇ، يېتىپ ـ قوپۇشتىمۇ قىدىرخاندىن ئايرىلمايتتى.



قىدىرخان ‹ۋىسال› ناملىق بىر مۇقامنى ئىجاد قىلىپ شاگىرتلىرىغا ئۆگەتتى. ئۇ پادىشاھ ئابدۇرېشىتخاندىن ئىككى يىل كېيىن ئالەمدىن كەتتى...»

ئىسمەتۇللا «ئۇھ!» دېگىنىچە ئورنىدىن تۇردى. ئۈستىنى بېسىپ تۇرغان ئېغىر تاغ يۆتكىۋېتىلگەندەك يېنىكلەپ قالدى. چۈنكى ئۇ بىر يىلدىن بۇيان كۆپ تەر تۆكۈپ ئىزدىنىپ، پىلانلىغان ئەسىرىنىڭ ئاخىرقى قۇرلىرىنى يېزىپ بولغانىدى. ئۇ يەنە ساق بىر ھەپتە ۋاقىت سەرپ قىلىپ يازغانلىرىنى بىر قۇر تۈزەتتى ھەمدە ئۇلارنىڭ قايسىنى بېشىغا، قايسىنى ئاخىرىغا ئېلىش مەسىلىسى ھەققىدە پىكىر يۈرگۈزۈپ، بۇ مۇبارەك ئۇستازلارنىڭ رىسالىدىكى ئورنىنى بېكىتىپ چىقتى. ئۇ بۈگۈن بۇ ھەقتە پىكىرلىشىش ئۈچۈن، موللا بىلال، قادىر قالۇن، دىلبەر دورغا، ئەخمەتشاھ قاراقاشى①، مۇھەممەد تۆمۈر قاراقاشى، مۇبارەكشاھ قاتارلىقلارنى ئۆيىگە چاقىردى. تاماقتىن كېيىن ئىسمەتۇللا رىسالىگە كىرگۈزۈلگەن ئۇستازلار ھەققىدە توختىلىپ شۇنداق دېدى:

— مۇزىكا ئىلمىنىڭ ئۇستازلىرى ھەر ئەسىر، ھەر شەھەردە يۈزلەپ، بەلكى مىڭلاپ ئۆتكەن. ئۇلارنىڭ ھەر بىرىنىڭ ئەھۋالىنى بايان قىلساق، بۇ قىسقا رىسالىگە سىغمايدۇ. شۇڭا، مىڭدىن بىرى تاللاپ ئېلىندى. يەنى بىرەر ناخشا ـ مۇقام ئىجاد قىلغان ياكى چالغۇ ئەسۋابى ياسىغان ياكى بۇ ئىلىم توغرىسىدا بىرەر رىسالە يېزىپ داڭق

① 19 ـ ئەسىردە ئۆتكەن مەشھۇر ساتىرىك شائىر. «يامان ئات ھەققىدە قىسسە» نىڭ ئاپتورى.

چىقارغانلىرىلا قىسقىچە تونۇشتۇرۇلدى. ئۇستازلارنىڭ قىممەتلىك پىكىر مەسلىھەتلىرىنى ئايىماي بېرىشلىرىنى ئۈمىد قىلىمەن.

— ئىسمەتۇللانىڭ رىسالىگە كىرگۈزگەنلىرى ۋە ئۇلارنىڭ ئورنى مۇۋاپىق بوپتۇ. يازمىلىرى ئېنىق، مەنتىقىلىقى كۈچلۈك ھەم راۋان چىقىپتۇ. ئەمدى يەنە پالانىنى كىرگۈزەيلى، پوكۇننى كىرگۈزەيلى دېسەك، بۇ كىتابنىڭ شۆھرىتى تۆۋەنلەپ كېتىدۇ، — دېدى مۇبارەكشاھ «تەۋارىخى مۇسقىيۇن» نىڭ ئورىگىنالىنى ۋاراقلاۋېتىپ.

— يەنە رىۋايەت تۈسىنى ئالسىمۇ تۆۋەندىكىلەرنى قىستۇرۇپ قويۇش زۆرۈر، دەپ قارايمەن، — دېدى قادىر قالۇن ئالدىدىكى چايدىن بىر يۇتۇم ئوتلاپ، — نەينى جەمشىت پادىشاھنىڭ مەشھۇر خوتۇنى مەلىكە دىلسۇز كەشىپ قىلغان. سۇناينى ئاۋۋال كەيقباد شاھنىڭ لەشكەرلىرى ئارىسىدا ئەردىشىر ئاتلىق بىر كىشى بۇغا مۈڭگۈزىدە ياساپ چالغان. نوشىرۋاننىڭ زامانىسىدا ياغاچتا سۇناي ياساپ چالغان، داپنى سۇلايمان ئەلەيھىسسالامغا دىۋىلەر ياساپ بەرگەن. ناغرا ئىسكەندەر زۇلقەرنەيىن زامانىسىدا كەشىپ بولغان.

ئىسمەتۇللا مۆجىزىنىڭ بۇ ئەسىرى توغرىسىدىكى سۆھبەت ئاخىرىدا شېئىر ئوقۇش، مۇقام ئېيتىشقا ئۆزگەردى. مۇھەممەد تۆمۈر قاراقاشى ئىسمەتۇللانىڭ بۇ ئەمگىكىدىن سۆيۈنۈپ، ئۆزىنىڭ ئىلىم - مەرىپەت توغرىسىدىكى قاراشلىرىنى بايان قىلىپ، سورۇن ئەھلىگە تۆۋەندىكى شېئىرنى ھەدىيە قىلدى:



*ئىلىم بىناسى ئىرۇر ئانداغ بەند،*
*يەتمەس ئانىڭ كەڭرىسىگە كەمەند.*
*بارچە ھۈنەرگە ئىرۇر ئول تاج سەر،*
*ئوخشىمىغاي ئىلىمگە ئۆزگە ھۈنەر.*
*گەرچە مۇھسىل جىگەردىن خۇن قىلۇر،*
*ئاخىر ئانىڭ تۇپراقىنى ئالتۇن قىلۇر...*

ئارقىدىن موللا بىلال، ئىسمەتۇللا مۆجىزى، ئەخمەتشاھ قاراقاشى قاتارلىقلارمۇ ھەرخىل مەزمۇندىكى شېئىرلىرىنى ئوقۇدى. بۇ شائىرلارنىڭ شېئىرلىرىدا مۇقامغا، ئىلىم - مەرىپەتكە بولغان چوڭقۇر مۇھەببەت، زامانىنىڭ زۇلۇمىغا بولغان كۈچلۈك نارازىلىق، كىشىلەر ئارىسىدىكى يالغانچىلىق، نادانلىق، كۆرەلمەسلىك قاتارلىق ناچار ئىللەتلەرگە بولغان نەپرەت، شۇنىڭدەك كەلگۈسىگە بولغان ئىشەنچ ئىپادىلەنگەنىدى.

ئەمدى قادىر قالۇن، ئىسمەتۇللا مۆجىزىلەر قوللىرىغا قالۇن، تەمبۇرلىرىنى ئېلىپ «چەبىيات» مۇقامىغا چېلىپ ناخشا ئوقۇدى. شېئىرنىڭ باشلانمىسى مۇنداق ئىدى:

*ئەي يارانلار، كۆيتۇر كۆڭلۇم ئەرمانى،*
*مۇرادىمنى بىر ئاللادىن تىلەيمەن.*
*ھەق ئۆزىدۇر جۇملە دەردنىڭ دەرمانى،*
*رازى ئەيلەپ رەببىنادىن تىلەيمەن.*

*ئون سەككىز مىڭ ئالەم بىلەن تاغلارنى،*
*بار ئەيلىدى بۇلبۇل بىلەن زاغلارنى.*

*ئول ياراتتى ئەما بىلەن ساقلارنى،*
*گادادۇرمەن ئۇشۇل شاھتىن تىلەيمەن.*

بۇ خوتەننىڭ تازا سوغۇق بولىدىغان 12 ـ ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرى بولۇپ، سىرتتا قار لەپىلدەپ ياغماقتا ئىدى. «توزغاق كوچىسى» دىكى جىمى كىشىلەر شېرىن ئۇيقۇغا كەتكەن بولۇپ، پەقەت ئىسمەتۇللانىڭ ئۆيىدىن ياڭرىغان بۇ ناخشا ـ كۈي، پاكىزە قار ئۇچقۇنلىرى بىلەن بىرلىشىپ تۇمانلىق ھاۋا بوشلۇقىغا، قار بىلەن ئورالغان ئانا تۇپراققا سىڭمەكتە ئىدى. ئىسمەتۇللا تۆت يىلدىن بۇيانقى ئېغىر هاردۇقىنى چىقىرىش، مۇۋەپپەقىيەتلىك تاماملىغان ئىشىنى تەبرىكلەش ئۈچۈن بولسا كېرەك، قولىدىكى نەقىشلىق تەمبۇرنى ئۆزىنى ئۇنتۇغان ھالدا سايراتماقتا ئىدى. تەمبۇرنىڭ تارلىرىمۇ ئۇنىڭ يۈرىكى، پۈتۈن جىسمى ۋە داۋالغۇپ تۇرغان ھېسسىياتىغا تەڭكەش بولغاندەك تىترىمەكتە ئىدى. يۈرەكلەرنى ئېزىدىغان بۇ مۇقام، شۇ كېچىسى غەمگە پاتقان پۈتۈن شەھەرنى بىر كېچە ئۇخلاتمىدى.

## 5

ئىسمەتۇللا مۆجىزى بۈگۈن دادىسىنىڭ دېگەنلىرى ھەم قادىر قالۇن قاتارلىق ئۇستازلىرىنىڭ مەسلىھەتى بويىچە «تەۋارىخى مۇسىقىيۇن» غا زۆرۈر قىستۇرمىلارنى يېزىپ ئولتۇرۇپ، بىر نەرسىنىڭ كەملىكىنى ھېس قىلىپ قالدى. ئۇ بولسىمۇ، رىسالىنى يېزىشنىڭ سەۋەبى نېمە، قايسى



ۋاقىتتا، كىم تەرىپىدىن يېزىلدى؟... ئۆزىنىڭ بۇ رىسالىنى ئوقۇغۇچىلاردىن ئۆتۈنۈشى نېمە؟ ئۇ بۇلارنىمۇ يېزىشى لازىم ئىدى.

كلاسسىكلارنىڭ ئەنئەنىۋى ئادىتى بويىچە ئاخىرىنى نەزمە بىلەن چۈشۈرۈپ، ئەسەر يېزىلغان ۋاقىتنى ئەبجەت ھېسابى ئارقىلىق يوشۇرۇن ئىپادىلەشكە بولاتتى: «شۇنداق يازسام بولغۇدەك، بېشىدا شېئىرىي مۇناجات بولغاندىكىن، يۇقىرىقى مەزمۇنلارنى شېئىر ئارقىلىق خاتىمە قىلسام، ئەسەرنىڭ تۈزۈلۈشى مۇكەممەل ۋە باش ـ ئاخىرى ماسلاشقۇدەك»

ئۇ شۇلارنى ئويلىدى ـ دە، ئاخىرىغا تۆۋەندىكىلەرنى دانە ـ دانە يازدى:

*خۇدايىمغا يۈز مىڭ سانا ۋە تەشەككۇر،*
*يەنە ئۇنىڭغا چەكسىز ھەمىد ۋە شۈكۈر.*
*ئەلىشىر ھېكىمبەگكە ئەمەل بەردى،*
*ئۇنى خوتەن خەلقىگە پادىشاھ قىلدى.*
*ئۇ مېنى بۇ شاھ دەۋرىدە تۆرەلدۇردى،*
*بېشىمغا كۈلا، ئۈستۈمگە جەندە كىيگۈزدى.*
*زامانە ئادالەتلىك شۇ قەدەر،*
*بۆرە ھەم قويلارغا باج تۆلەر.*
*ماڭا ئەمر بولدىكىن تارىخنى يازغىن،*
*قولۇڭغا دۇۋۇەت ۋە قەلەمنى ئالغىن.*
*مەن بۇ ئەمرگە ئىتائەت قىلدىم،*
*شېرىن سۆزلەرنى يىغىپ جەم قىلدىم.*
*نەغمىچى، ھەقىقەت، رىسالىلار بولسا،*

تارىخ ئېتى بار كىتابلار بولسا.
يىغىپ تۈزدۈم بۇ تارىخنى مەن،
ياخشى دېگەي بۇنى ئوقۇپ ئەھلى خوتەن.
بولسىمۇ ئەقلىم قىسقا، بوي‌يۇم پاكار،
خوتەنلىككە قىلدىم بۇنى يادىكار.
سەۋەب بولدى بۇنىڭغا ئەلىشىر ھېكىم،
كۆپ ئەجرى بەرگەي ئاڭا ئاللا كەرىم.
ئوقۇپ ئاڭلىغانغا بۇدۇر ئىلتىجا:
ئەلىشىر ھېكىمگە قىلىڭلار دۇئا.
يەنە مېنىمۇ تۇتۇڭلار ئەستە،
سېخىي ئۆلسە بولار ئورنى جەننەتتە.
تارىخنىڭ پۈتۈلگەن ۋاقتىنى تارىخىن دېدىم،
بىلمەسمىكىن دەپ بەكمۇ غەم يېدىم.
تۈگەت سۆزنى مۆجىزى غېرىب بىناۋا،
باشقىچە ئىش تۇت، كىم ئۇلۇغ يولغا.

تامام. 1721 ـ يىلى (ھىجرىيە)

ئۇ ئۆزىنى شۇنچىلىك ۋە خۇشال ھېس قىلماقتا ئىدى. چۇنكى، تۆت يىللىق ئەجرىنىڭ ئەڭ ئاخىرقى قۇرلىرى يېزىلىپ بولغانىدى. ئەگەر هازىر 2 ـ ئاي بولماي 5 ـ، 6 ـ ئاي، «توزغاق كوچىسى» دىكى ئۆي بولماي، يايلىغاننىڭ كەڭرى دالاسى، يېشىل ئوت ـ چۆپلەر مەخمەلدەك يېيىلىپ ياتقان يايلاق بولغان بولسا، ئۇ ناخشا ئوقۇپ، سەكرەپ، سۇپسۇزۇك بۇلاق سۇلىرىنى ھۇزۇرلىنىپ ئىچىپ يايرىغان بولاتتى. ئۇ بالىلىق چاغلىرىدا



بىرەر پارچە شېئىر يازالىسا، تەمبۇرنى بىرەر يېڭى ئاھاڭغا چېلىشنى ئۆگىنىۋالسا كېچىسىمۇ ئۇيقۇسى كەلمەي، ئەتىسى ئاشۇ چۆپلۈكلەرگە يۈگۈرۈپ بېرىپ يازغان شېئىرىنى ئوقۇيتتى. ئۆگىنىۋالغان ئاھاڭغا قوللىرىنىڭ تېلىپ، قاپىرىپ كەتكىنىنىمۇ بىلمەي تەمبۇرنى سايرىتاتتى. ئۇ كىتابىنىڭ ئاخىرىغا يازغان بۇ شېئىرىدىن ئوبدانلا رازى بولدى. بولۇپمۇ: «تارىخنىڭ پۈتۈلگەن ۋاقتىن تارىخىن دېدىم» دېگەن مىسرادىكى «تارىخىن» سۆزىگە ئەبجەت ھېسابى بويىچە ھىجرىيە 1271 ـ يىلىنى ئۇستىلىق بىلەن ئورۇنلاشتۇرغانلىقىدىن خۇشال ئىدى.

ئىسمەتۇللا مۆجىزى بۇ ئەسىرىنى ئۆز قەلىمى بىلەن چىرايلىق ئۈچ نۇسخا كۆچۈرۈپ چىقتى. بىرىنچى ۋارىقىنىڭ ئوتتۇرىسىغا يوغان ھۆسنخەت قىلىپ: «تەۋارىخى مۇسقىيۇن» دېگەن ئىسمىنى يازدى. ئۇنىڭ ئاستىغا كىچىكرەك قىلىپ: «موللا ئىسمەتۇللا بىننى موللا نېمەتۇللا مۆجىزى» دېگەن خەتنى يازدى. ئۇ ئۈچ نۇسخا ئەسەرنىڭ بىرىنى ئەلىشىر ھېكىمبەگ ئائىلىرىغا سوۋغا قىلىشنى، بىرىنى دادىسىغا بېرىشنى، بىرىنى ئۆزى ساقلاپ قويۇشنى ئويلىدى. شۇنداق قىلىپ، تۆت يىلدىن ئارتۇق ئىزدىنىش ئارقىلىق ئۆز دەۋرى ئۈچۈن مۇقام ئۇستازلىرى ۋە مۇقام تارىخى سىستېمىلىق خاتىرىلەنگەن بىردىنبىر يېگانە ئەسەر قولدىن چىقىپ، بۇ پەن توغرىسىدىكى بىر بوشلۇق تولدۇرۇلدى. ئەمدى ئۇ بىر خاسىيەتلىك كۈننى تاللاپ ئۇنى ئەلىشىر ھېكىمبەگكە سوۋغا قىلسا بولاتتى.

ئىككى ھەپتىدىن كېيىن ئىسمەتۇللا مۆجىزى بۇ مۇبارەك كىتابنى ئەلىشىر ھېكىمبەگكە سوۋغا قىلدى.

ئەلشىرھېكىمبەگ پۈتۈن ئوردىنىڭ ئەمىر، بەگ، مەنسەپدارلىرى قاتناشقان كاتتا سورۇندا ئىسمەتۇللانى ئەڭ تۆرگە ـ ئۆز يېنىغا تەكلىپ قىلدى. پەستە لەشكەر بېشى، قازى رەئىس، شەيخۇل ئىسلام، قازى لەشكەر ۋە باشقا دىۋان بېگى، مىرزا بېشى، توقسابالار قول باغلاپ، باش ئېگىپ تۇرۇشتى.

ئەلشىر ھېكىمبەگ ھەممەيلەنگە تەكشى قاراپ چىقتى. بۈگۈن ئۇنىڭ سۇرلۇك چىرايىدا كەمدىن ـ كەم كۆرۈلىدىغان تەبەسسۇم جىلۋە قىلىپ تۇراتتى. ئۇ «تەۋارىخى مۇسقىيۇن» غا رازىمەنلىك، سۆيۈنۈش بىلەن قاراپ قويغاندىن كېيىن شۇنداق دېدى:

— بۈگۈن يۇرت پۇقرالىرىنىڭ ئەھۋالى ۋە تۆۋەندىن كەلگەن ئەرز ـ شىكايەتلەر قوبۇل قىلىنمايدۇ. بۈگۈن پەقەت ئىسمەتۇللا مىرزا مېنىڭ ئەمرىمگە بىنائەن يېزىپ چىققان مانا بۇ «تەۋارىخى مۇسقىيۇن» ناملىق كىتابنى قۇتلۇقلايمىز. ئىسمەتۇللا مىرزا بىر قانچە يىل تەر تۆكۈپ، يۇرت ـ يۇرتلارغا بېرىپ تەكشۈرۈپ، مول ماتېرىيال كۆرۈپ، ئاخىرى مۇزىكا ئۇستازلىرىنىڭ تارىخى يېزىلغان بۇ ئەسەرنى پۈتتۈرۈپ مېنىڭ ئەمرىمنى ئورۇنلىدى. ياراتقان ئاللاتائالا ئۇنىڭ تېنىنى سالامەت، زېھنىنى تېخىمۇ زىيادە قىلغاي!

— ئاللاتائالانىڭ شەپقىتى ۋە ھاكىمبەگ ئالىيلىرىنىڭ مەرھەمىتىدە كەمىنە بۇ ئاددىي رىسالىنى پۈتتۈرۈپ، ئۆزلىرىگە سوۋغا قىلغانلىقىم، مەن ئۈچۈن زور شەرەپ، ئەگەر ھاكىمبەگ ئالىيلىرى ئەمر قىلمىغان بولسا، مەندەك بىر كىشىنىڭ بۇنى يېزىپ چىقىشقا جۈرئەت قىلمىقىم تەس



ئىدى. ھاكىمبەگ ئالىيلىرىنىڭ غەمخورلۇقى بىلەن خوتەن دىيارىدىكى ئالىم ـ ئۆلىمالار يەنە كۆپلىگەن ئەسەرلەرنى ئىجاد قىلغۇسى، — دېدى ئىسمەتۇللا سالام بىلەن.

— دۇرۇس سۆزلىدىڭ! — دېدى ئەلشىر ھېكىمبەگ، ـ خوتەن ئېلىدە ئالىم ـ ئۆلىما، نەغمىچى، سازەندىلەر كۆپ. ئۇلار ئۆزىنىڭ بارلىقىنى ئۆزىنىڭ ئىجادىيىتىگە بېغىشلىغان ئېسىل ئادەملەردۇر. مەن ئۇلارنى ھەر ۋاقىت قوللايمەن. ئۇلارنىڭ ئىجاد ئەتكەنلىرى خەلقىمىزنىڭ بايلىقى. ئەدەبىيات ـ سەنئىتى يوق مىللەت، مىللەت بولالمايدۇ. ئالىم ـ ئۆلىماسى، سازەندىسى يوق يۇرت، تولىمۇ بىچارە، خاراب ۋە زەبۇندۇر. سەن ئاللاتائالانىڭ مەرھەمىتى بىلەن بۇ ئەسەرنى يېزىپ چىقتىڭ. شۇ تاپتا شائىر خۇسرەۋ دېھلىۋىنىڭ مۇنۇ مىسرالىرى ئېسىمگە كېلىۋاتىدۇ:

*ئادەمنىڭ شەرىپى ئىلىمنىڭ مولى،*
*كىمكى دانا بولسا مەن ئۇنىڭ قولى.*
*كىم مەنسەپ قوغلاشتى، ئىلمى بولمىدى،*
*ھاجەتخانا ئۇنداق مەنسەپنىڭ يولى.*
*بېشىدا دەستار ۋە ئۇستىدە زەر تون*
*بولسىمۇ، ئىلىمدە يۆيۈلدى قولى.*

ئۇ شېئىرنى ئوقۇپ بولۇپ، ئالدىدا قول باغلاپ تۇرغان، ئۇستۇۋېشىغا بىرىدىن ـ بىرى ئېسىل ئەمەلدارلىق كىيىملىرىنى كىيگەن مەھرەملەرگە نەزىرىنى ئاغدۇردى. ئۇنىڭ كۆزى ئۆمىرىنىڭ تەڭدىن تولىسىنى ئوردىدا مىرزا

بېشى بولۇپ ئۆتكۈزگەن قۇتبىدىن مىرزىغا چۈشتى. شۇ ۋاقىتنىڭ ئۆزىدە گەپ - سۆزگە، يۈرۈش - تۇرۇشقا ئالاھىدە ئېتىبار بىلەن قارايدىغان، ئەتراپىدىن خۇشامەت سۆزلىرىنى قار - يامغۇردەك ياغدۇرۇپ كېتەلمەيدىغان بۇ مۆتىۋەر، ئۇنىڭ كۆزىگە گويا بىر مۇردا، ياكى بىر سايە بولۇپ كۆرۈندى. قۇتبىدىن مىرزا ئاۋالقىدەكلا بىئارام ئىدى. ئۇنىڭچە بولسا، ئىسمەتۇللانى كۆرەر كۆزى يوق ئىدى. ئىسمەتۇللانىڭ بۇنداق كىتابنى يېزىپ ھاكىمبەگكە سوۋغا قىلىشىنى تېخىمۇ خالىمايتتى. ئۇ بۇ كىتابتىن بىر نېمىلەرنى قىلىپ قۇسۇر تېپىپ، ھاكىمبەگكە مەلۇم قىلىپ، ئۇنى كۆزدىن يوقىتىشنى ئويلايتتى.

— ئىسمەتۇللا مىرزا، — دېدى ئەلىشىر ھېكىمبەگ ئاۋازىنى كۆتۈرۈپ، پەرمان سىياقىدا ھەممەيلەنگە تەكشى قاراپ، - بۇ ئەسىرى بىلەن بۇ غېرىب پەننىڭ تارىخىنى يېزىپ، كاتتا خاسىيەتلىك ئىش قىلدى. ھەقىقەتەن ئۆز تەخەللۇسىغا لايىق بىر مۆجىزە ياراتتى. شۇڭا ئۇ بىر ئات بىلەن تارتۇقلانسۇن، ئۇستىۋېشىغا زەر تون يېپىلسۇن!

ئۇ تەختتىن چۈشۈپ ئىسمەتۇللاغا ئۆز قولى بىلەن تون كىيگۈزدى، بېلىگە پوتا باغلىدى.

— ھاكىمبەگ ئالىيلىرى دانادۇر!

پەستە قاتارىسىغا تۇرۇشقان بەگلەر مەدھىيە سۆزلىرىنى ئايىماي تۆكتى.

— ھاكىمبەگ ئالىيلىرىنىڭ شەپقىتىگە رەھمەت! — دېدى ئىسمەتۇللا تەزىم بەجا كەلتۈرۈپ، — ئۆزلىرىدەك شەپقەتلىك، مەرىپەتپەرۋەر، خەلق سۆيەر زاتنى بىزگە باش قىلغان ئۇلۇغ ئاللاتائالاغا يۈز مىڭ تەشەككۈر!



ئىسمەتۇللا شۇ كۈنى ئوردىدىن تارتۇقلىغان قاردەك ئاپئاق ئاتقا مىنىپ ئۆيىگە قايتىپ كەلدى. بۇ ۋەقە تېزلىكتە پۈتۈن خوتەن ئېلىگە پۇركەتتى. چايخانا، ناۋايخانا، ئاشخانىلاردا، شەھەرنىڭ كوچا، دوقمۇشلىرىدا، مەدرىسىلەردە، سەھرانىڭ بۇلۇڭ - پۇچقاقلىرىدا كىشىلەر ئىسمەتۇللانىڭ كاتتا ئەمگىكى، ئەلىشىر ھېكىمبەگنىڭ مەرىپەتپەرۋەرلىكى، ئىسمەتۇللانى قانداق تارتۇقلىغانلىقى ھەققىدە پاراڭ سېلىشىپ يۈردى. مۆجىزى پۈتۈن خوتەن ئېلىدىكى ئىلىم خۇمار كىشىلەر ئىزدەيدىغان، چوقۇنىدىغان كىشىگە ئايلاندى. ئۇ ئۆزىنىڭ بۇنداق كاتتا ھۆرمەتكە ئېرىشكەنلىكىدىن خىجىل بولۇپ ئۆزىنى قويىدىغان يەر تاپالماي قالاتتى: «ئەسلى مۇنداق ھۆرمەت ماڭا مۇناسىپ كەلمەيتتى، ئەمدى تېخىمۇ بېسىم بولدى. خەلقىمگە چوقۇم ئۇلار رازى بولغۇدەك، ئۆزۈمنىڭ يۈزىنى يورۇق قىلىدىغان ئەسەرلىرىم ئارقىلىق جاۋاب قايتۇرىمەن. خۇدا خالىسا چوقۇم شۇنداق قىلىمەن!» ئۇ شۇلارنى ئويلىغاندىن كېيىن ئابدۇراخمان جامىنىڭ تۆۋەندىكى شېئىرىنى ئوقۇدى:

*ئۆز ئەمگىكىڭ بولسۇن دائىم يولدىشىڭ،*
*ئۆزگە مىننىتىدىن ئاغرىتما بېشىڭ.*
*كۆڭلىرىڭ ئۆتىسىمۇ تېرىپ دۇر - ھېكمەت.*

*كۆڭۈللىرىڭ يۇتۇندۇر بولسا ھۆر. مىھنەت.*

ياندىكى ئۆيدە شېئىرنى ئاڭلاپ ئولتۇرغان بەھىرنىسا ئىسمەتۇللانىڭ يېنىغا كىردى. ئۇنىڭ بۇلاقتەك كۆزلىرىدە تەسۋىرلىگۈسىز دەرىجىدىكى ئوتلۇق مۇھەببەت، خۇرسەنلىك تۆكۈلۈپ تۇراتتى.



# سەككىزىنچى باب ئەل ئارىسىدا

## 1

1859 - يىلى كۈز ئېيىنىڭ ئوتتۇرىلىرى ئىدى. ئەلىشىر ھېكىمبەگ ھەشەمەتلىك قورۇسىدا ئۆيدىن چىقماي ئولتۇرغىلى ساق ئۈچ كۈن بولدى. ئۇنىڭ سۇرلۇك قاپىقىدىن ئەيمەنگەن ئائىلى ۋە ئەتراپىدىكى خاس مۇلازىملار چىڭراق دەسسەپ مېڭىشقىمۇ جۈرئەت قىلالماي، يۈتى كۆيگەن توخۇدەك بولۇپ قېلىشقانىدى. ھېكىمبەگنىڭ قاپاقلىرى خېلىلا ئىششىغان بولۇپ، ئۇيقۇسىزلىقتىن قىزىرىپ كەتكەن كۆزلىرىنى دىققەت قىلمىسا ئېنىق كۆرگىلى بولمايتتى. پېشانىسىدە يول - يول سىزىقچىلار كۆپەيگەن، ئولتۇرۇپ - قوپقاندىكى ھەرىكەتلىرى تولىمۇ ئاستا، تىنىقلىرى ئېغىر ئىدى. مىجەزى چۇس، كەيپىياتى بىنورمال بولۇپ، ئەتراپىدىكى مۇلازىملارنى سەۋەبسىزلا قوغلاپ چىقىراتتى. ئۇنىڭ كۆڭلى ھەقىقەتەن پاراكەندە ئىدى. قاراقاشتا ھېبىبۇللا ھاجى تەرىپىدىن پارتلىغان قوزغىلاڭ تېخى تەلتۆكۈس بېسىقتۇرۇلماي تۇرۇپ، ئوردا ئىچىدىكى بىر بۆلەك ئىسيانچىلار خۇپىيانە ھەرىكەت قىلىپ ھاكىمىيەتنى تارتىۋېلىش كويىدا بولۇۋاتاتتى. ئىجتىمائىي، سىياسىي ئاپەتلەر ئازلىق قىلىۋاتقاندەك، 7 - ئايدىكى

قاراقاش ۋە يۇرۇڭقاش دەريالىرىغا كەلگەن كەلكۈن دەريا قىرغاقلىرىدىكى بەزى يەر، ئۆي - چارۋىلارنى يۇتۇۋالغان بولغاچقا، بۇ يەرلەردىكى دېھقانلار جىددىي قۇتقۇزۇۋېلىشقا موھتاج ئىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە، ھازىر ئەلىشىر ھېكىمبەگنىڭ ھەر كېچىسى دېگۈدەك چۈشى بۇزۇلۇپ، قارا باساتتى. ناسىر بەگ بىلەن ئىسمەتۇللا مىرزا بەگ چىرا، كېرىيە تەرەپلەرگە كەتكىلى ئۈتتۈز كۈندىن ئاشقان بولسىمۇ، ئۇلار ھازىرغىچە ئوردىغا قايتىپ كەلمىگەنىدى: «ھەي، مۇشۇنداق چاغدا بۇ ئىككى قانىتىمنىڭ بولمىغىنى بەكلا يامان بولدى. ئۇ ئىككىسى ھەرقانداق چاغدا ماڭا ھەمنەپەس بولاتتى. بولۇپمۇ، ئىسمەتۇللا مىرزا ھەرقانداق مۇشكۇلات ئىچىدىن ئاسانلىق تېپىپ، كۆڭلۈمنى كۆتۈرۈپ، دانا تەدبىرلەرنى كۆرسىتەتتى» دەپ ئويلىدى ئۇ.

ئەلىشىر ھېكىمبەگ مۇلازىم دەملەپ كىرگىلى خېلىلا بولغان، سوۋۇپ كەتكەن كاشكاپنى بىر يۇتۇم ئىچىپ، ئىسمەتۇللانى مىرزا بېشى قىلىپ تەيىنلىگەندىن كېيىنكى سۆھبەتنى كۆز ئالدىغا كەلتۈردى:

— ھاكىمبەگ ئالىيلىرى، مۇمكىن بولسا مەن مىرزا بېشىلىق ئەمەلنى تۇتمىسام، بۇ ئىشنى يەنىلا قۇتبىددىن مىرزا ئىشلىسە، — دېدى بىر كۈنى ئىسمەتۇللا ئۇنىڭ ھوزۇرىغا كىرىپ تەزىم بىلەن. بۇ ئىسمەتۇللانى قۇتبىددىن مىرزا بېشىنىڭ ئورنىغا تەيىنلەپ بىر ھەپتىدىن كېيىنكى ئىش ئىدى.

— ئەمرىمنى قوبۇل قىلماسلىقىڭىزنىڭ ۋەجى نېمە؟ — ئەلىشىر ھېكىمبەگ خاپا بولۇپ سورىدى. ئۇنىڭچە بولغاندا، ئىسمەتۇللا كۆپ تەشەككۇر ئېيتىپ، مەدھىيە سۆزلىرىنى



قار - يامغۇردەك ياغدۇرۇۋېتىشى كېرەك ئىدى.

— قۇتبىددىن مىرزا بېشى كۆپ يىللاردىن بۇيان يانلىرىدا خىزمەتلىرىدە بولدى. ئۇ ئەمەلخور، ئىچى تارراق ئادەم، لېكىن ئالىيلىرىغا ساداقىتى چوڭقۇر، شۇنداقتىمۇ بۇ ئىش ئۇنىڭغا ئېغىر كېلىپ، دۈشمەندىن بىرى كۆپىيىپ قالامدىكىن، دېگەن ئەندىشىدىمەن. «قۇرئان كەرىم» دە: «ياخشى ئىشقا ۋە تەقۋادارلىققا ياردەملىشىڭلار، گۇناھقا ۋە زۇلۇمغا ياردەملەشمەڭلار»① دېيىلگەن. ئەگەر قۇتبىددىن مىرزا مەن ئويلىغاندەك، ئاسىيلار بىلەن بىرلىشىپ گۇناھلىق يولغا ماڭسا، بۇنىڭغا مەن ئەيىبلىك ئالىيلىرى، — دېدى ئىسمەتۇللا.

ئەلىشىر ھېكىمبەگ ئىسمەتۇللانىڭ نېمە دېمەكچى بولغانلىقىنى چۈشەندى. ئۇنىڭ ئۆزىنىڭ نام، مەرتىۋىسىنى ئەمەس، بەلكى ئوردىنىڭ مەنپەئىتىنى ئەلا بىلگەن ئاق كۆڭۈل، شەخسىيەتسىز پەزىلىتىدىن تەسىرلەندى.

— كۆپ ئەنسىرىشىڭىز ھاجەتسىز، قۇتبىددىن مىرزا گەرچە سىز ئېيتقاندەك ئەمەلپەرەس، ئىچى تار كىشى بولسىمۇ، بۇنى قوبۇل قىلالايدۇ. ئەمدى ئۇنىڭ ئارام ئالىدىغان چېغىمۇ كېلىپ قالغان. ئۇ دادام رەھمەتلىك ھاكىمىيەت تۇتقان چاغدىمۇ مىرزا بېشى ئىدى. ئۇ ئوردىغا سادىق، ھەرگىز سىز ئويلىغاندەك بولمايدۇ، — دېدى ئەلىشىر ھېكىمبەگ.

ئىسمەتۇللا ئارتۇق سۆز قىلىشنى خالىمىدى بولغاي، ئەلىشىر ھېكىمبەگكە «رەھمەت!» دېگىنىچە، خوشلىشىپ

① 5 - سۈرە «مائىدە» 2 - ئايەت.

چىقىپ كەتتى.

— ھاكىمبەگ ئالىيلىرى، جىددىي مەلۇمات!

سىرتتىن ئەمىرلەشكەر ئالدىراش كىرىپ ئۇنىڭ خىيالىنى ئۈزۈپ قويدى. ئەلىشىر ھېكىمبەگ سوروۇن چىرايى بىلەن ئۇنىڭغا قارىدى:

— نېمە ئىش يۈز بەردى؟ دۇدۇقلىماي تېزرەك ئېيت!

— قاراقاشتىكى ئىسيانچىلارنى تىنجىتىشقا كەتكەن لەشكەرلەر قايتىپ كەلدى. ئۇلار زور تالاپەتكە ئۇچراپتۇ. ئۇلارنىڭ دېيىشىچە، قۇتبىددىن مىرزا بېشى ئاشۇلارنىڭ قوينىغا ئۆزىنى ئاتقانمىش.

— نېمە؟ قۇتبىددىن مىرزا ئاشۇ ئىسيانچىلار بىلەن بىللىمىكەن؟ — ئەلىشىر ھېكىمبەگ غەزەپ بىلەن ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى. ئۇنىڭ قىزىرىپ كەتكەن ئۇيقۇسىز كۆزلىرىدىن غەزەپ ئۇچقۇنلىرى چاقنايتتى. پۈتۈن بەدىنى تىترەيتتى. ئۇ يەنە ئاستا ئورنىدا ئولتۇردى ۋە ئەمىرلەشكەرنى چىقىپ كېتىشكە ئىشارەت قىلدى. ئۇ يەنە يالغۇز قالدى. «ئەجەب ئىش، شۇنچە يىللاردىن بۇيان بىلمىگىنىمنى، قۇتبىددىن مىرزا ئەسلى سۆڭەك بەرسە يېنىدىن كېتەلمەيدىغان، بەرمىسە چىشلەيدىغان لالما ئىت ئىكەن ئەمەسمۇ؟ ئىسمەتۇللا مىرزا توغرا دەپتىكەن. ئۇ ھەقىقەتەن دانىشمەنكەن!...» دېدى ئۇ ئۆزىگە ـ ئۆزى. ئۇ ئەمدى نۆۋەتتىكى ۋەزىيەتنى قانداق ئوڭشاش ۋە تىزگىنىنى قانداق تۇتۇپ تۇرۇش ھەققىدە ئەستايىدىل ئويلىنىشقا مەجبۇر بولدى.



## 2

ئىسمەتۇللا مۆجىزى، ناسىر بەگ قاتارلىقلار كېرىيەنىڭ ئويتوغراق يېزىسىدا تەكشۈرۈشتە ئىدى. بۇ يەردىكى دېھقانلارنىڭ تۇرمۇشىنىڭ ئېغىرلىقى، قۇرغاقچىلىق ئاپىتى سەۋەبىدىن ھوسۇلنىڭ زور دەرىجىدە كەملەپ كېتىشى، شۇنىڭدەك يەرلىك مەنسەپدار مۇسا بەگنىڭ ئالۋان ـ سېلىقىنىڭ كۆپلۈكى ئۇنىڭ يۈرىكىنى ئېچىشتۇردى. بۈگۈن ئۇلارنى بۇ يەردىكى خەلقپەرۋەر قىزىقچى شېرىن دورغا[①] ئۆيىگە مېھمانغا چاقىرغانىدى. شېرىن دورغىنىڭ ئۆيى ئويتوغراقنىڭ قاپ ئوتتۇرىسىدا گويا مۆجىزىدەك قەد كۆتۈرۈپ تۇرغان قۇم دۆۋىسى — «بۇغرا قۇم»نىڭ ئېتىكىدىكى بوستانلىقتا بولۇپ، ئازادە ھەم پاكىز، رەتلىك ئىدى. ئۇلار مېھمانخانىدىن ئورۇن ئالدى.

شېرىن دورغىنىڭ قىزىق چاقچاقلىرى، لەتىپىلىرى ئىسمەتۇللانىڭ روھىنى سەل كۆتۈرگەندەك بولدى. مېھمانلار ئالدىغا ئاۋۋال ھالۋا بىلەن نان، قىزىق چاي، ئارقىدىن گۆش بېسىلغان پولو كەلتۈرۈلدى. ئۇلار تاماقلىرىنى كۈلكە ـ چاقچاق بىلەن قانداق يەپ بولغىنىنى بىلمەيلا قېلىشتى.

شېرىن دورغا ئويناپ تۇرىدىغان كۆزلىرىدىن، شاپ بۇرۇتلىرىدىن ھەييارلىق چىقىپ تۇرىدىغان، ئوتتۇرا بوي، يۈزلىرى شامالدا قارىداپ يېرىلغان جۇشقۇن ئادەم ئىدى.

① 19 ـ ئەسىردە ياشىغان مەشھۇر قىزىقچى، ئۇنىڭ لەتىپىلىرى خەلق ئارىسىدا كەڭ تارقالغان.

ئۇ ساڭگىلاپ قالغان بۇرۇتلىرىنى ئوڭ قولى بىلەن تولغاپ كۆتۈرۈپ قويۇپ ئېغىز ئاچتى:

— داستىخىنىمىز غورىگىل بەگلىرىم، لېكىن كۆڭۈل - كۆكسىمىز دەريادەك كەڭ. نەچچە كۈن بولدى. مانا، ھېلى دەپ يۈرۈپ، بۈگۈن ھەمداستىخاندا ئولتۇرۇش نېسىپ بوپتۇ. راست گېپىمنى دېسەم، ئىسمەتۇللا مىرزا بېگىم، ئۆزلىرىنىڭ مەنسەپلىرىنى ئەمەس، بەلكى خەلق سۆيەر سازەندە، شائىرلىقلىرىنى دەپ ئۆيۈمگە چاقىردىم. بۇ خۇشامەت چېپىي ئەمەس، ھۆرمەت چېپىي.

— ئۇنداقتا مەنمۇ ئىسمەتۇللا مىرزىنىڭ باھانىسىدە بىر ۋاخ تاماق يېيىشكە مۇيەسسەر بوپتىمەن - دە، — دېدى ناسىربەگ، شېرىن دورغىنىڭ سۆزى تۈگىمەستىن.

— شۇنداق، بېگىم، ئارپىنىڭ باھانىسىدە، قارامۇق سۇ ئىچىدۇ ئەمەسمۇ؟ — دېدى شېرىن دورغا تېزلىك بىلەن.

ئۆينىڭ ئىچىنى كۈلكە قاپلىدى.

ئىسمەتۇللا قاتتىق كۈلكىدە كۆزلىرىدىن چىققان ياشلىرىنى سۈرتتى. «ئەجەب ئوچۇق - يورۇق، سەممىي ئادەمكىنا، ئۇنىڭ مەنسەپدارلارنى كۈلكە بىلەن مەسخىرە قىلىشىمۇ بىكار ئەمەسكەن» دەپ ئويلىدى - دە، ئېغىز ئاچتى:

— ئۆزلىرىنىڭ لەتىپىلىرىنى كۆپ ئاڭلىدۇق. قېنى ئۆز ئېغىزلىرىدىن ئاڭلاپ باقساق بوپتىكەن.

شېرىن دورغا مېھمانلارنىڭ ئالدىدىكى پىيالىلارغا چاي لىقلاپ قويۇپ، سۆزىنى باشلىدى:

— ئۆزلىرىمۇ ھېس قىلغانلا، بىزنىڭ مۇسابەگ



ھەددىدىن بەك ئېشىپ كەتتى، مىرزا بېگىم. ئۇ ئويتوغراق پۇقرالىرىنىڭ يىلىكىنى شوراپ بولاي دېدى. بۇلارنى بىلىپ تۇرسامىمۇ ئامالسىز، يەنە ئۇنىڭ دورغىلىقىنى قىلىمەن. «ئالە، شەھرىڭنى!» دەپ تاشلاپ بېرەي دېسەم، ئورنۇمغا باشقا بىرى كەلسە، مۇسابەگ، تەلپىكىنى ئېلىپ كەل، دېسە، بېشىنى ئېلىپ كېلىشتىن يانمايدۇ. بۇنىڭدىن ئەنسىرەيمەن. بىر ياخشى يېرى، مۇسابەگ بەك گالۋاڭ، شۇڭا چاقچاققا يۆگەپ قورساق كۆپۈكۈمنى چىقىرىۋالىمەن. بىر كۈنى ئۇ ماڭا چوڭ خەتلىك پەرمان يېزىشنى بۇيرۇدى. «يەنە شۇ پۇقرالارغا ئالۋان سالىدىغان ئىشقۇ» دەپ ئاچچىقىم تازا كەلدى. شۇنداقتىمۇ خەتنى شۇنداق چىرايلىق، كۆڭۈل قويۇپ يېزىۋاتسام، بەگ ئارقامدا قاراپ تۇرۇپ، مېنىڭ «پەشتاق» لەقىمىمنى چىشلەپ تارتىپ، خەتتىكى «پ» ھەرپىنى كۆرسىتىپ:

— بۇ «پەشتاق» تىكى «پ» مۇ؟ — دەپ سورىدى.

مەن كەينىمگە قاراپمۇ قويماي، يېزىۋاتقان ھەرپلەرنى بىرمۇ بىر كۆرسىتىپ:

— بۇ «زالىم» دىكى «ز» ، بۇ «قانخور» دىكى «ق» ، — دېدىم.

ئۆينىڭ ئۆگزىسى ئۆرۈلۈپ كەتكۈدەك كۈلكە كۆتۈرۈلدى. ئىسمەتۇللا ياشلىرىنى سۈرتكەچ:

— قېنى، مەرھەمەت قىلىپ يەنە بىر نەچچىنى ئېيتىپ بەرسىلە، — دېدى.

— ھەر قايسىلىرىنىڭ كۆڭۈللىرى ئېچىلىدىغان ئىش بولسىلا، باش ئۈستىگە، — دېدى شېرىن دورغا ۋە يەنە

لەتىپىنى باشلىدى:

— بىر يىلى ئەتىيازدا، دېھقانلار يېڭى ئاشلىقلا ئۇلىشىشىنىڭ غېمىدە جان تالىشىۋاتسا، بەگ مېنى ئەگەشتۈرۈپ ئالۋان يىغىشقا ئېلىپ باردى. بۇ ئىشقا قاتتىق قورسىقىم كۆيۈپ كېلىۋاتسام، بەگ:

— سەن مەندەك بەگلەر بىلەن بىر يولدا ماڭغاندا، ئۇششاق - چۈششەك ئىشلارغا نەزەر سالما، كەينىمدىن ئەگىشىپلا ماڭ، بولمىسا سۆپەتكە تەسىر يېتىدۇ، دەپ قاتتىق ئاگاھلاندۇرۇپ، ئۆزى ئاتقا مىنىپ ماڭدى. مەن ئۇنىڭ كەينىدىن بۇغداي ئارتىلغان ئېشەكنى ھەيدەپ كېتىۋېتىپ قارىسام، تاغارنىڭ بۇرجىكىدىن بۇغداي چۈشكىلى تۇرۇپتۇ، كۆرمەسكە سېلىپ بەخىرامان مېڭىۋەردىم. بەگنىڭ ئۆيى ئالدىغا كەلگەندە، بەگ ئاتتىن چۈشۈپ، يۈكسىز ئېشەكنى تۇتۇپ تۇرغىنىمنى كۆرۈپ، كۆزلىرىنى چەكچەيتىپ بۇغداينى سورىدى، يولدىكى ئەھۋالنى مەلۇم قىلسام، نېمىشقا ۋاقتىدا ئامال قىلمىدىڭ؟ دەپ غەزەپ بىلەن ۋارقىرىدى. مەن، سۆپەتلىرىگە تەسىر يېتىشتىن ئەنسىرەپ، ئۇنداق ئۇششاق - چۈششەك ئىشلارغا نەزەر سالمىدىم، بېگىم، — دېدىم.

ئۆيدە يەنە كۈلكە كۆتۈرۈلدى. ئاخىرىدا ئىسمەتۇللا شېرىن دورغىنىڭ تەكلىپى بىلەن خوتەن خەلق ناخشىلىرىغا بىر قانچە پەدە تەمبۇر چېلىپ بەردى. ئۇلار كۈلكە، چاقچاق، ساز بىلەن خۇپتەندىن ئاشقاندا قايتىشتى.

ئىسمەتۇللا مۆجىزى، ناسىربەگ قاتارلىقلار ئويتوغراقتىكى ئىشلىرىنى تۈگىتىپ، كېرىيە بازىرى تەرەپكە قاراپ كېلىۋاتاتتى. ئويتوغراقنىڭ كەنتى ئىچىدە ئانچىكى



چىققان شامال، ئەمدى بۇ قۇملۇق يولىدا بورانغا ئۆزگەرگەن بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئات ئۈستىدە ئولتۇرۇشىمۇ، ئاتلارنىڭ قەدەم ئېلىشىمۇ خېلىلا تەسكە چۈشمەكتە ئىدى. لېكىن، ئىسمەتۇللاغا بۇ بوران تەسىر قىلغاندەك قىلمايتتى. ئۇنىڭ پىكىر - خىيالى ئاۋام پۇقرانىڭ غەم - قايغۇسىدا، ئەلىشىر ھېكىمبەگكە سۇنماقچى بولغان مەلۇماتىنىڭ مەزمۇنىدا ئىدى. ئۇ يەنە بىر ئىشتىن خۇشال ئىدى. ئۇ بولسىمۇ مۇشۇ قېتىمقى سەپىرىدە توپلىۋالغان بەش يۈز كۇپلېتتىن ئارتۇق خەلق قوشاقلىرى، مۇقامنىڭ بەزى يېڭى ۋارىيانتلىرى ئىدى. ئۇ يول بويى بۇ قوشاقلارنى ئوقۇپ، ئۇنىڭ مەزمۇنىنى ناسىر بەگكە يېشىپ بېرىپ كېلەتتى.

— بۇ قوشاقلاردىن ئاۋام پۇقرالارنىڭ كۆڭلىدىكىنى، بىزدەك مەنسەپدارلاردىن نېمىلەرنى كۈتىدىغانلىقىنى بىلگىلى بولىدىكەن. بۇ قېتىمقى سەپەر مېنى يەنە زور تەربىيىگە ئىگە قىلدى. خەلق ئاممىسى ھەقىقىي سەنئەتچى، شائىر ئىكەن بېگىم، — دېدى ئىسمەتۇللا ناسىربەگكە بۇرۇلۇپ.

— يالاڭ ئاياغ سۇدىن قورقماپتۇ دېگەندەك، ئاۋام پۇقرانىڭ تارتقۇزۇپ قويىدىغان ئەمەل - مەرتىۋىسى يوق. شۇڭا ئۇلار نېمىنى ئويلىسا، شۇنى دەيدۇ. راست گەپ قىلىدۇ، مىرزا بېگىم، - دېدى ناسىر بەگ.

— ئەسلى «تەۋارىخى مۇسىقىيۇن»نى يېزىشتىن ئاۋۋال، يۇرت - يۇرتلارغا بېرىپ تېخىمۇ چوڭقۇر تەكشۈرسەم بوپتىكەن. كىتاب تېخىمۇ ياخشى پۇتەركەن، - دېدى ئىسمەتۇللا ئۆكۈنگەن ھالدا.

— ھېلىمۇ قالتىس ئىش قىللا، ئىسمەتۇللا بېگىم.

يازغان ئۇ مۇبارەك ئەسەرلىرى ھەممىمىزنى خۇشال قىلدى. ئۆزلىرىنىڭ نام - شۆھرەتلىرىنى ئەلگە تاراتتى. ھاكىمبەگ ئالىيلىرىنىڭمۇ كاتتا مۇكاپاتىغا نائىل بولدىلا، — ئۇ ئاتىنىڭ چۇلۋۇرىنى ئىسمەتۇللا تەرەپكە تارتىپ، — باللارنى سېغىنغانلا، ھېلىمۇ بىز ئوردىدىن ئايرىلغىلى قىرىق كۇندەك بوپتۇ. قايتىدىغان چاغمۇ بولۇپ قالدى، — دېدى.

راست دېگەندەك، ئۇلار ئوردىدىن ئايرىلغىلى قىرىق كۇندىن ئاشقان بولۇپ، چىرا ۋە كېرىيەنىڭ ھەرقايسى يېزا - كەنتلىرىدە ئىككى - ئۇچ كۇندىن تۇرۇپ قالغانىدى. ئىسمەتۇللانىڭ ئولتۇرسا - قوپسا باللىرى كۆز ئالدىدىن كەتمەيتتى. بولۇپمۇ، سۆيۈملۇك ئايالى بەھرىنىسانى ھەرقېتىم ئويلىغىنىدا يۈرىكى ئېچىشاتتى: «مېنى كەچۈر، سېنى ھەقىقەتەن جاپادا قويدۇم» دەپ غايىۋانە ئەپۇ سورايتتى.

— باللارنى سېغىنمايدىغان ئىشمۇ بولارمۇ، بېگىم؟ — دېدى ئىسمەتۇللا، شۇ تاپتا ئۇنىڭ كۆز ئالدىغا يولىغا قاراپ كۆزى تۆت بولغان كۆيۈملۇك، جاپاكەش ئايالى، چوڭ ئوغلى سەيدۇللا، ئەقىللىق، شوخ قىزى ئەختەرنىسا، «خوش دادا!» دەپ بۇدرۇق قوللىرىنى پۇلاڭلىتىپ قالغان كىچىك، ئوماق قىزى ئامانىنىسالار كەلدى. ئۇ كۆز چاناقلىرىدىكى لىققىدە ياشنى سۇرتكەچ:

— پەيغەمبەر مۇھەممەت ئەلەيھىسسالام بىر ھەدىستە: «خالايىق ئىچىدىكى ئاللاغا ئەڭ ياخشى كۆرۈنگەنلەر، ئۆز بالا - چاقىلىرىغا ياخشىلىق قىلغانلاردۇر» دېگەن، تۇرسا. لېكىن، ئۆزلىرىمۇ بىلىلا، نەچچە يىلدىن بېرى ئوردىنىڭ



خىزمەتلىرى، ئاۋام پۇقرالارنىڭ غەم - غۇسسىلىرىنى دەپ ئاشۇ پەرزەنتلىرىمگە ياخشى قاراپ، تەربىيىلەپ كېتەلمىدىم. بۇ ئېغىرچىلىقلارنىڭ ھەممىسى بەھرىنىساغىلا چۇشتى، — دېدى.

— بۇلارنى ياراتقان ئاللاتائالا بىلىپ تۇرىدۇ، مىرزا بېگىم. ئۆزلىرىنىڭ بالا - چاقىلىرىغا ياخشى قارىيالمىغانلىقلىرى، ئاۋامنىڭ ئىشى ئۇچۇن بولغان تۇرسا. مۇھەممەت ئەلەيھىسسالام يەنە مۇنداق دېگەن: «مۇسۇلمانلار بىر - بىرىگە رەھىمدىل بولۇشتا، بىر - بىرى بىلەن دوستلۇشۇشتا، بىر - بىرىگە ياردەمدە بولۇشتا ئىنساننىڭ بىر پۇتۇن بەدىنىگە ئوخشايدۇ. ئىنساننىڭ بىر ئەزاسى ئاغرىسا پۇتۇن بەدەن بىئارام بولىدۇ ۋە قىزىيدۇ.» شۇنداق ئىكەن، كۆپ سانلىق پۇقرالار رىيازەت چېكىپ ئىڭراۋاتسا، سىلە، بىزدەك پۇقرانىڭ خىزمىتىنى قىلىدىغانلار قانداقمۇ ئۆيىمىزدە بالا - چاقىلىرىمىزنى ئەركىلىتىپ، ئۇلارغا قاراپ ئولتۇرالايمىز دەيلا؟ — دېدى ناسىر بەگ.

ئۇلار بۇ راست، دېگەندەك بىر - بىرىگە مەنىلىك قاراپ كۇلۇشتى - دە، دېيىشىۋالغاندەكلا ئاتلىرىغا تەڭ قامچا سالدى. ئاتلار گۇركىرەپ چىقىۋاتقان بوراننى يېرىپ چېپىپ كەتتى.

## 3

قاراقاشتا قوزغىلاڭ كۆتۈرۈپ خوتەنگە بېسىپ كىرگەن ھېبىبۇللا ھاجى (ھاجى پاشا) ناھايىتى تېز ۋاقىتتىلا خوتەندىكى مانجۇ چېرىكلىرىنى يوقىتىپ، ھاكىمىيەتنى

ئەلىشىر ھېكىمبەگدىن تارتتۇۋېلىپ ئىسلام ھاكىمىيىتىنى قۇردى. ئىسمەتۇللا مۆجىزى بۇ خەۋەرنى لوپقا كېلىپ ئاڭلاپ قاتتىق قايغۇردى. ئۇ بۇ قېتىمقى سەپەردە ئاۋام پۇقرانىڭ بىۋاستە تۇرمۇشىغا مۇناسىۋەتلىك بىر قانچە تۇرلۇك مەسىلىلەرنى ئەلىشىر ھېكىمبەگكە مەلۇم قىلىپ ھەل قىلىشنى كۆڭلىگە پۈككەنىدى. شۇنداق قىلالىغاندىلا ئۇنىڭ ھاردۇقى چىقاتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە، مۇشۇنداق ھايات ـ ماماتلىق پەيتتە، ئەلىشىر ھېكىمبەگنىڭ يېنىدا بولالمىغىنىمۇ ئۇنى قاتتىق ئازابلايتتى. ئۇ مۇشۇ ئازاب، قايغۇ ئىچىدە ئۈن ـ تىنىسىزلا «توزغاق كوچىسى» دىكى ئۆيىگە كىردى ھەم تەبىئىي ھالدا ئۆزى ئۆزۈندىن بېرى قىلغان ئارزۇسىغا يېتىپ ئوردا ئىشلىرىدىن قول ئۈزدى.

ئىسمەتۇللا مۆجىزى ئەمدى ئارامخۇدا ئولتۇرۇپ، شېئىر يېزىش، مۇقام تەتقىقاتى بىلەن شۇغۇللىنىش نىيىتىگە كەلدى. ئۇ بۇ ئارزۇسىنى ئايالى بەھرىنىساغا ئېيتتى.

— ئويلىنغانلىرى دۇرۇس بوپتۇ، بېگىم، — دېدى ئايالى ئۇنىڭ ئالدىغا چاچتەك ئىنچىكە سوزۇلغان بىر قاچا لەغمەننى قويۇپ، — سىلى ئەسلى ئوردا ئىشلىرىغا ئەمەس، ئىلىم ئىشلىرىغا خوپ كېلىلا. ئۇستاز ئوبۇلقاسىم پىردەۋسىنىڭ: «كىم يېتەكلىسە بىلىم ناملىق ئۆمۈر ئېتىنى، ئۆزى ئۆلسىمۇ ياد ئېتەر ئۇنىڭ ئېتىنى» دېگەن بېيتىنى ئوقۇغىنىم ئېسىمدە. ئاشۇ بەگ، ئامبال دېگەنلەردىن ئاۋام پۇقرا جاق تويدى. ئۇلار جاھانغا پاتماي، ئەلنى قاقشىتىپ كېرىلىپ يۈرۈشكىنى بىلەن ھەممىسى ئەمەلىيەتتە پوركۆتەكلەر، ئۇلاردىن كېيىنكى ئەۋلادلارغا



ھېچقانداق نام ـ نىشان قالمايدۇ. سىلىمۇ نەچچە يىل ئوردا خىزمىتىنى قىلدىلا، ھەر نېمە بولسا ئەلىشىر ھېكىمبەگنىڭ ئەمرى بىلەن «تەۋارىخى مۇسىقىيۇن» نى يېزىۋالدىلا، قالغان ئىشلىرىنىڭ ھەممىسى، ئاۋام پۇقرا ئۈچۈن ئاز ـ تولا ياخشىلىق قىلغاننى ھېسابقا ئالمىغاندا، پايدىسىز ئىشلار، سىلىدىن ئەنسىرەپلا يۈرەتتىم. ئەمدى ياخشى بولدى، مەن ھاللىرىدىن خەۋەر ئالىمەن. سىلى شېئىرلىرىنى يېزىپ، تەمبۇرلىرىنى چېلىپ ئولتۇرسىلا، مەن رازى.

ئۇ ئايالىنىڭ سۆزلىرىدىن شۇنداق سۆيۈندىكى، ئەگەر شۇ تاپتا باللىرى يېنىدا بولمىغان بولسا، ئۇنى باغرىغا بېسىپ قېنىپ سۆيگەن بولاتتى. ئەمدى ئۇلار نۆۋەتتىكى خوتەننىڭ ۋەزىيىتى، ھېبىبۇللا ھاجى ھاكىمىيىتى ھەققىدە پاراڭغا چۈشتى:

— مەيلى كىم ھاكىمىيەت يۈرگۈزمىسۇن، ئاۋام پۇقرانى ئويلىسا، ئۇلارنىڭ ھالىغا يېتىپ، ياخشىلىق قىلسا بولاتتىغۇ! — دېدى ئىسمەتۇللا ئۇلۇغ ـ كىچىك تىنىپ، ـ ئەلىشىر ھېكىمبەگ ئالىيلىرى بۇ جەھەتتە كۆپ ياخشى ئىشلارنى قىلغان. ئىلىم ـ مەرىپەتنى قوللاپ، ئۆلىما، سازەندىلەرگە ئالاھىدە شاپائەت قولىنى سۇنغانىدى. ھېبىبۇللا ھاجى ئاشۇنچىلىك قىلالىسا ياخشى بولاتتىغۇ!

— بۇنىڭغا ھازىرچە بىر نېمە دەپ بولمايدۇ. ھېبىبۇللا ھاجى ئىسلام ھاكىمىيىتىنى قۇردى. ئىسلام دىنى ئىلىم ـ مەرىپەت ئۆگىنىشنى تەشەببۇس قىلىدۇ. شۇنداق ئىكەن، ئىلىم ـ مەرىپەتنى قوللىسا ئەجەب ئەمەس، — دېدى ئايالى خىيالچان ھالدا.

ئارىدىن بىر يىل ئۆتتى. بۇ جەرياندا ئىسمەتۇللا

مۆجىزى ئۆيىدىن سىرتقا چىقماي، بارلىق ئىجتىمائىي ئىشلاردىن قول ئۈزۈپ، پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن ئىلمىي ئىشلارغا كىرىشىپ كەتتى. يازغان يۈز پارچىدىن ئارتۇق غەزەل، مەسنىۋى، رۇبائىي، قەسىدىلەرنى تاللاپ، ئىشلەيدىغىنىنى ئىشلەپ «دىۋانى مۆجىزى» نىڭ ئىككىنچى كىتابىنى تۈزدى. بۇ دىۋانغا كىرگۈزۈلگەن شېئىرلارنىڭ مەزمۇنى ناھايىتى كەڭ بولۇپ، ئاۋام پۇقرالارنىڭ تۇرمۇشى، ئۇلارنىڭ ئارزۇ - تەلەپلىرى راستچىللىق بىلەن ئەكس ئەتتۈرۈلگەنىدى. ئىسمەتۇللا بۇ جەرياندا يەنە، ئەبۇ نەسىر فارابىنىڭ ئەرەب تىلىدىكى «رىسالەئى مۇغەننىيۇن» ناملىق كىتابىنى زور شىجائەت، چىدام بىلەن ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قىلدى. شۇنداق كۈنلەرنىڭ بىرىدە، ھېبىبۇللا ھاجى ئۇنى ئوردىغا چاقىرتىپ، مىرزا بەگلىك مەنسىپى بېرىدىغانلىقىنى ئۇقتۇردى. لېكىن، ئىسمەتۇللا مۆجىزى ئۆزىنىڭ سالامەتلىك ئەھۋالىنىڭ ناچارلىقىنى باھانە قىلىپ چىرايلىقچە ئۆزرە ئېيتىپ قايتىپ كەلدى. ئۇ ئايالىغا بولغان ئەھۋاللارنى ۋە ئۆزىنىڭ رەت قىلىشىدىكى ئويلىغانلىرىنى ئېيتقاندىن كېيىن، شۇنداق دېدى:

— ئۇستازىم موللا بىلالنىڭ:

*دۇنيا شاھى ھەرنىچە قىلسا ۋاپا،*
*ئاقىۋەت ئۇندىن تېگەر جەبىر - جاپا.*
*كىمىكى بولسا دۇنيا شاھىغا يېقىن،*
*خالىي بولماس بىر زامان ئول قايغۇدىن.*

دېگەن مىسرالىرىنى ئوقۇغىنىم ئېسىمدە، ھېلىمۇ



ئۆزۈم خالىمايدىغان ئوردا خىزمىتىنى شۇنچە يىل ئىشلىدىم. ئەمدى يەنە شۇ ئوتنىڭ ئىچىگە كىرگۈم يوق. ئۇنىڭ ئۈستىگە قۇتبىدىن مىرزا بېشى ھازىر ھېبىبۇللا ھاجىنىڭ يېنىدا، ئۇ كۆڭلىگە نېمىلەرنى پۈكتى، بۇنى بىلىپ بولمايدۇ. ھېبىبۇللا ھاجى گەرچە ھاكىمىيەت يۈرگۈزگىلى ئۇزۇن بولمىسىمۇ، قىلغان بەزى ئىشلىرى چېكىدىن ئېشىپ كەتتى. ئۆتكەن ھەپتە خوتەندە ئولتۇرۇشلۇق تارىخان خوجا دېگەن كىشى باشچىلىقىدا بىر قانچە خوجىلار ئادەم توپلاپ ھېبىبۇللا ھاجىغا قارشى قوزغالماقچى بولغاندا، ھېبىبۇللا ھاجى سېزىپ قېلىپ بۇلاردىن قىرىق سەككىز كىشىنى ئەسكەرخانىدىكى قۇدۇققا تاشلاپتۇ. بۇ ئىش يۈرىكىمنى قاتتىق ئەزدى. گەرچە ھېبىبۇللاھاجى مەسچىت، جامائەلەرنى سالدۇرۇپ، ئاجىز - ئورۇق، يېتىم - يېسىرلارنى «قەلەندەرخانا» غا يىغىپ ئۆشرە - زاكات بىلەن باقسىمۇ، كېيىن نېمە ئىشلارنى قىلىدۇ، بۇلارنى بىلىپ يەتمەك تەس.

بۇ قەدىناس ئەر - خوتۇنلار ئۇزاق مۇڭداشتى. لېكىن، ھەر ئىككىلىسىنىڭ كۆڭلىدە: «ھېبىبۇللا ھاجى بولدى قىلارمۇ ياكى يەنە چاقىرتارمۇ؟ ئەگەر چاقىرتسا قانداق قىلغۇلۇق؟» دېگەن ئەندىشە يامغۇردىن بۇرۇنقى تۇماندەك لەيلەپ يۈرەتتى.

## 4

ئىسمەتۇللا مۆجىزى ھېبىبۇللا ھاجى ھۇزۇرىغا چاقىرتىلىپ ئىككى ئايدىن كېيىن يايلىغانغا — ئاتا -

ئانىسىنىڭ ئۆيىگە پۈتۈن ئائىلىسىنى ئېلىپ كۆچۈپ چىقتى. ئۇنىڭ مۇنداق قىلىشى، بىرى، ھاكىمىيەت ئىشىغا قەتئىي ئارىلاشماسلىق ئۈچۈن ئۆزىنى قاچۇرۇش ئۈچۈن بولسا، يەنە بىرى، ياشانغان ئاتا - ئانىسىنىڭ خىزمىتىنى قىلىپ، ھالىدىن خەۋەر ئېلىشنى مەقسەت قىلغانىدى. ئىسمەتۇللانىڭ بالا - چاقىلىرىنى كۆچۈرۈپ چىققىنىنى كۆرگەن تىللا خېنىم شۇنداق خۇشال بولدىكى، قىلغىلى قىلىق تاپالماي قالدى. ئۇ ھېلى نەۋرىلىرىنى ئەركىلىتىپ مەڭزىگە سۆيسە، ھېلى ئۇلارغا تاتلىق - تۈرۈملەرنى تۇتقۇزاتتى. ئوغلىغا ھەمدە تۆت بالىنىڭ ئانىسى بولۇپ قالغان بولسىمۇ يەنىلا گۈزەللىكىنى يوقاتمىغان، پەزىلەتلىك كېلىنى بەھىرنىساغا تويماي قارايتتى. شۇ كۈنى موللا نېمەتۇللا ئائىلىسىدە بەئەينى ھېيت بولدى. كەچلىك تاماقتىن كېيىن ئاتا - بالا ئادىتى بويىچە خوتەننىڭ ھازىرقى ۋەزىيىتى ھەققىدە پاراڭغا چۈشتى:

— ھېبىبۇللا ھاجى ھازىر شەرىئەت ئىشلىرىنى ناھايىتى چىڭ تۇتۇۋاتىدۇ: شەھەر - سەھرادىكى جىمى ئەر - ئاياللارغا شەرىئەت ئەھكاملىرىدىن تەلىم بېرىپ، شەرىئەت قائىدىلىرىنى جارى قىلىۋاتىدۇ. ئۇن ئادەمگە بىر خەلىپە بېكىتىپ، مۇسۇلمانچىلىق بويىچە سۇبھاناللانىڭ بىرلىك سۈپىتى ۋە يول - تەرىقەتلىرىنى، توقسان توققۇز پەرز ناماز، روزا، ئۆشرە - زاكات، ھەج، ئىلمىي ھەيز، ئىلمىي نەفاس قاتارلىق زۆرۈر مەسىلىلەردىن ھەممە كىشىگە تەلىم بېرىپ، ياد ئالدۇرۇپ، ياماندىن ساقلىنىشنىڭ ئالدىنى ئېلىۋاتىدۇ. ھەر جۈمە كۈنى چوڭ مەسچىتكە ئۆزىنى تەختىراۋاندا كۆتۈرگۈزۈپ بارىدۇ.



نامازغا تۇرغاندا، ئۇنىڭ كەينى ۋە يانلىرىدا ئالتىدىن ئون ئىككى ئادەم چوڭ قىلىچلىرىنى يالىڭاچلاپ، خۇددى ھازىرلا بىر كىمنى چاپىدىغاندەك تۇرىدۇ. نامازدا رۇكۇ - سۇجۇت قىلمايدۇ، بەلكى ئىما - ئىشارەت بىلەن ئوقۇسا كېرەك. ئۇ گەرچە ئىسلام ھاكىمىيىتىنى قۇرسىمۇ، خەلق ھىمايە قىلسىمۇ، يەنىلا شۇنچىلىك ئېھتىيات قىلىۋاتىدۇ. بۇلاردىن قارىغاندا، يەنىلا پادىشاھ، ئامباللارغا قارىغاندا، پۇقرالارنىڭ تۇرمۇشى غورىگىل بولسىمۇ خاتىرجەم ئۆتىدىكەن، دادا. شۇڭا، ھاكىمىيەت ئىشلىرىدىن قەتئىي قول ئۈزۈپ سىزنىڭ خىزمىتىڭىزنى قىلاي، ئەل ئارىسىدا تارقىلىپ يۈرگەن ئاھاڭ - مۇقاملارنى توپلاي، دېگەن يەرگە كەلدىم، — دېدى ئىسمەتۇللا دادىسىغا.

— ناھايىتى ياخشى ئويلاپسەن، بالام. بىر سازەندىگە نىسبەتەن مۇزىكا ئۇنىڭ جېنىدىنمۇ ئەزىز بولۇشى زۆرۈر. شۇنداقلا ئۇ مۇزىكىنى ئۆز خەلقىدىن ھەر دائىم ئۆگىنەمەك كېرەك. خەلق بارلىق ئىلىمنىڭ قۇرىماس بۇلىقى. سازەندە پەقەت ئۆز مۇزىكىسى بىلەن، بولۇپمۇ خەلقى ئارىسىغا تارىغان ناخشا - كۈيلىرى بىلەن مەڭگۇ قەدىرلىنىدۇ. نامى ئەۋلادمۇ ئەۋلاد يادلىنىدۇ، — دېدى موللا نېمەتۇللا.

بۇ چاغدا پۈتۈن يايلىغاندىكى كىشلەر شېرىن ئۇيقۇغا كەتكەن بولۇپ، ھەممىسى تۇرمۇش غەملىرىنى ۋاقىتلىق ئۇنتۇپ، تاتلىق چۈشلەرنى كۆرمەكتە ئىدى. ھەتتا پۈتۈن كائىنات ئۇخلاۋاتقاندەك، شۇنچىلىك تىپتىنچ ھەم ئېغىر ئىدى. ئىتلارنىڭ ھاۋشىشلىرى، قوي - كاللارنىڭ مەرەشلىرى، توخۇلارنىڭ چىللاشلىرىمۇ ئاڭلانمايتتى. پەقەت قەلبىدە مۇزىكىغا بولغان ئوتلۇق ئىشتىياق، شېئىرىيەتكە

بولغان قايناق مۇھەببەت خۇددى 8 - ئايدا يۇرۇڭقاش دەرياسىغا كەلگەن كەلكۈندەك ئۆركەشلەۋاتقان بۇ ئاتا - بالا ئۆلىمالار ئويغاق ئىدى. ئۇلارنى ئىلىم ئىشقى، ئەل غەملىرى پات ئۇخلىتىدىغاندەك قىلمايتتى.

ئىسمەتۇللا يايلىغانغا چىققان نەچچە ئايدىن بۇيان ئېتىز - ئېرىق ئىشلىرىغا ياردەملەشكەچ، رېئال تېمىلارغا بېغىشلانغان بىر قانچە پارچە شېئىر يازدى ھەمدە يازغانلىرىنى ئاھاڭغا سېلىپ تەمبۇر بىلەن ئوقۇدى. ئۇنىڭ بۇ شېئىر - ناخشىلىرى، ئاھاڭلىرى تېزلا ئەل - ئارىسىغا تارقىلىپ، خۇددى قۇمغا سىڭگەن سۇدەك سىڭىپلا كەتتى. نەغمىچى - سازەندىلەر بۇ ناخشىلارنى ئەتە - ئاخشاملىرى سورۇنلاردا ئوقۇيتتى، ئاۋام خەلق بۇ ناخشىلارنى ياقتۇرۇپ ئاڭلايتتى.

ئىسمەتۇللا مۆجىزى گەرچە بۇ ۋاقىتتا ئوردا ئىشلىرىنى تەرك ئەتكەن بولسىمۇ، لېكىن ئاۋام پۇقرا ئۈچۈن سوقىدىغان يۈرىكى تېخى ھەرىكەتتىن قالمىغانىدى. شۇڭا، ھەردائىم ھېبىبۇللا ھاجى ھاكىمىيىتىنىڭ يۈرگۈزگەن سىياسەتلىرىگە ئالاھىدە دىققەت قىلىپ، شەھەر تەرەپتىن چىققان خەۋەرلەرنى قىزىقىپ ئاڭلايتتى. ھېبىبۇللا ھاجى ھاكىمىيەت يۈرگۈزگەن قىسقىغىنا ئىككى يىلدا جەمئىيەتنىڭ قانۇن - تۈزۈم، ئەخلاقىدا زور يېڭىلىنىشلارنى بارلىققا كەلتۈردى.

ئۇ خوتەن شەھىرىدىكى سېپىللارنى يېڭىلاپ سوقتۇرۇپ، تۆت تەرەپكە تۆت دەرۋازىنى بېكىتتى. بۇتخانىلارنى چاقتۇرۇپ، ئورنىغا مەسچىت - جامائەلەرنى سالدۇردى. لېكىن، ئاۋام پۇقرالارنىڭ تۇرمۇشىدا



يېڭىلىنىش بولۇشىنىڭ ئورنىغا، ئەكسىچە چېكىنىش بولدى. ئۇ ئەدەبىيات - سەنئەت ئىشلىرىغا ئەلىشىر ھېكىمبەگدەك كۆڭۈل بۆلمىگەنىدى. ئىسمەتۇللا مۆجىزى بۇلارنى ئويلىسا كۆڭلى قاتتىق يېرىم بولۇپ، گېلىدىن تاماقمۇ ئۆتمەيتتى. «خەلقنىڭ تۇرمۇشى پەقەت يېتىم - يېسىر، غېرىب - غۇرۋا، ئاجىز تۇل خوتۇنلارغا خەير - ئېھسان قىلىش، شەرىئەت ئەھكاملىرىدىن ساۋاق بېرىش بىلەن ياخشىلىنىپ كەتمەيدۇ. مۇھىمى، ئۇلارنىڭ ئۈستىدىكى ئالۋان - سېلىقنى يەڭگىللىتىش، ئۇلارنىڭ ھالىغا يېتىپ، ئۇلار تەقەززا بولۇۋاتقان ئەمەلىي ئىشلارنى قىلىپ بېرىش لازىم ئىدى. ئەپسۇس، ھېبىبۇللا ھاجى ئۇنداق قىلالمايۋاتىدۇ» دەپ ھەسرەت چېكەتتى. بىر كۈنى موللا نېمەتۇللا شەھەردىن قورقۇنچلۇق خەۋەر ئېلىپ چىقتى:

— بىر دېھقان سەھرادا بىر كەتمەن ئوغرىلاپتىكەن، ھاجى پاششاھ (ھېبىبۇللا ھاجىنى شۇنداق دەپمۇ ئاتايتتى) ئۇنى ئىقرار قىلدۇرۇپ، بۈگۈن جۈمە نامىزىدىن كېيىن بىر چوڭ توپنى[1] يەرگە كۆمۈپ، ئاغزىنى ئۈستۈن قىلىپ دورا سېلىپ پۇختا ئېتىپ، ھېلىقى دېھقاننى توپنىڭ ئاغزىدا ئولتۇرغۇزۇپ، دورىغا ئوت تۇتاشتۇردى. بۇنىڭ بىلەن، توپ پارتلاپ ئۇ كىشىنىڭ بەدىنى تۆت پارچە بولۇپ ھاۋاغا ئۇچۇپ يەنە يەرگە چۈشتى. بۇنى كۆرگەن خالايىقنىڭ قورقۇپ يۈرەكلىرى لەرزىگە كەلدى. مەن قاراشقىمۇ پېتىنالماي كۆزۈمنى ئېتىۋالدىم.

ئىسمەتۇللانىڭ كۆز ئالدى قاراڭغۇلاشتى. ئۇ گويا ئاشۇ

[1] يەرلىك زەمبىرەك.

تۆت پارچە بولۇپ كەتكەن ئادەم بەدىنىنىڭ ئارىسىدا قالغاندەك، يۈرەك سوقۇشى تېزلىشىپ، ئۆپكىسى ئېغىزىغا كەپلىشىپ قالغاندەك قاتتىق بىئارام بولدى. كۆز چاناقلىرى لىققىدە ياشقا تولدى.

— ئوغرىنى جازالاش ئەلۋەتتە توغرا ئىش. لېكىن، ئىنسان قېلىپىدىن چىققان شۇنداق ۋەھشىي ئۇسۇل بىلەنمۇ جازالىغان بارمۇ؟ ئاشۇ بىچارە دېھقان بەلكى يوقسۇزلۇقتىن شۇنداق قىلغاندۇ. ئۇنىڭ بىرەر كەتمەنگە ئىگە بولالماسلىقىدا، ئاشۇ ھاجى پاششاھنىڭ مەسئۇلىيىتى يوقمۇ؟ بىر كەتمەن ئۈچۈن شۇنچىلىك ئېغىر جازا زۆرۈرمىكىنە؟ بىچارىنىڭ خوتۇن - بالىلىرى نېمە بولۇپ كەتكەندۇ؟ - دېدى ئىسمەتۇللا كۆزلىرىدىكى ياشلىرىنى سۈرتۈپ، ئازاب بىلەن ھەسرەت چېكىپ.

شۇ كۈنى ئۇ تەڭ كېچىگىچە ئۇخلىيالمىدى. ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا ھېلىقى يېشى يەتمىشلەرگە يېقىنلاشقان تەقۋادار، پەتىۋاچى، پەرھىز ئىشلىرىغا قاتتىق ئەمەل قىلىدىغان، شۇ يېشىغا كەلگۈچە تەرەتسىز يەرگە دەسسەپ باقمىغان ھېبىبۇللا ھاجى گەۋدىلەنسە، ھېلى ئۇنىڭ قولىدا ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلىنىپ قۇدۇققا تاشلانغان، ئىككى باش كۆك قوناق ئۈچۈن دارغا ئېسىلغان، بىر كەتمەن ئۈچۈن بەدىنى تۆت پارچە بولۇپ، ئېچىنىشلىق ھالدا ئۆلتۈرۈلگەن كىشىلەر كېلەتتى. شۇ كېچىسى ئۇ قايسى چاغدا ئۇيقۇغا كەتكىنىنى ئۆزىمۇ بىلەلمىدى.

ئىسمەتۇللا ئەتىسىدىن باشلاپ بىر ھەپتىدەك كۆڭلى غەش يۈردى. شېئىر يېزىپ باقتى، ساز چېلىپ، ناخشا ئوقۇدى، كىتاب كۆردى. يەنىلا ھېلىقى بەدىنى تۆت پارچە



بولغان دېھقاننىڭ ئېچىنىشلىق پاجىئەسىدىن نېرى بولالمىدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ چىرا، كېرىيە تەرەپلەرگە - ئەل ئارىسىغا بېرىپ خەلق قوشاقلىرىنى يىغىش، مۇقامنىڭ يېڭى - يېڭى ۋارىيانتلىرىنى توپلاش نىيىتىگە كېلىپ، ئائىلىسىدىكىلەر بىلەن خوشلىشىپ سەپەرگە ئاتلاندى. ئۇ مۇشۇنداق قىلسام، ھېبىبۇللا ھاجىنىڭ ئىشلىرىنى ئۇنتۇپ كېتىمەن، دەپ قارايتتى.

ئىسمەتۇللا مۆجىزى چىرىنىڭ ئىماملا يېزىسىنى زىيارەت قىلىپ، بۇ يەردىكى دوستى ھەم ساۋاقدىشى شائىر موللا قۇربان①بىلەن سىردىششىنى مۇۋاپىق كۆردى - دە، ئاۋۋال شۇ يەرگە قاراپ يول ئالدى. ئىماملا — قارا قۇرۇم تاغ تىزمىسىنىڭ ئېتىكىگە جايلاشقان بولۇپ، چىرا بازىرى بىلەن بولغان ئارىلىقى بىر يۈز يەتمىش كىلومېتىردەك كېلەتتى. شۇ سەۋەبتىن بۇ يەردىكى تاغ كىشىلىرى ئارىسىدا ساقلىنىپ قالغان خەلق قوشاقلىرى، مۇقامنىڭ ھەرخىل نۇسخىلىرىنى يىغىش تولىمۇ ئەھمىيەتلىك ئىش ئىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە 1000 - يىلى 11 - ئاينىڭ 11 - كۈنى چۆكتەرەشىد، نۆكتەرەشىد قوشۇنلىرى تەرىپىدىن مەغلۇپ قىلىنغان تۆت ئىماملىرىمنىڭ مەقبەرىسىمۇ مۇشۇ يەردە بولغانلىقى ئۈچۈن، ئۇنى تاۋاپ قىلىش تېخىمۇ زۆرۈر ئىدى.

ئىيۇل ئېيىنىڭ تونۇرنىڭ تەپتىدەك ئىسسىق ھاۋاسى بۇ تاغ يولىدىمۇ ئۆز كۈچىنى يوقاتمىغانىدى. ئالدىدا سوزۇلۇپ ياتقان ئۇزۇندىن - ئۇزۇن ئەگرى - بۈگرى، ئېگىز - پەس يول، گىياھسىز ئېگىز - پەس تۆپىلىكلەر

① 19 - ئەسىردە ياشىغان خەلقپەرۋەر شائىر.

ۋە كەڭرى كەتكەن سايلىقتىن لاۋۇلداپ ئوت ياناتتى. پەستىكى چوڭقۇرلۇقتىكى دەريادا ئېقىۋاتقان بىر ئۆستەڭ چامىسىدىكى سۇ، خۇددى ھازىرلا دەريا قىرغاقلىرىنى بۇزۇپ، ئۆزى خالىغان يەرگە ئاقىدىغاندەك كۈچلۈك ئاۋاز چىقىراتتى. پايانسىز كەتكەن تۆپىلىكنىڭ ئۇيەر-بۇيەرلىرىدە ساپسېرىق چېچەكلىگەن بابۇنە، قۇرۇپ كەتكەن كۆتەكنىڭ يانلىرىدىن ياشىرىپ ئۆسۈپ چىققان چاكاندا، چىرايلىق چېچەكلىگەن يۇلغۇن، قامغاق... قاتارلىقلار ئىسمەتۇللانىڭ يۈزلىرىگە تونۇرنىڭ تەپتىدەك ئۇرۇلغان تاغ شامىلىدا بوشقىنا تەۋرىنەتتى. ئۇ مۇشۇ ساي يولىدا ساق بىر ھەپتىدەك يول ماڭغاندىن كېيىن ئىماملىغا يېتىپ كەلدى.

— قەدەملىرىگە مۇبارەك بولسۇن، دوستۇم. قايسى شامال ئۇچۇرۇپ كەلدى ئۆزلىرىنى، مەرھابا، مەرھابا!... — موللا قۇربان شۇنداق دېگىنىچە غۇلىچىنى كەڭ ئېچىپ كەلدى. ئىككىسى قۇچاقلىشىپ كۆرۈشتى.

موللا قۇربان ئىسمەتۇللانىڭ نەچچە كۈندىن بۇيانقى سەپەردە كۆيۈپ قارىداپ كەتكەن چىرايىغا قاراپ قويۇپ سۆزىنى داۋام قىلدى:

— غېرىبانە كەپەمدە خۇددى قۇياش كۆتۈرۈلگەندەك خاسىيەتلىك، خۇشاللىق ئىش بولدى. ئېتىڭلىنىڭ تۇيىقىغا سۆيەيمۇ، سىلىنىڭ پۇتۇڭلىغا؟

موللا قۇربان ھەقىقەتەن خۇشال بولغانىدى. ئۇنىڭ ئولتۇرۇشۇپ كەتكەن كۆزلىرىدە، ئاپتاپتا كۆيۈپ، قارىداپ كەتكەن ئورۇق چىرايىدا قانچە يىلدىن بۇيان كۆرۈلۈپ باقمىغان تەبەسسۇم تۆكۈلۈپ تۇراتتى.



— بولدى، ئاغىنە، مەن سىلىنىڭ پۇتۇڭلىغا سۆيەي دەپ، بىر ھەپتە يول مېڭىپ ئاتايىن يوقلاپ كەلدىم، — دېدى ئىسمەتۇللا مۆجىزى ئۇنىڭ خۇشال كەيپىياتىدىن سۆيۈنۈپ.

موللا قۇربان تاملىرىنىڭ ئايرىم تەرەپلىرىنى تاشتىن قوپۇرغان، ئايرىم تەرەپلىرىنى يۇلغۇندىن ۋادەكلەپ ياسىغان، ئۆگزىسى ياغاچنى كېسىپ كەلگەن پېتى يېپىلغان ئاددىغىنا ئۆيىگە ئىسمەتۇللا مۆجىزىنى باشلىدى. موللا قۇرباننىڭ تۈزۈكرەك ئۆي بىساتى يوق ئىدى. لېكىن، ئۆينىڭ شەرق تەرىپىدىكى تامغا چىقىرىلغان تەكچىدە يەتمىش-سەكسەن پارچىدەك كىتاب چىرايلىق تىزىقلىق تۇراتتى. ئىسمەتۇللا مۆجىزىنىڭ كۆزى كىتابلارغا چۈشۈشى بىلەن تېنى يايراپ كەتتى. ئۆزىنى ئاددىي ئۆيدە ئەمەس، بەلكى ئىلىم دۇنياسىدا ياكى كاتتا ئۇستازلارنىڭ ھۇزۇرىدا تۇرغاندەك ھېس قىلدى. ئۇلار شۇ كۈنى كەچلىك تاماقتىن كېيىن كېچىچە مۇڭدىشىپ، شېئىر ئوقۇشۇپ، كۆڭۈل خەزىنىسىنى ئېسىل دۇردانىلەر بىلەن تولدۇردى.

ئىسمەتۇللا مۆجىزى ئابدۇقادىر بېدىلنىڭ دىۋانىنى ۋاراقلاۋېتىپ، ھاياجان بىلەن:

— نېمىدېگەن پاساھەتلىك مىسرالار-ھە! — دېگىنىچە پارس تىلىدىكى تۆۋەندىكى مىسرالارنى ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قىلىپ ئوقۇدى:

*ئۆمرۈڭدە - ھەرياندا غەرەز نەيرىڭى،*
*ياخشى، يامىنىمۇ شۇ غەرەز جىبىڭى.*
*«كاپىر ۋە دىن» دېگەننىڭ مەنىسىنى يەشسەڭ،*

*ھەممە ساز كۆيلىرى غەرەز ئاھاڭى...*

— مەزمۇنى ھەقىقەتەن تىرەن، قالتىس شېئىركەن! — دېدى موللا قۇربانمۇ ئىسمەتۇللانىڭ سۆزىنى قۇۋۋەتلەپ، — ئۇستازلارنىڭ مۇشۇنداق ئېسىل شېئىرلىرىنى ھەر قېتىم ئوقۇسام، باشقا بىر دۇنياغا بېرىپ قالغاندەك بولۇپ قالىمەن. روھىم كۆتۈرۈلۈپ، ھاردۇقىم چىقىدۇ. تۇرمۇش غەملىرىنى بىراقلا ئۇنتۇپ كېتىمەن.

— شائىرنىڭ ساپ قەلبىدىن ئۇرغۇپ چىققان شېئىرلا كىشىگە ئاشۇنداق تۇيغۇ بېرىدۇ، — دېدى ئىسمەتۇللا.

موللا قۇربان ئۆزى يېڭىدىن تۈزگەن دىۋانىنى ئېچىپ، زاماننىڭ تەڭسىزلىكى، ئالدامچى - كازززاپلارنىڭ تۆھمەتخورلۇقى پاش قىلىنغان تۆۋەندىكى شېئىرنى ھېسسىياتلىق ئوقۇدى:

*كىمىكى يالغانچىدۇر ئانىڭ سۆزى سۆز،*
*ياخشىلارنى ئانۇرغە يوقتۇر كۆز.*
*بولسا ھەر يەردە بىر ھەرامزادە،*
*بەلكى شەيتان بىلە دەرئەفتادە.*
*ئەلگە تۆھمەت قىلىپ جەزا سالسە،*
*ھەممە تاپقان پۇلىن ئەرىغ ئالسە.*
*يەر، سۇ، ئۆيباقىدىنكى قويسە قۇرۇغ،*
*شۇنداق ئادەم خەلايىق ئىچرە ئۇلۇغ.*
*ئىنسۇ ئۇلفەت بىلەن بولۇپ ئاڭا رام،*
*ئالەم ئەھلى قىلۇر ئاڭا ئىكرام.*
*بۇ زامان ئەجەب زامانە ئېرۇر،*



*ئەل ھالالدىن تاپىپ ھەرامغە بېرۇر.*
*مەسىلە ھەق دېيىلسە ۋەھم ئېتەدۇر،*
*ئۇمەرادىن ئاڭا غەزەپ يېتەدۇر.*

— مۇبارەك بولسۇن! ياراتقان ئاللاتائالا قولۇڭلىغا دەرد بەرمىسۇن، دوستۇم. بۇ شېئىرىڭلىدا ئەمەلىي مەۋجۇت مەسىلىلەرنى يېزىپسىلە، خەلق بىزدىن مانا مۇشۇنى كۈتىدۇ، — دېدى ئىسمەتۇللا شېئىر تۈگىشىگىلا ھاياجان بىلەن، ئاندىن موللا قۇرباننىڭ قولىدىن دىۋانىنى ئېلىپ ئۆزى بىر قېتىم ئوقۇپ چىققاندىن كېيىن:

— شېئىردا قانچە راست گەپ قىلىنسا، شېئىرنىڭ تەسىرچانلىقى شۇنچە يۇقىرى بولىدۇ، شائىرنىڭ شۆھرىتى شۇنچە ئاشىدۇ، — دېدى.

ئىسمەتۇللا مۆجىزى بۇ قېتىم ئىمامىلىدا بىر ئايدىن ئارتۇق تۇردى. ئۇ ھەركۈنى موللا قۇربان بىلەن تاغنىڭ گۈزەل مەنزىرىلىرىنى تاماشا قىلدى. سۇپسۇزۇك بۇلاق سۇلىرىنى ھۇزۇرلىنىپ ئىچتى، ئاراقىر تېغىنىڭ ئۈستىگە چىقىپ ئاۋازىنى قويۇپ بېرىپ ناخشا ئوقۇدى. تۆت ئىمامىلىنىڭ قەبرىسىنى تاۋاپ قىلدى. چارۋىچىلار بىلەن مۇڭدىشىپ، ئۇلار ئارىسىدا تارقىلىپ يۈرگەن قوشاقلارنى توپلىدى. سازەندىلەر بىلەن جەم بولۇپ قانغۇچە نەغمە قىلىشتى... نەتىجىدە، ئۇنىڭ روھى كۆتۈرۈلۈپ، خېلىلا تېتىكلىشىپ قالدى. كۆڭۈل خەزىنىسىگە بىھېساب دۇردانىلەرنى تولدۇرۇپ، بىر قانچە پارچە ئېسىل شېئىرلارنى يازدى. لېكىن، چارۋىچىلارنىڭ خار - زار تۇرمۇشىنى ئويلىسا، يەنىلا ئۇنىڭ يۈرىكى ئېچىشاتتى.

بۈگۈن ھاۋا ئادەتتىن تاشقىرى ئوچۇق ئىدى. ئاپئاق بۇلۇتلار كىشىنىڭ كۆز ئالدىدا — تاغنىڭ چوققىسىدا لەيلىشىپ يۈرەتتى. چارۋىلار تاغ باغرىدىكى چۆپلۈكتە ئەركىن ئوتلىشاتتى. پەستىكى دەريادا ئېقىۋاتقان سۈزۈك سۇ بىرخىل رىتىمدا شارقىراپ ئاقماقتا ئىدى. ئىسمەتۇللا بۇ مەنزىرىگە تويماي قارىغاندىن كېيىن، ئۆزىنى ئۇزاتقىلى كەلگەن دوستى موللا قۇربان ۋە باشقا سازەندىلەر بىلەن بىرمۇ بىر قول ئېلىشىپ، قۇچاقلىشىپ خوشلىشىپ كېرىيىگە قاراپ يول ئالدى.

«بىزنىڭ خەلقىمىز ئۆلمىسە، مۇزىكا ئەبەدىلئەبەد ئۈزۈلۈپ قالمايدىكەن. خەلق شۇنچىلىك نامرات تۇرسىمۇ، يەنە ئۆزىنىڭ سازەندىسىنى، شائىرلىرىنى بېشىغا ئېلىپ كۆتۈرۈپ، ھۆرمىتىنى بىلدۈرىدىكەن. ئۇلار شېئىر بىلەن ھەمنەپەس، مۇزىكا بىلەن تەقدىرداش ئىكەن» دېدى ئىسمەتۇللا مۆجىزى ئىماملىدىكى ئىشلارنى كۆز ئالدىدىن ئۆتكۈزۈپ.

تاغ ئارقىسىغا ئاستا - ئاستا پېتىۋاتقان قۇياش ئاخىرقى نۇرلىرىنى سەپمەكتە. بۇ نۇرلار ئىسمەتۇللا مۆجىزىنىڭ ئېتىنىڭ تۇياقلىرىدىن چاچرىغان ئۇچقۇنلار بىلەن بىرلىشىپ بۇ ساي يولىدا ئۆزگىچە مەنزىرىنى شەكىللەندۈرگەنىدى. ئىسمەتۇللا مۆجىزى قىزغۇچ نۇرلىرىنى تۆكۈۋاتقان قۇياشنى قوغلاۋاتقاندەك ئېتىغا كۈچەپ قامچا سالدى. ئات تۇياقلىرىدىن ئوت چاچرىتىپ چاپتى.



# توققۇزىنچى باب  قاباھەتلىك چۈش

## 1

كۈن، ئايلار بىر - بىرىنى قوغلىشىپ ھەش - پەش دېگۈچە 1866 - يىلىنىڭ قەھرىتان سوغۇق بولىدىغان 12 - ئېيىمۇ كىرىپ قالدى. ئىسمەتۇللا مۆجىزى بۇ يىللارنى پۈتۈن خوتەن ئېلىنىڭ سەھرالىرىنى ئايلىنىپ تولىمۇ مەنىلىك ئۆتكۈزدى. ئۇنىڭ ئاڭلىغان كىشىنىڭ يۈرەكلىرىنى ئېزىدىغان ئاجايىپ سېھرىي كۈچكە ئىگە مۇڭلىرى، بۇ يۇرتنىڭ ھەممە بۇلۇڭ - پۇچقاقلىرىدا مۇقام، سەنئەت دېسە جان دەيدىغان جاپاكەش، نامرات پۇقرالارنىڭ دەردلىك قەلبىدە ئۇنتۇلماس ئىزلارنى قالدۇردى. ئىسمەتۇللا مۆجىزى ھازىر يايلىغاندا مۇزىكا ئىلمى بويىچە ئونغا يېقىن شاگىرتنى تەربىيىلەش بىلەن مەشغۇل ئىدى. ئۇ بۇ ئىشىدىن شۇنچىلىك رازى، خۇشال ئىدىكى، ئايالى بەھرىنىسا تاماق يېيىشكە زورلىمىسا، بىر كۈنلەپ تاماق يېدىمۇ - يېمىدىمۇ، بىلەلمەي قالاتتى.

بۇ يىللاردىكى خوتەن پۇقرالىرىنىڭ ئەھۋالىدا ئالاھىدە ئۆزگىرىش بولمىدى، شۇنداقتىمۇ يەتتە ياشتىن - يەتمىش ياشقىچە بولغان خوتەن پۇقرالىرى ھېبىبۇللا ھاجىنى جان دەپ ھىمايە قىلاتتى. ھەتتا ئۇنىڭ ئۈچۈن ئىككىلەنمەي

قۇربان بېرىشكە رازى ئىدى. پۇقرالارنىڭ بۇ خىل ئېتىقادى، مۇھىمى ھېبىبۇللا ھاجىنىڭ شەرىئەت ئەھكاملىرىنى قانۇن قىلغان ئىسلام ھاكىمىيىتىنى قۇرغانلىقىدىن، مەسچىتلەرنى كەڭ - كۇشادە سېلىپ ئۆزلىرى ئۈچۈن قويۇق دىنىي مۇھىت يارىتىپ بەرگەنلىكىدىن ئىدى. بۇ چاغدىكى كۆرۈنەرلىك بىر ياخشى ئەھۋال، پۈتۈن خوتەن ئېلىدە، ئوغرىلىق، زىناخورلۇق، بۇلاڭچىلىقتەك جىنايى قىلمىشلارنىڭ زور دەرىجىدە ئازىيىپ، دۇكاندارلار دۇكانلىرىغا، كىشىلەر ئۆيلىرىگە قۇلۇپ سالمايدىغان، دېھقانلار ئېتىزىدىكى ئىشلىرىدىن قايتقاندا كەتمەن، تارماقلىرىنى ئىش ئورنىدا قويۇپ ئۆيلىرىگە قايتىپ كېتىدىغان ۋەزىيەتنىڭ بارلىققا كېلىشى ئىدى.

ئىسمەتۇللا بىر كۈنى بىر توپ كىشىنىڭ مېۋىلىك، مېۋىسىز دەرەخلەرنىڭ ھەممىسىنى ئادەم بويى قالدۇرۇپ كېسىپ ئىشەك تۇۋىگە كەلگەنلىكىنى كۆرۈپ ھەم ھەيران قالدى ھەم قاتتىق غەزەپلەندى: «قانداق قاملاشمىغان ئىش بۇ، جىرىم تىكىش، كۆكەرتىش، ئەۋلادلارغا پايدىلىق، ساۋابلىق ئىش تۇرسا، بۇنى تەشەببۇس قىلماقتا يوق، قارىقويۇق كەسكىنى نېمىسى؟ بۇ قايسى نادان گالۋاڭ ئامبالنىڭ ئەمرىكىنە؟...» ئۇ شۇلارنى خىيالىدىن ئۆتكۈزدى - دە، يۇگۈرگىنىچە بېرىپ پالتىنىڭ سېپىغا ئېسىلدى.

— نېمە قىلىۋاتقىنىڭلارنى بىلەمسىلەر - يوق؟ بىر ئوبدان ئۆسۈۋاتقان دەرەخلەرنى كەسكىنىڭلار نېمىسى؟ — دېدى ئىسمەتۇللا مۆجىزى ئاچچىقتىن تىترەپ تۇرۇپ.



— بۇ ھاجى پاششاھنىڭ ئەمرى، ئىسمەتۇللا موللام، — دېدى ياشتا چوڭراق، قارامتۇل چىرايىدىن مۇز يېغىپ تۇرىدىغان، شاپ بۇرۇت بىرسى زەردە بىلەن.

— ھاجى پاششاھنىڭ ئەمرى؟ ئۇنىڭغا نېمە بوپتۇ ئەمدى، ئۇ مۇشۇنداق قاملاشمىغان ئەمر چۈشۈرەمدىكەن؟ سىلە چوقۇم پەرماننى خاتا ئاڭلاپ قالدىڭلار، چوقۇم شۇنداق، كەسمەي تۇرۇڭلار.

— بولدى، ئىسمەتۇللا موللام، بىزگە كاشىلا قىلمىسىلا، بىز ھەرگىز خاتا ئاڭلاپ قالمىدۇق. ھاجى پاششاھ ئالىيلىرى پۈتۈن يۇرتتىكى دەل - دەرەخلەرنى مۇشۇنداق كېسىشنى ئەمر قىلغان. يەنە كەسكىلى قويمىسىلا، پاششاھنىڭ پەرمانىغا توسقۇنلۇق قىلىپ، گۇناھكار بولىلا، بۇ گۇناھنىڭ ئاقىۋىتىنى ئۆزلىرىمۇ بىلىلا، — دېدى ھېلىقى توپ بېشى.

ئىسمەتۇللا پالتىنىڭ سېپىنى قويۇپ بەردى. بۇ بىر توپ كىشى ھەش - پەش دېگۈچە نۇرغۇن دەرەخلەرنى ئۆزلىرىنىڭ بويىنى ئۆلچەم قىلىپ يىقىتىپ بولدى. بىرسىنىڭ ئۈستىگە بىرى قالايمىغان چۈشكەن بۇ دەرەخلەر خۇددى جەڭدە شېھىت بولغان جەسەتلەردەك قالايمىقان ياتاتتى.

ئىسمەتۇللا بۇلارنى كۆرۈپ يۈرىكى ئېچىشتى، چىشلىرى كىرىشىپ پۈتۈن بەدىنى غال - غال تىترىدى، كۆز چاناقلىرى ياشقا تولدى. بۇ بىر توپ چاپارمەنلەر: «نېرى تۇر»، «قاچ!»، «ھە، ئىتتەردىم!» دەپ چۇقان - سۈرەن سېلىشىپ دەرەخلەرنى ھەدەپ كەسمەكتە ئىدى. ئۇلارنىڭ

قوللىرىدىكى پالتا ھەر قېتىم دەرەخ غولىغا ئۇرۇلغاندا، بۇ پالتا خۇددى ئىسمەتۇللانىڭ بەدىنىگە ئۇرۇلغاندەك سىلكىنىپ بىئارام بولاتتى: «نېمە ئىشتۇ بۇ، ھاجى پاشاھ نېمىشقا مۇنداق ئەمر قىلىدىكىنە؟ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ‹ بىرىڭلارنىڭ قولىدا بىر كۆچەت قېلىپ، قىيامەت قايىم بولسىمۇ، ئۇنى تىكىۋېتىڭلار. ›[1] دېگەن تۇرسا، بىر ئۆمۈر تەقۋادار ئۆتكەن ھاجى پاشاھ بۇنى بىلمەمدىغاندۇ؟ ··· ھەي، ئىسىت! ھەي، ئىسىت! ···» ئىسمەتۇللا بۇلارنى ئويلاپ قاتتىق ھەسرەت چەكتى. ئۇ ئاخىرى ياغاچ كېسىۋاتقان بىرەيلەندىن بۇ ئىشنىڭ سەۋەبىنى سورىۋىدى، ئۇ كىشى:

— ھاجى پاشاھ ئالىيلىرىنىڭ چۈشى بۇزۇلۇپتىمىش. ئۇنىڭ چۈشىدە، جىمىكى خوتەن خەلقىنىڭ بېشى يوق، گەۋدىسى بار تۇرغۇدەك، خان بۇنىڭدىن قاتتىق ساراسىمىگە چۈشۈپ، خوتەن ئېلىگە زور بالا - قازا كېلىدىكەن، دەپ ئويلاپتۇ. ئوردا مۇنەججىملىرى ئۇنىڭ چۈشىگە تەبىر بېرەلمەپتىكەن، ھاجى پاشاھ ئالىيلىرى: «خوتەندىكى جىمىكى دەرەخلەرنى ئادەم بويى قالدۇرۇپ كېسىپ تاشلاڭلار، شۇنداق قىلغاندا بۇ بالا - قازادىن ساقلانغىلى بولىدۇ.» دەپ ئەمر قىپتۇ، - دېدى بەخىرامان ھالدا.

ئىسمەتۇللا مۆجىزى بۇ سۆزلەرنى ئاڭلاپ تۇرۇپلا قالدى، ئۇنىڭ كۆز ئالدى قاراڭغۇلاشقاندەك بولدى - دە، ئۆيگە كىرىپ كەتتى.

ئىسمەتۇللا ئەتىسى بىر كۈن ئۆيدىن سىرتقا چىقمىدى. ئۇ ھېبىبۇللا ھاجىنىڭ چۈشىنى ئويلايتتى، خوتەن

---

① تەبرانى رىۋايىتى.



خەلقىنىڭ بېشىغا كېلىدىغان قورقۇنچلۇق كۈلپەتلەرنى تەسەۋۋۇر قىلىپ كۆرەتتى. بىر تۇرۇپ ئىشنىڭ ياخشى تەرەپلىرىنىمۇ ئويلايتتى، شۇنداقتىمۇ كۆڭلىدىكى قورقۇنچلۇق تۇمان زادىلا تارقاپ كەتمىدى. ئۇ ئۆگۈنى سەھۋالىم تۆپىلىكىگە چىقىپ تاغ تەرەپتىن كېلىۋاتقان نەشتەردەك جۇدۇنغا يۈزىنى تۇتۇپ ئۇزاق تۇردى: «ھەي، دەل - دەرەخلەرنى كېسىپ كۆڭلىگە تەسكىن تاپقۇچە، بىرەر ئەمەلىي چارە - تەدبىر ئويلىسا بولماسمۇ؟ ئەگەر بىرەر پالاكەت كەلسە، تۇرمۇش ئېغىرچىلىقىدا ئاران ياشاۋاتقان خەلق نېمە بولۇپ كېتەر؟ ···» ئۇ بۇ خىيالىدىن گويا بېشىدىن بىركىم بىر قاپاق سوغۇق سۇ قۇيغاندەك ئەندىكىپ كەتتى. شۇ تاپتا ئۇنىڭ پۈتۈن بەدىنى مۇزلىغان بولۇپ، غال - غال تىترەيتتى، چىشلىرى كاسىلدايتتى. ئۇ ئازاب بىلەن ئېغىر قەدەملىرىنى يۆتكەپ ئۆي تەرەپكە يول ئالدى.

## 2

دەرەخ كېسىش ۋەقەسى بولۇپ ئۇزۇن ئۆتمەيلا شەھەردىن ئارقا - ئارقىدىن شۇم خەۋەر تارقالدى:

— قانداقتۇر بىر پادىشاھ ھاجى پاششاھنى تۇتۇۋاپتۇ.

— مىڭلاپ ئادەملەر «ئاللاھۇ ئەكبەر» دېگەن تەكبىر ساداسى ئىچىدە تۇپچا تەرەپكە قاراپ ئېقىۋاتقۇدەك.

— كېسىلگەن باشلارنىڭ سانى يوقمىش.

بۇ خەۋەرلەرنى ئاڭلاپ ئىسمەتۇللانىڭ گېلىدىن غىزامۇ

ئۆتمىدى. خۇددى يايلىغاننىڭ ھاۋا بوشلۇقىدا تۆكۈلگەن قانلارنىڭ ھىدى پۇراۋاتقاندەك، بۇ قىرغىنچىلىق پۈتۈن خوتەن ئېلىگە يامراپ، قانچىلىغان گۇناھسىز كىشىلەرنىڭ باشلىرى كېسىلىپ، جەسەتلىرى تاغدەك دۆۋىلىنىپ كەتكەندەك بىر خىل قورقۇنچلۇق سەزگۈ ئۇنى زادىلا ئارامىدا قويمىدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ بۈگۈن ئەتىگەن بۇ ئىشلارنىڭ تەپسىلاتىنى ئېنىق بىلمەكچى بولۇپ، قادىر قالۇننىڭ ئۆيىگە كىردى.

— ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم، ئۇستاز، تىنچ - ئامانمۇ ئۆزلىرى، شەھەردە يۈز بەرگەن ئىشلارنى ئاڭلاپ ئۆزلىرىدىن كۆپ ئەنسىرىدىم، — دېدى ئىسمەتۇللا قادىر قالۇننى قۇچاقلاپ. قادىر قالۇننىڭ چىرايى تاتىراڭغۇ، كۆزچاناقلىرى لىققىدە ياش ئىدى.

— نېمە ئىش بولاتتى؟ — دېدى قادىر قالۇن ھەسرەت بىلەن ئېغىر تىنىپ، — قانخور ياقۇپ بەگ دېگەن بىرسى ھاجى پاشاھنى ئالداپ ئۆز چېدىرىغا ئاپىرىپ قاپقانغا دەسسەتتى. ئەتىسى شەھەرگە كىرىپ ئالدىغا ئۇچرىغانلىكى خوتەنلىكلەرنى قىردى. بۇ خەۋەرنى ئاڭلىغان خوتەن پۇقرالىرى: «پاشاھىمىز قېنى؟» دەپ چۇقان سېلىپ، «ئاللاھۇ ئەكبەر!» دېگەن سادا ئىچىدە تۇپچادىكى ياقۇپ بەگنىڭ چېدىرىغا ئېتىلدى. «ئۇر!»، «چاپ!» ساداسى، تەگبىر ساداسى، مىلتىق ئاۋازى، يارىلانغانلارنىڭ ئاللا - تۇۋلىرى، ئىڭراشلىرى خوتەن شەھىرىنى بىر ئالدى. ھەتتا تاجاۋۇزچى چېرىكلەر ئادەم ئولتۇرۇپ ھالى قالماي، ياقا يۇرتلاردىن كەلگەن قاسساپلارنى ئىشقا سېلىپ، خوتەن پۇقرالىرىنى قوي، كالا بوغۇزلىغاندەك بوغۇزلىدى. ھاجى



پاشاھ ۋە ئۇنىڭ ئۇرۇق - تۇغقانلىرىدىن بولۇپ قىرىق كىشىنى ئەسكەرخانىدىكى ھېلىقى، ھاجى پاشاھ تارىخان قاتارلىق قىرىق سەككىز كىشىنى تاشلىغان قۇدۇققا تاشلىدى.

قادىر قالۇننىڭ دېگەنلىرىنى ئاڭلاپ، ئىسمەتۇللا مۆجىزىنىڭ ئىچى سىيرىلدى. ئۇلار شۇ كۈنى بىر چاغقىچە خوتەننىڭ ۋەزىيىتى توغرىسىدا مۇڭداشتى. ئاخىرىدا، ئادىتى بويىچە جىمىكى ئازابلىرىنى، دەرد - ھەسرەتلىرىنى مۇزىكىدىن ئالماقچى بولغاندەك، قوللىرىغا قالۇن، تەمبۇرلىرىنى ئېلىپ «ئۇشاق» مۇقامىغا چالدى ۋە ھۆۋەيدانىڭ تۆۋەندىكى غەزىلىنى ئۆزلىرىنى ئۇنتۇغان ھالدا ئوقۇدى:

*باقسام بۇ جاھاندا ھەممىگە دەردۇ - ئەلەم بار،*
*ھەر ئادەمنىڭ كۆڭلىدە بىر زەيلىدە غەم بار.*
*غەمسىز كىشىنى تاپسا بولۇرمۇ كىشى ئىزدەپ،*
*بۇ پەيكى دىلىم ئېيتۇر غەمسىز كىشى كەم بار.*
*دۇنيادا ھۆۋەيدا نەپەس ئۆرمىدى شادى،*
*ھەيھات ئىنىڭ باغرىدا كۆپ خارى - ستەم بار.*

غەزەلنىڭ ھەربىر بوغۇم، سۆزلىرىدىن يۇرۇڭقاش دەرياسىنىڭ ئاھۇ - زارىدەك ئازاب تۆكۈلەتتى. ئۆزلىرىنىڭ بارلىقىنى، سۆيگۈسىنى مۇزىكىغا، ئاۋام پۇقراغا ئاتىغان بۇ سازەندىلەرنىڭ قوللىرىدىكى سازلارنىڭ پەدىسىنى بېسىشى، تارلىرىنى چېكىشى، ناخشا توۋلىشىغا كۈچلۈك غەزەپ مۇجەسسەم بولغانىدى. ئۇلارنىڭ ۋۇجۇدى بىرخىل غايىۋى

كۈچتىن كۈۋەجەپ، يالقۇنجايتتى. ئۇلار ئىزچىل ھالدا ئاھاڭلارنى يۆتكەپ ناخشا ئوقۇماقتا ئىدى. بۇ چاغدا، پۈتۈن شەھەردىكى ئۇرۇق - تۇغقان، ئاتا - ئانا، دوست - بۇرادەرلىرىدىن ئايرىلىپ يۈرەك باغرى پارە - پارە بولغان شەھەر ئەھلى قورقۇنچلۇق چۈش كۆرۈپ ئۇيقۇغا كەتكەنىدى.

— ئەمدى ئۇخلايلى، تەڭ كېچە بوپتۇ، — دېدى قادىر قالۇن بېشىنى تۆۋەن سالغىنىچە غەمگە پېتىپ ئولتۇرغان ئىسمەتۇللاغا قاراپ.

— مېنىڭ پات ئۇيقۇم كېلىدىغاندەك ئەمەس، ئۇستاز. ئەتراپىمىزدا شۇنچە ئېغىر قىرغىنچىلىق بولۇۋاتسا، قانچىلىرى مۇزدەك قارا تۇپراققا چامغۇر كۆمۈلگەندەك كۆمۈلۈپ، قانچىلىرى جان تالىشىپ ئىڭراۋاتسا، كۆزگە قانداقمۇ ئۇيقۇ كەلسۇن؟ — دېدى ئىسمەتۇللا، ئۇنىڭ ئاۋازى بوغۇلۇپ كەتتى. قىزىرىپ كەتكەن كۆزلىرىدىن ئاققان ياش مەڭزىنى بويلاپ ئېقىپ يەكتەكنىڭ پېشىدە توختىدى.

قادىر قالۇن ئىسمەتۇللانىڭ ئۇنىمىغىنىغا قارىماي جاي راسلاپ بېرىپ ئۆزىمۇ ياتتى. لېكىن، ئىسمەتۇللانىڭ ئۇيقۇسى كېلىدىغاندەك ئەمەس ئىدى. ئۇ كۆزلىرىنى چىڭ يۇمۇپ، يوتقاننى بېشىغا يۆگەپ يېتىپ باقتى، ئاخىرى ئورنىدىن قوپۇپ يوتقانغا پۈركىنىپ ئولتۇردى. ھەي، قىرغىنچىلىق! مۆمىن، بېلى سۇنۇق، باغرى خۇن پۇقرالارنىڭ ھاياتى بەدىلىگە مەڭگۈ ئۇنتۇلماس قاباھەتلىك تارىخ يېزىپ قالدۇردۇڭ. ئاشۇ قانخور ياقۇپ بەگنىڭ قانچىلىغان بىگۇناھ خوتەن خەلقىنىڭ ئىسسىق قېنى بىلەن بويالغان رەھىمسىز قىلىچى يەنە قاچانغىچە قان تۆكۈپ ئاپەت



ياغدۇرار - ھە! ئاللاتائالانىڭ قۇدرىتى بىلەن شۇنداق بىر كۈنلەر كېلىدۇكى، بۇ ۋەھشىي قانخورلار ھەربىر جاننىڭ قىساسىنى چوقۇم تارتىدۇ. قوللىرىدىكى قىلىچ ئۆزلىرىنىڭ كۆكرەكلىرىگە سانجىلىپ قان يۇتىدۇ. ئىبىسىل ئوردا سارايلىرى دەل ئۆزلىرىنى كۆيدۈرىدىغان پاخال بولىدۇ، ئۇلارنىڭ زوراۋانلىق بىلەن توپلىغان ئالتۇن - كۈمۈشلىرى ئۆزلىرىنىڭ پۇتىغا سېلىنىدىغان كىشەن بولىدۇ، ئۇلار بۇ قاباھەتلىك چۈشنىڭ ئاخىرىنى ئۆزلىرىنىڭ تىتما - تىتما بولغان سېسىق گۆشلىرى، ئۇگرە - ئۇگرە ئۇستىخانلىرى بىلەن يېزىپ چىقىدۇ. چۈنكى، ئېزىلگەن، ياۋاش ئەمما بىرنى - بىر دەيدىغان، ئەقىدىسى كۈچلۈك، باتۇر خوتەن خەلقى بۇ خورلۇققا، بۇ ئار - نومۇسقا ھەرگىز سۈكۈت قىلىپ، قۇللارچە باش ئېگىپ تۇرمايدۇ. ئۇلار بىرى يىقىلسا ئونى، ئونى يىقىلسا يۈزى، يۈزى يىقىلسا مىڭى··· قان كېچىپ كۆرەش قىلىدۇ. يۇرت مۇھەببىتى دۇنيادا ھەرقانداق مۇھەببەتتىن ئۈستۈن تۇرىدۇ. بۇنى يۇرتى ئاياغ ئاستى قىلىنغان خوتەن خەلقى ياخشى بىلىدۇ. بۇ مۇھەببەت ئۇلارنىڭ ۋۇجۇدىغا، مۇز تاغلارنى ئېرىتىپ لاۋىغا ئايلاندۇرىدىغان يالقۇننى، جەڭدە بەدەنلىرى ئۆتمىتۆشۈك بولۇپ كەتسىمۇ ۋاز كەچمەيدىغان ئاجايىپ جاسارەت ۋە تەۋرەنمەس ئېتىقادنى ئاتا قىلىدۇ. ئۇلار چوقۇم ھۆرلۈككە چىقىدۇ. ئۇلار چوقۇم بۇ تاجاۋۇزچىلارنى يەر بىلەن يەكسان قىلىدۇ. چۈنكى، ئۇلارغا يۇرت مۇھەببىتى جاسارەت، ئىشەنچ بېغىشلايدۇ» ئۇ بۇ خىياللىرىدىن روھلاندى. ۋۇجۇدىغا كۈچ - قۇۋۋەت توپلاندى - دە، پارس شائىرى ئۇبۇلقاسىم لاھۇتىنىڭ:

*مەرد بولساڭ ۋەتەننى قىلغىن ھىمايەت،*
*قان بىلەن يۇيۇلسۇن گۇناھ - جىنايەت.*

دېگەن مىسرالىرىنى پىچىرلاپ ئوقۇدى. شېئىر ئۇنىڭ روھىنى تېخىمۇ كۆتۈردى ھەمدە ئۇنىڭغا ۋەتەنگە بولغان كۈچلۈك مۇھەببەت، تاجاۋۇزچىلارغا بولغان غەزەپ - نەپرەت مەزمۇن قىلىنغان جەڭگىۋار يېڭى - يېڭى مىسرالارنى ئاتا قىلدى.

ئىسمەتۇللا مۆجىزى بۇ قېتىم شەھەردە بىر ھەپتىدىن ئارتۇقراق تۇردى. ئۇستاز، دوست - بۇرادەرلىرىنى يوقلاپ ئۇلار بىلەن ئىلمىي سۆھبەتلەردە بولدى، شېئىر ئوقۇشتى، مۇزىكا چېلىپ، ناخشا ئوقۇدى. قىزىق لەتىپە - چاقچاقلارنى دېيىشىپ كۆڭۈل غەشلىكىنى كۆتۈردى. بولۇپمۇ، ئۇنىڭ سۆھبەتداشلىرى ئۇ ئېيتىپ بەرگەن شېرىن دورغىنىڭ قىزىقارلىق لەتىپىلىرىنى ئاڭلاپ كۆزلىرىدىن ياش چىقىپ، ئۈچەيلىرى ئۈزۈلۈپ كەتكۈچە كۈلۈشتى. بولۇپمۇ ئىسمەتۇللا مۆجىزى ئاشۇنداق سۆھبەتلەرنىڭ بىرىدە ئىدى.

— ئىسمەتۇللا مىرزا بېگىم، شېرىن دورغىنىڭ لەتىپىلىرىدىن يەنە بىرنى ئېيتىپ بەرسىلە قانداق؟ — دېدى خوجا قاسىم، كۆزلىرىدىكى ياشنى سۈرتۈپ.

— ئېيتىپ بەرسەم بېرەي، لېكىن كۈلكىدىن يۇمىلىنىپ ئۈچەيىڭىز ئۈزۈلۈپ كېتىپ قالسا ئۆزىڭىزگە، — دېدى ئىسمەتۇللا ۋە سۆزىنى باشلىدى:

— بۇغرا قۇم ئېتىكىدىكى تۇپرىقى ياخشى، سۈيى



ئەلۋەك يەرلەر ئەسلى قۇم، ناچار، زىرائەت بولمايدىغان يەر ئىكەن. نامرات دېھقانلار نەچچە يىل بۇ يەرگە پەرۋىش قىلىپ ياخشى يەرگە ئايلاندۇرۇپتۇ. بۇنى كۆرگەن يەرلىك مەنسەپدار مۇسا بەگنىڭ كۆزى قىزىرىپ، بۇ يەرنى قولغا كىرگۈزۈۋېلىشنىڭ مەسلىھەتىنى قىپتۇ. بۇنىڭدىن خەۋەر تاپقان شېرىن دورغا دېھقانلارغا خەۋەر قىلىپ، بىر ئىشنى ئۆزى دېگەندەك قىلىشنى تاپىلاپ قويۇپتۇ. ئەتىسى مۇسا بەگ قاتارلىقلار بۇ يەرگە كەپتۇ. مۇسابەگ شېرىن دورغىغا يەرنى ئۆزۈنىسى ۋە توغرىسىغا قەدەملەشنى بۇيرۇپتۇ.

شېرىن دورغا «بىر - ئىككى!» دەپ ئاۋازىنى قويۇپ بېرىپ قەدەملەپتۇ. لېكىن ئۇ ھەر بىر سانىسا يەر تېگىدىن غەيرىي ئاۋاز چىقىپتۇ. شېرىن دورغا توختىسا ئاۋازمۇ توختايدىكەن، قەدىمىنى ساناپ ماڭسا ئاۋاز چىقىدىكەن. بۇ ئىشتىن مۇسابەگ باشتا ھەيران بوپتۇ، بارا - بارا قورقۇشقا باشلاپتۇ - دە، شېرىن دورغىنى چاقىرىپ، بۇنىڭ نېمە ئىش ئىكەنلىكىنى سوراپتۇ.

— سىلە بىلمىسىلە كېرەك، بېگىم. بۇ قۇم ئاستىدا بۇغرا پادىشاھىم ياتىدۇ. ئۇ بۇ يەرنى سىلىنىڭ ئىگىلىۋېلىشلىرىدىن نارازى بولۇپ ئارغىماقلىرىنى چاپتۇرۇۋاتسا كېرەك. ئەگەر ئۇنىڭ غەزىپىنى كەلتۈرۈپ قويساق، بۇ زور قۇم دۆۋىسى پارچىلىنىپ پۈتۈن ئويتوغراقنى قۇم بېسىپ كېتىدۇ، — دەپتۇ.

موسا بەگ بۇنى ئاڭلاپ: «بولدى بۇ يەر بىلەن كارىمىز بولمىسۇن» دېگىنىچە بەدەر قېچىپتۇ.

— يەر ئاستىدىن چىققان نېمە ئاۋازكەن؟ — سورىدى بىرەيلەن.

— ئەسلى ھېلىقى دېھقانلار شېرىن دورغىنىڭ دېگىنى بويىچە بىر قانچە يەرگە ئورا كولاپ، چوڭ كاسىسىغا سۇ لىقلاپ، سۇ ئۈستىگە يەنە بىر كاسىسىنى دۈملەپ، شېرىن دورغىنىڭ يەرنى قەدەملىگەن ئاۋازىنى ئاڭلاپ ئۈرغانىكەن، — دېدى ئىسمەتۇللا مۆجىزى.

سۆھبەت ئاخىرىدا ئىسمەتۇللا مۆجىزى، سۆھبەتداشلىرىنىڭ تەكلىپى بىلەن تەمبۇرىنى «بايات» مۇقامىغا چېلىپ تۆۋەندىكى خەلق ناخشىسىنى ئوقۇدى:

*ۋەتىنىمنىڭ سازىمەن،*
*چۆلدىن ئۇچقان غازىمەن.*
*مۇرادىمغا يەتمىسەم،*
*ئۆلگىنىمگە رازىمەن.*

........................................

ئۇنىڭ ئوقۇغان ناخشىلىرىدا، ئازابمۇ، ھەسرەت - نادامەتمۇ، شۇنىڭدەك خەلققە، ۋەتەنگە بولغان چوڭقۇر مۇھەببەتمۇ بار ئىدى. ئۇ پەقەت مۇشۇنداق تەمبۇرنى سايرىتىپ ناخشا ئوقۇغان چېغىدىلا، زۇلمەت باسقان دۇنيانى ۋاقىتلىق ئۇنتۇپ، كۆڭلى ئارامىغا چۈشەتتى.

## 3

ياقۇپ بەگ خوتەننى نىياز ھېكىمبەگكە ئۆتكۈزۈپ بېرىپ كەتتى. بۇنىڭ بىلەن، نىياز ھېكىمبەگنىڭ ئۆزى خان، ئۆزى بەگ بولۇپ خالىغىنىنى قىلىدىغان ۋەھشىيانە



ھۆكۈمرانلىقى باشلاندى. ئۇ ئىسىل، ھەيۋەتلىك ئوردا - سارايلارنى سالدۇردى. چوڭ باغچا بەرپا قىلىپ ئۇنىڭ ئىچىگە چوڭ - چوڭ كۆللەرنى چاپتۇردى. ئۇ بالا - چاقىلىرى بىلەن ھەركۈنى كۆلدىكى كېمىگە چىقىپ كەيپ - ساپا قىلىپ، نەغمە - ناۋا بىلەن كۆڭلىنى ئاچاتتى. ئۇ بەرپا قىلغان بۇ باغنى «چېكىتلىك ئوردا» دەپ ئاتىدى. يەرنى نەيزە بويى چوڭقۇرلۇقتا كولىتىپ، تۆپىلىرىنى ئېلىپ تاشلاپ ئەتراپىغا پۇختا خىش بىلەن ئېگىز ئىھاتە تام سالدۇردى. مەزكۇر باغنىڭ زېمىن دائىرىسى مىقداردا مەشۇت ۋە يىپەكتىن تور توقۇپ، ئىچىگە ئېگىز تۈۋرۈكلەرنى تۇرغۇزۇپ، تۈۋرۈكتىن - تۈۋرۈككە يىپەك تاناپلارنى تارتىپ، ئۈستىنى يىپەك تور بىلەن ياپتۇرۇپ، تۆت پۇتلۇق ۋە ئىككى قاناتلىق ۋەھشىي ۋە ئۆيدە بېقىلىدىغان ھەرخىل ھايۋانلاردىن بىر جۈپتىن قىلىپ باغنىڭ ئىچىگە سولىدى. شۇنىڭدەك بۇ باغنىڭ ئىچىگە يەنە ھەرخىل مېۋىلىك ۋە مېۋىسىز دەرەخلەر، جاڭگالدا ۋە مەھەللىدە ئۆسىدىغان ھەرخىل ئوت - چۆپ، گۇل - گىياھلار، ھەتتا تىكەنلەرگىچە سالدۇردى. ھەركۈنى نەچچە تاغار ئاشلىقنى ئۇچار جانىۋارلارغا چېچىپ، نەچچە ئىت، ئېشەكنى ئۆلتۈرۈپ يولۋاس، بۆرە، تۈلكىلەرگە تاشلاپ بەردى.

نىياز ھېكىمبەگ خوتەننى شۇنداق باشقۇردىكى، پۈتۈن خوتەن ئېلىدە بىرەر كىشى نىياز ھېكىمبەگ ھەققىدە گەپ - سۆز قىلىشقا جۈرئەت قىلالمايتتى. خوتەننىڭ يەتتە ياشتىن - يەتمىش ياشقىچە بولغان بارلىق پۇقرالىرى ئۇنىڭ زۇلۇمىدىن قۇتۇلالمىدى. ئۇ ھەدەپ پۇقرالانىڭ يىلىكىنى شوراپ ئۆزىگە بايلىق توپلىدى. نەتىجىدە، پۇقرالارنىڭ

تۇرمۇشى تارىختىكى ئەڭ ئېغىر ئەھۋالغا دۇچ كەلدى. شۇڭا، ياشتا چوڭ كىشىلەر خۇپىيانە ھالدا ئەلىشىر ھېكىمبەگنىڭ تەرىپىنى قىلىشاتتى. ئىسمەتۇللا مىرزىنىڭ ئەل ئۈچۈن قىلغان ياخشىلىقىنى ئەسلىشىپ ئېغىزلىرىنى تاتلىق قىلىشاتتى.

ئىسمەتۇللا مۆجىزى نىياز ھېكىمبەگنىڭ بۇ ۋەھشىيانە سىياسەتلىرىگە ئىشەنمەيلا قالدى. ئىشەنمەسلىككە ھەم ھېچقانداق ئامالىمۇ يوق ئىدى. شۇڭا ئۇ بۇخىل يىرگىنچلىك رېئاللىقتا تەن بېرىپ، باش چۆكۈرۈپ شېئىر يېزىش، ئەل كېزىپ ساز چېلىپ، ناخشا ئوقۇش بىلەن مەشغۇل بولدى.

ئۇنىڭ ناخشىلىرى پۈتۈن خوتەن ئېلىنىڭ شەھەر - سەھرالىرىدا، يايلاقلىرىدا جاراڭلايتتى. ئۇ بارغانلا يەردە كىشىلەرنىڭ قىزغىن قارشى ئېلىشىغا مۇيەسسەر بولاتتى. ئۇنىڭ ناخشىلىرىنى نامرات دېھقانلارمۇ، باي سودىگەرلەرمۇ، ئامبال - بەگلەرمۇ، يېشى چوڭلارمۇ، يېشى كىچىكلەرمۇ ھەممىسى مۇزدەك توپىدا يۈكۈنۈپ ئولتۇرۇپ يۇم - يۇم ياش تۆكۈپ ئاڭلايتتى. ئۇمۇ ناخشىلىرى ئارقىلىق ئېغىر ئەمگەك، نامرات تۇرمۇشتىن كۆڭلى سۇنغان، ياشاشتىن ئۈمىدلىرىنى ئۈزگەن كىشىلەرگە بۇنداق زور تەسەللى، ئۈمىد بېغىشلىيالىغانلىقىدىن چەكسىز خۇشال ئىدى.

1870 - يىلى باھاردا، ئىسمەتۇللا مۆجىزى خوتەندىكى بىر بۆلەك ئۇستاز، دوست - بۇرادەرلىرىنىڭ تەكلىپى بىلەن «توزغاق كوچىسى» دىكى ئۆيىگە يەنە كۆچۈپ كىردى. بۇ چاغدا، قادىر قالۇن خېلىلا ياشىنىپ قالغان بولسىمۇ، لېكىن قالۇننى چېلىشتىن تېخى قالمىغانىدى. ئۇستازى



مۇبارەكشاھ، موللا بىلال ئىبنى يۇسۇپ خوتەننى قاتارلىقلار ئۇ ئالەمگە سەپەر قىلىپ بولغانىدى. ھازىر ئۇنىڭ شېئىرىيەت، تارىخ ھەققىدە ئەڭ قىزغىن ھەمسۆھبەتتە بولىدىغان دىلكەشى تارىخچى، ئۆلىما مەھمۇد ئەلەم[1] ئىدى. گەرچە ئۇ ئىسمەتۇللادىن خېلىلا كىچىك بولسىمۇ، تارىخ بىلىمى ھەقىقەتەن مول بولغاچقا، ئىسمەتۇللا ئۇنىڭغا ئالاھىدە ھۆرمەت نەزىرى بىلەن قارايتتى. تالاي كېچىلەرنى بۇ ئىككىسى خەلقىنىڭ، جۈملىدىن خوتەننىڭ قان، ياش بىلەن تولغان ئېچىنىشلىق تارىخى ھەققىدە سۆھبەت بىلەن تاڭ ئاتقۇزاتتى.

1871 - يىلى خوتەننىڭ مېۋە - چېۋىلەر مەي باغلاپ پىشىپ تۆكۈلۈپ تۇرىدىغان كۈز پەسلى ئىدى. ئىسمەتۇللا مۆجىزى شاگىرتلىرى غىياسىدىن، ساتتارلارنى ئەگەشتۈرۈپ لوپ - چىرا ئارىلىقىدىكى سايدا چىرا تەرەپكە قاراپ كېتىۋاتاتتى. ئۇ ئات ئۈستىدە تولىمۇ خىيالچان ئولتۇراتتى. بۇ چاغ، نىياز ھېكىمبەگنىڭ جىنايەت بىلەن تولغان ھاكىمىيىتى ئاغدۇرۇلۇپ ئەلىشىر ھېكىمبەگ يەنە ھاكىمىيەت بېشىغا چىققان مەزگىل بولغاچقا، ئۇنىڭ كۆڭلى خۇشال ئىدى. ئۇ ئەلىشىر ھېكىمبەگنىڭ ئىككىنچى قېتىم ئوردىغا قىلغان تەكلىپىنى ئۆتكەن ھەپتە چىرايلىقچە رەت قىلىپ: «ئەمدى ياشىنىپ قالدىم، ئالىيلىرى، بۇ يېشىمدا خىزمەتلىرىنى قىلىشقا قۇربىتىم يەتمەيدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۆتكەن يىللاردا يۈز بەرگەن زور قىرغىنچىلىق، ئىنسان

① 19 - ئەسىردە ياشىغان خوتەنلىك تارىخچى، 1897 - يىلى «خوتەن تەزكىرىسى» ناملىق كىتابىنى يېزىپ قالدۇرغان.

چىدىغۇسىز بالايىئاپەت يۈرەك - باغرىمنى خۇن قىلىۋەتتى. كۆڭلۈم ئارامىدا ئەمەس. ئاخىرقى ئۆمرۈمنى جاھان غوۋغالىرىدىن خالىي ھالدا مۇزىكىغا ئاتىسام، رۇخسەت قىلىسىلا…» دەپ ئۆزرە ئېيتىپ قايتىپ چىققانىدى.

— ئۇستاز، بۇ قېتىم كىمنىڭ يېنىغا بارىمىز؟ — سورىدى غىياسىدىن ئېتىنىڭ چۇلۋۇرىنى تارتىپ، ئىسمەتۇللا مۆجىزىگە يېقىنلاشتۇرۇپ.

— نەگە باراتتۇق، خەلقنىڭ يېنىغا - كەڭ ئاۋام پۇقرا ئارىسىغا. مۇزىكىنىڭ، مۇقامنىڭ ھەقىقىي پىر - ئۇستازلىرى خەلق. بىز مەڭگۈ ئۇلارنىڭ شاگىرتلىرى، — دېدى ئىسمەتۇللا مۆجىزى.

بۇ قۇياش ئارغامچا بويى ئۆرلىگەن چاغ بولۇپ، قۇياشنىڭ قىزغۇچ نۇرلىرى ئۇلارنىڭ يوللىرىغا، يۈزلىرىگە ئاجايىپ چىرايلىق شولا چېچىپ تۇراتتى. ئۇلار ئادەمزات كۆرۈنمەيدىغان بۇ كەڭرى ساي يولىدا گويا قۇياشقا قاراپ ئات چاپتۇرۇپ ماڭماقتا، قۇياشمۇ ئۇلارنى ئۆز يېنىغا چاقىرماقتا ئىدى.



# ئونىنچى باب خاتىمە

1885 - يىلى مۆجىزە يۈز بەرگەندەك بىر ئىش بولدى: ئاتمىش بەش ياشقا كىرىپ قالغان ئىسمەتۇللا مۆجىزى بىر ئوغۇل پەرزەنت كۆردى. بۇنىڭ بىلەن پۈتۈن ئائىلە خۇشاللىققا چۆمدى. بولۇپمۇ، ئىسمەتۇللا مۆجىزى شۇنداق خۇشال بولدىكى، رەھمەتلىك دادىسى نېمەتۇللاغا بولغان سېغىنىشى، چوڭقۇر ھۆرمىتى يۈزىسىدىن بۇ كەنجى ئوغلىنىڭ ئىسمىنى نېمەتۇللا قويدى.

1899 - يىلى ئىسمەتۇللا مۆجىزى كېسەل بىلەن ئالەمدىن ئۆتتى.① ئۇنىڭ مېيىتى خوتەن شەھىرىدىكى «سۇلتانىم» قەبرىستانلىقىغا قويۇلدى.② مەرھۇمنى ئۇنىڭ ئۇرۇق - تۇغقان، دوست - بۇرادەرلىرى، شاگىرتلىرى ھەمدە ئۇنىڭغا چوقۇنىدىغان ساناقسىز جامائەت زار - زار ياش تۆكۈپ ئۇ ئالەمگە ئۇزىتىپ قويدى. پۈتۈن خوتەن ئېلى بۇ مۇبارەك زات - مۇزىكا شەيداسىنىڭ ۋاپاتىدىن قاتتىق قايغۇغا چۆمدى. يۇرۇڭقاش، قاراقاش دەريالىرى ماتەم بىلەن تولىمۇ ئېغىر ئاقتى، ھەيۋەتلىك قارا قۇرۇم تېغى ئاپئاق شايىدىن

① ئىسمەتۇللا مۆجىزىنىڭ نەۋرىسى مەتتۇرسۇن نېمەتۇللا (خوتەن ناھىيىلىك تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپتە ئوقۇتقۇچى، 54 ياش) نىڭ: «دادام 14—15 ياشلىرىدا دادىسىز قاپتىكەن» دېگەن بايانى ئاساس قىلىندى.

② مەتكېرىم ئىسمايىلنىڭ «موللا ئىسمەتۇللا مۆجىزى ۋە ئۇنىڭ ئىجادىي پائالىيىتى» ناملىق ماقالىسىدىكى پاكىت ئاساس قىلىندى.

بەلباغ باغلىدى. ئۇنىڭ ئوغلى نىمەتۇللا خەتتاتلىق، شېئىرىيەت، تارىخ ئىلىمگە ھەۋىسى كۈچلۈك، ئىلغار پىكىرلىك كىشى بولغاچقا، شىڭ شىسەي تۈرمىسىگە تاشلىنىپ 1948 - يىلى ئاتمىش ئۈچ يېشىدا، تۈرمىدە ئالەمدىن ئۆتتى. نىمەتۇللانىڭ ئوغۇللىرىدىن (ئىسمەتۇللا مۆجىزىنىڭ نەۋرىلىرى) ئۇبۇلقاسىم نىمەتۇللا (يەتمىش ياش، خوتەن شەھەر شاللىق مەھەللىسىدە ئولتۇرىدۇ)، مەتتۇرسۇن نىمەتۇللا (ئەللىك تۆت ياش، خوتەن ناھىيىلىك تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ ئەدەبىيات ئوقۇتقۇچىسى) قاتارلىقلار ئىسمەتۇللا مۆجىزىنىڭ قەبرىسىنى يوقلاپ دۇئا تىلاۋەت قىلىپ تۇرماقتا.

ئىسمەتۇللا مۆجىزى، كېيىن ئوغلى نىمەتۇللا ئىشلەتكەن نەقىشلىك قەلەمدان، قاشتېشى سىياھدانلار ھازىر خوتەن ۋىلايەتلىك مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى باشقۇرۇش ئورنىدا ساقلانماقتا①.

2000 - يىلى نويابىر، خوتەن

① مەتكېرىم ئىسمايىلنىڭ يوقىرىقى ماقالىسى مەنبە قىلىندى.



مەسئۇل مۇھەررىرى: پاتىگۈل مجىت
مەسئۇل كوررېكتورى: رەنا ئابلىمىت
مۇقاۋىسىنى لايىھىلىگۈچى: مۇرادىل ئابىد

تارىخىي شەخسلەر ھەققىدە ھېكايىلەر ـ 3
(4)
مۇقامچىلار بوستانى ـــ مۆجىزى

ئاپتورى: مەمەت بارات تەشنائى
*
شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى نەشر قىلدى
(ئۈرۈمچى شەھىرى جەنۇبىي ئازادلىق يولى №348)
شىنجاڭ شىنخۇا كىتابخانىسىدىن تارقىتىلدى
شىنجاڭ «ئىشچىلار ۋاقىت گېزىتى» باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى
فورماتى: 787×1029 مم، 1/32 باسما تاۋىقى: 6.75
2003 ـ يىل 5 ـ ئاي 1 ـ نەشرى
2003 ـ يىل 5 ـ ئاي 1 ـ بېسىلىشى
تىرازى: 1 — 5000
ISBN 7—228—08012—2
ئومۇمىي باھاسى (1—5) : 30.00 يۈەن
(يەككە باھاسى: 6.00 يۈەن)